ئەكبەر قادىر

# تەڭرىتاغ مېھرىدە يالقۇنجىغان قەلب



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: دولقۇن قادىر



ISBN 978-7-105-10465-9
9 787105 104659 >
定价：16.00元

ئەكبەر قادىر

# تەڭرىتاغ مېھرىدە يالقۇنجىغان قەلب

—تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە

江苏工业学院图书馆
藏书章

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

www.uyghurkitap.com

责任编辑 ：海力古丽·衣不拉音
责任校对 ：多鲁洪·哈地尔
技术编辑 ：洁米莱姆·纳则麦提

图书在版编目(CIP)数据

天山情怀：维吾尔文/艾克帕尔·哈迪尔著；一北京：民族出版社，2009.11
ISBN 978-7-105-10465-9

Ⅰ.天… Ⅱ.①艾… III.诗歌 一文学评论一中国一当代一维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I207.22

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 217932 号

出版发行： 民族出版社 htt://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2009 年 12 月第 1 版 2009 年 12 月第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 32 开
印　　张：9
定　　价：16.00 元

ISBN 978-7-105-10465-9/ I.2095(维 297)

مەسئۇل مۇھەررىر : خەيرىگۈل ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتور: دولقۇن قادىر
تېخنىك تەھرىر : جەمىلەم نازىمەت

ئەكبەر قادىر

# تەڭرىتاغ مېھرىدە يالقۇنجىغان قەلب

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 - 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2009-يىل 12-ئايدا 1- قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2009-يىل 12-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850 × 1168م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 9
باھاسى : 16.00يۈەن

ISBN 978-7-105-10465-9/I.2095(维297)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلۈم

1. تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ··· (1)
2. تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرىدىكى خەلقچىللىق ۋە گۈزەللىك
································································ (36)
3. تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرىدىكى دەۋر روھى ········· (58)
4. خەلق سەنئىتىگە بېغىشلانغان قەلب ······················ (83)

## ئىككىنچى بۆلۈم

1. ۋەتەن سۆيگۈسى—ئۇلۇغ سۆيگۈ
—«ۋەتەن تويىغا» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ············ (92)
2. سېنى دەپ ياشاشتىن ئارتۇق لەززەت يوق
—«خەلقىم» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ················· (98)
3. يۈكسىلىش ناخشىسى
—«ئۆزگىرىش» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا··············· (103)
4. ئانا يۇرت ئۈمىدى
—«كۆيلەيمەن سېنى شىنجاڭ» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا
································································ (110)

**5. دېھقان سۆيگۈسى**
— «دېھقان ئۈچۈن» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ……… (117)
**6. يۇرت مەنزىرىسى ۋە يۇرت مېھرى**
— «كۈئىنلۈن قوشىقى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا … (121)
**7. ئىشەنچ ناخشىسى**
— «تېخىمۇ گۈزەل ئەتىمىز» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا… (126)
**8. ئىتتىپاقلىق جان، ئىتتىپاقلىق دەرمان**
— «ئىتتىپاقلىق ناخشىسى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا… (134)
**9. شائىر ئىپتىخارى**
— «تەڭرىتاغ سۆيگۈسى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا … (138)
**10. دېھقانغا بېغىشلانغان قەلب ئىزھارى**
— «دېھقان دوستۇمغا» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا …… (145)
**11. ئانا يەر قەسىدىسى**
— «تارىمغا بېغىشلانغان ناخشا» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا
……………………………………………… (151)
**12. مۇقام ئىپتىخارى**
— «زەرەپشان بويىدا شادلىق» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا (160)
**13. ئىلىم-پەنگە ئوقۇلغان مەدھىيە**
— «بىلىم نۇرى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ………… (167)
**14. بىلىم—ھايات چىرىغى**
— «ياشلار ئوقۇ ياشلىقىڭدا» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا… (174)
**15. ھەقىقەت، ئۇ خەلق ئالدىدىكى كەمتەرلىكتە**
— «ھەقىقەتنى مىزان قىل» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا… (178)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

16. پاك قەلب ناخشىسى
—«تۇت ئېسىڭدە چىلىڭ» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ... (183)
17. ياخشىلىقتىن يورۇقتۇر ئالەم
—«ياخشىلىق» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ............... (188)
18. باھار كۈيى—ئۈمدكە تولغان كۈي
—«باھار كەلدى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ............ (194)
19. مەرىپەت مەشئىلىگە ئوقۇلغان مەدھىيە
—«ئوقۇتقۇچى دوستۇمغا» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا...... (200)
20. ئەجدادلار خىسلىتىگە ئوقۇلغان مەدھىيە
—«قىزىلگۈل» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ............... (208)
21. شېئىري پىكىر ۋە بەدىئىي ماھارەت
—«باھار ئىلھامى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ......... (213)
22. ۋاپادارلىق ناخشىسى
—«مۇھەببەت-سۆيگۈگە تولسۇن كەڭ ئالەم» ناملىق
شېئىرى توغرىسىدا .................................. (221)
23. كۆكلەم سۈرىتى—ئۆزگىرىش سۈرىتى
—«كۆكلەم ئاۋاز» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ......... (226)
24. گۈزەل غايە، شىجائەتتىن ھاسىل بولىدۇ
—«غايە ۋە شىجائەت» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ...... (232)
25. يۈكسەك غايە، ئېستېتىك لەززەت
—«قەدىرلىك» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ............... (238)
26. گۈزەل مەنزىرە، شېئىري ھېسسىيات
—«كۆلگىن، قەشقەر» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ...... (243)

27. يارقىن تەسۋىر، چوڭقۇر تىلەك
—«ۋەتىنىنىڭ كەلگۈسى سىلەر» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا
(249) ......................................................
28. روشەن سىلىشتۇرما، ئەھمىيەتلىك يەكۈن
—«ئۆتمۈش خاتىرىسى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ... (253)
29. ئېستېتىك لەززەت، مەنىۋى ئېھتىخارلىق
—«قاش دەرياسى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ......... (259)
30. ئالىيجاناب روھقا ئۇقۇلغان مەدھىيە
—«مۇئەللىم، سىز نامسىز قەھرىمان» ناملىق
شېئىرى توغرىسىدا .............................. (265)
31. تەڭرىتاغ مۇھەببىتى
—«يۇرت مۇھەببىتى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ...... (271)
32. مۇقام مۇھەببىتى
—«دۇنياغا يۇزلەنسۇن مۇقام» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا
(278) ......................................................

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىرىنچى بۆلۈم

## 1. تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ

ۋەتەنپەرۋەرلىك — ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنىڭ بىرى بولۇپ، بىز دۇنيا ئەدەبىياتى شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نەزەر سالساق، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ۋە ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن بىرخىل ئىلغار ئىدىيە سىستېمىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۇزاق تارىخى بىزگە شۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ — ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن ئېسىل ئەنئەنە شۇنداقلا جۇشقۇن ھەم ياڭراق مېلودىيە! شائىر تۆمۈر داۋامەت ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئەنە شۇ يۈكسەك مېلودىيىسىگە تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋاز قوشۇپ، بۇ مېلودىيىنى تېخىمۇ جۇشقۇنلۇققا، ھاياتىي كۈچكە، جەڭگىۋارلىققا ئىگە قىلىش ئۈچۈن قەلەم يۈرگۈزۈپ، بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ يولىدا توختىماستىن چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان قەلەم ئىگىسى ۋە قەلب ئىگىسى. ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلىرى، ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى شۇنداقلا ئاساسىي گەۋدىسى. شائىرنىڭ

جۇشقۇن، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئىپادىلەنگەن شېئىرلىرى خەلقنىڭ قىزغىن ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغان ھالدا، دەۋرنىڭ كۈچلۈك سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ ۋە ئۇنىڭدىن غەلىبىلىك ئۆتۈپلا قالماستىن، بەلكى مىسرالار ئارا يوشۇرۇنغان ئىلغار مەنىلىرى بارغانسېرى جۇلالىنىپ، خېلى يۇقىرى ئىدىيىۋىلىككە ۋە بەدىئىيلىككە ئىگە بولغان ئېسىل شېئىرلار ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ پۈتكۈل شېئىرلىرىنى مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە ئوخشاتساق، شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئۇنىڭ ئۆركەشلىك دولقۇنلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ پۈتكۈل شېئىرلىرىنى بىر باغۇ گۈلىستانغا ئوخشاتساق، شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئاشۇ باغدا پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ. ئوقۇرمەنلەر بۇ شېئىرلاردىن ۋەتەنگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەتنى، يارقىن ھېسسىياتنى سېزەلەيدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ھەربىر مىسرالىرىدىن «ۋەتەن» دەپ سوقۇۋاتقان ئوتلۇق يۈرەكنىڭ جاراڭلىق خىتابلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۇلىرىدەك سۈزۈك ۋە ساپ بولۇپ، ئۇ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدا، ساختا ۋە ياسالما ھېسسىياتتىن خالىي ھالدا روياپقا چىقىرىپ، مىڭلىغان ئوقۇرمەننىڭ قەلبىنى كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن سۇغۇرۇپ كەلمەكتە.

شائىر ئۆزىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەننى ئۇلۇغلاش، ۋەتەنگە ئەقىدە باغلاش، ۋەتەننىڭ گۈزەل ئەتىسى، پارلاق ئىستىقبالى ئۈچۈن توختىماستىن كۈرەش قىلىشنى ھەربىر كىشىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى

دەپ بىلىپ، ئۇلارنى ۋەتەن ئۈچۈن مىننەتسىز ئەجىر سىڭدۈرۈشكە، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. بۇ خىل ئىدىيىلەرنى بىز شائىرنىڭ:

ۋەتەن گۈل بىرلە گۈلزاردۇر،
دەرەخ ئورمان بىلەن بوستان.
كۆكەرتەيلى ئانا يەرنى،
بولۇپ كەتسۇن يېشىل ھەريان.
(—«كۆكەرتەيلى ۋەتەننى» دىن)

دېگەن مىسرالىرىدىن تولۇق ھېس قىلالايمىز. شائىر شېئىرنىڭ بۇ مىسرالىرىدا ۋەتەننى سۆيگۈچى، ۋەتەننىڭ ئوتىدا كۆيگۈچى بولغان كىشى چوقۇم ۋەتەن ئۈچۈن ئەجىر-مېھنەت سىڭدۈرۈپ، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تۇپراقنى گۈللەرگە، يېشىللىققا پۈركىشى لازىم، دېگەن كۆزقاراشنى جانلىق شېئىرىي تىل ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

شائىر بۇ شېئىرنىڭ ئاخىرىدا يەنە:

ۋەتەننى باغ-ۋاران ئەيلەپ،
ياسايلى قوينىدا جەننەت.
كۆرۈپ بوستاننى ئەۋلادلار،
دېگەي بىزلەرگە مىڭ رەھمەت.

دەپ يېزىپ، ھەربىر دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ۋەتەننىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش ئىشلىرىغا يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن قاراپ، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ياخشى ماكان، ياخشى زامان بەرپا قىلىپ بېرىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ۋەتەننىڭ يېپيېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلىپ بېرىشكە، ئۇلار ئۈچۈن بەختىيار زامان

يارىتىشقا چاقىرىق قىلغان. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقى مىسرالارغا شائىرنىڭ ۋەتەننىڭ گۈللىنىش، روناق تېپىشىغا، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ كېلەچىكىگە قارىتا مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيىسىدە بولۇش ئىدىيىلىرى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ۋەتەننىڭ كېلەچىكى بىلەن كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ تەقدىرى ئوخشاش بىر شېئىرىي كەڭلىك ئۈستىدە چاقناپ تۇرىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ شائىر ئىجادىيىتىنىڭ يارقىن نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھەربىر شېئىرىنىڭ پۈتۈن بىر قۇرۇلمىسىدىن بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنىڭ جانلىق بىر كارتىنىسىنى كۆرەلەيمىز. ۋەتەن— مۇقەددەس زېمىن. ۋەتەن— سېھىرلىك تۇپراق. ئۇنىڭ باغرىغا ئەجدادلارنىڭ ھېكمىتى ۋە ھەممىتى سىڭگەن. مانا مۇشۇ سىرلىق زېمىننىڭ قوينىدا ئەللەيلىنىپ چوڭ بولغان ۋە ئۇنىڭغا ئۆز سۆيگۈ-مۇھەببىتىنى بەرگەن شائىرلارلا ۋەتەن توغرىسىدا يارقىن مىسرالارنى يېزىپ، ئۇنى ۋەتەن سۆيگۈسىگە تەشنا قەلبلەرگە تەقدىم ئېتەلەيدۇ، شۇنداقلا ئۆز ھاياتىنى ئىجادىيەت گۈللىرى بىلەن بېزىيەلەيدۇ. شائىر تۆمۈر داۋامەت شېئىرىيەتنىڭ بۇ ھەقىقىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ۋە ئۆز ئىجادىيىتىدە يۈكسەك دەرىجىدە ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا بىر-بىرىدىن ئېسىل، بىر-بىرىدىن يېڭى مەزمۇندا توختىماستىن شېئىر يېزىپ كەلدى. ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا يېڭى بىر پارچە شېئىر يېزىشقا كىرىشكەندە، شېئىرنى ھېسسىيات چىنلىقى، تەسەۋۋۇر بايلىقى، مەنە قاتلىمى جەھەتلەردىن ئالدىنقى قېتىملىق ۋەتەن تېمىسىدا يېزىلغان شېئىرلىرىدىن زور دەرىجىدە ھالقىشقا سەمەرىلىك ئەمگەك سىڭدۈرۈپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاتا كەبى ۋە ئانا كەبى،
مېھرىباندۇر بىزگە پارتىيە.
كۈن نۇرىنى بېرىپ ئۇ بىزگە،
بەخت يولىنى بەخش ئەتكەن بىزگە،
شۇڭا دىلدا پۈتمەس مەدھىيە.
(«ۋەتەن تويىغا» دىن)

شائىر يۇقىرىقى مىسرالاردا ھەر مىللەت جۇڭخۇا خەلقىنى يېڭى بىر تۇرمۇشقا، يېڭى بىر دەۋرگە باشلاپ كىرگەن پارتىيىنى مېھرىبان ئاتا-ئانىغا ئوخشاتقان ھەمدە قاراڭغۇ-زۇلمەت يىللاردىن يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىپ بەخت يولىنى كۆرسەتكەن ۋە ئاتا قىلغان پارتىيىگە بولغان كۈچلۈك مەدھىيىسى، چىن ئېتىقادى ۋە يۈكسەك ئىنشەنچىسى ئارقىلىق، ۋەتەننىڭ يېڭى قىياپىتىگە سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن نەزەر سېلىپ، ۋەتەندىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئىپادىلەنگەن بۇ شېئىرى، بىز ئالدىدا تەھلىل قىلىپ ئۆتكەن «كۆكەرتەيلى ۋەتەننى» دېگەن شېئىرىغا سېلىشتۇرغاندا، مەنە سىغىمچانلىقى ۋە ئېستېتىك قاتلىمى جەھەتتىن زور بۇرۇلۇش ۋە ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلغان بولۇپ، شائىرنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە، بولۇپمۇ ۋەتەن تېمىسىدىكى شېئىر ئىجادىيىتىدە ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇش يولىدا كۈچلۈك ئىزدەنگەنلىكىنىڭ ۋە ئەمەلىي ئۇنۇم، نەتىجە ياراتقانلىقىنىڭ كونكرېت بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ شائىر شېئىرلىرىنىڭ جېنى بولۇپ، ھەربىر شېئىرى كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان. شائىر ۋەتەن تېمىسىدىكى ھەربىر شېئىرىنىڭ ھەربىر مىسرالىرىدا ۋەتەن ئۈچۈن

ئۇلۇغ ۋە يۈكسەك ئابىدە تىكلىگەن. شائىر ۋەتەن تېمىسىدا شېئىر يازغاندا ئالدىنقىلارنىڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى يېڭى دەۋردە يېڭىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلىشقا زور كۈچ چىقارغان. بىز بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى «كۈيلەيمەن سېنى شىنجاڭ» ناملىق شېئىردىن ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز:

ئەلمىساقتىن—
تا بۈگۈنگىچە،
تالاي شائىر تەۋرەتكەن قەلەم.
گۈزەل تاغۇدەريالىرىڭغا،
ھاياجاندا باسقاندا قەدەم.
مېھرى جۇش ئۇرۇپ، نەزمە توقۇپ،
سېنى كۈيلەپ كېلىشكەن ھەردەم.

*　　　*　　　*

تالاي رەسسام پەلكۈچ ئويىنىتىپ،
سىزغان، تىزدەك رەڭدار ھۆسنىڭنى.
تالاي گېئولوگ كېزىپ قوينۇڭنى،
شان-شەۋكىتىڭدىن تاپقان ئۆچمەس ئىز.
پىداكار ئەزىمەتلەر ساڭا جان تىكىپ،
يېتىپ مۇرادىغا كۆلگەن ئارمانسىز.
لەرزان ئۈنىنى ساڭا بېغىشلاپ،
تالاي ناخشىچىلار كۈيلىگەن ياڭراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

* * *

ئەي ئالتۇن دىيار،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىللىق ماكانى!
ماگلايدىن تۆكۈلگەن كۈمۈش تەرلەردىن،
ياشنىماقتا ئەلنىڭ باھارى.
ئىناقلىق گۈللىرى ئېچىلدى تەكشى،
شۇنچىلىك رەڭدار،
گۈلزارىمىزنىڭ يوقتۇر پايانى.
خەلقىمىز تىكلىدى يۈكسەك ئىرادە،
سېنى ئېچىشقا.
ئەتىمىز ئۈچۈن
سېخىي قوينۇڭدىن،
تۇرلۈك-تۈمەن بايلىق ئېلىشقا.
دەۋرىمىزنىڭ پەرھاتلىرى
كۆتمەكتە بۇيرۇق،
جەڭگە مېڭىشقا.
ئېھ، شىنجاڭ،
سېنىڭ ئەتەڭ،
رەڭدار رەسىمدەك كۆرۈنەر ماڭا.
سېنى كۈيلەيمەن،
ئەڭ ياڭراق ناخشامنى بېغىشلاپ ساڭا.

شائىرنىڭ يۇقىرىقى مىسرالىرىدىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شائىر بۇ شېئىرىدا مول تەسەۋۋۇر، ئەركىن ھېسسىيات ئارقىلىق گۈزەل دىيار شىنجاڭنى ئەلمىساقتىن تارتىپ

تالاي شائىرلارنىڭ قەلەم تەۋرىتىپ مەدھىيىلەپ، كۈيلەپ كەلگەنلىكىنى، تالاي رەسساملارنىڭ، تالاي ناخشىچىلارنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۈرلۈك ساھە كىشىلىرىنىڭ ئۆز خاسلىقى-ئالاھىدىلىكى بىلەن كۈيلەپ-مەدھىيىلەپ، مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى لىرىك شېئىرىي تىل ئارقىلىق جانلىق ئىپادىلىسە، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بۇ گۈزەل دىيارنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىق ئائىلىسىگە، شاد-خۇراملىق باغچىسىغا ئايلانغانلىقىنى تەسۋىرلەش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات سىيماسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرىنى تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ ئەتىسىگە — كېلەچىكىگە يۈكسەك ئۈمىد ۋە ئىشەنچ باغلاپ، ۋەتىنىنىڭ كۈنسېرى روناق تېپىشىغا، يۈكسىلىشىگە مەدھىيە ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ گۈزەل دىيارغا بولغان ئوتلۇق سۆيگۈسى ئارقىلىق يېڭىچە جۇشقۇنلۇققا، ھاياتىي كۈچكە تولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلغان. بۇ مىسرالار ھالقىسىمان شېئىرىي مەنزىرىلەر بىلەن يۇقىرى سەۋىيىدە بېزەلگەن بولۇپ، ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسى ئوتتۇرىسىدىكى غايەت زور ماكان ۋە زامان بوشلۇقىدا شائىرنىڭ ۋەتەنگە بولغان ئىخلاسىدىن پۈتۈلگەن شېئىرىي ئۈنچىلەر يالتىراپ تۇرىدۇ ھەمدە ۋەتەنگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرىدۇ.

شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلىرى، يەنى مەزمۇنىنىڭ مول، قۇرۇلمىسىنىڭ رەڭدار، ئىجادىي قىممىتى ۋە بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن شېئىرىيەت ئارىلىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئۆكتەبىر كۈنى،
كوچا-كوچىدا،
ئاقىدۇ شادلىق، ئاقىدۇ غۇرۇر.

ئېھ، بېيجىڭ،
تۇرار سېنىڭدە،
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمىز.
شۇڭا سەن،
ئەقلىمىز — ئىدراك ئېڭىمىز.

ئوقۇرمەن بۇ مىسرالارنى ئوقۇغاندا كۆز ئالدىدا يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە ھالەتتىن قۇتۇلغان يېڭى جۇڭگو خەلقىنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق ۋە شادلىق جىلۋىسى، دۆلەت قۇرۇلغان كۈندىكى غۇرۇر ۋە ئىپتىخارىنى، ئۇلۇغ ۋەتىنىنىڭ دۇنياغا كەلگەن قۇتلۇق خاتىرە كۈنىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن پايتەخت كوچىلىرىغا پاتماي مىغىلداپ كېتىۋاتقان كۆرەشچان، قەيسەر، باتۇر، ئەقىل-پاراسەتلىك خەلقىنىڭ نۇرانە چىرايىنى كۆرگەندەك بولىدۇ. جۇڭگو خەلقىنى بۇگۈنكىدەك خۇشال-خۇرام، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش يولىدا يول باشلاپ ماڭغان كومپارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ يادرولۇق كۈچىنى تونۇپ يەتكەندەك تەسىراتقا كېلىدۇ. شائىر بۇ مىسرالاردا خۇددى كىنو فىلىملىرىدىكى كۆرۈنۈشلەردەك تەسىرلىك، ھاياجانلىق شېئىرىي مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، تاللاپ پىششىقلانغان شېئىرىي تىلدىكى بېيجىڭ تەسۋىرى ئارقىلىق، قايناق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى يەنە بىر نامايان قىلغان. دەرھەقىقەت، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۆزىنىڭ مەردانىلىكى، باتۇرلۇقى، ئەقىل-پاراسەتلىكلىكى بىلەن دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىپ يېڭى جۇڭگونى قۇردى.

ۋەتىنىمىزنى قوغداش يولىدا قۇربانلارنى بەردى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئار-نومۇسىنى ئاقلىدى. تارىخ بەتلىرىنى ۋەتەنگە، خەلققە بولغان ھاقارەتلىك ئەسلىمىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىپتىخارلىق، شانلىق ئىزلار بىلەن بېزىدى. شائىر خەلقىنىڭ ئۆزىنى ۋەتەنگە بېغىشلاشتىكى بۇ خىل روھىنى ھەمدە بوگۇنكى دەۋرىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ تارىختىن ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىنى، «ئۆكتەبىردىكى بېيجىڭ»ناملىق بۇ شېئىرىدا ناھايىتى جانلىق، مەركەزلىك ئىپادىلىگەن.

شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، قۇرۇلمىسى مۇستەھكەم ۋە جانلىق، شېئىريي پۇراق قويۇق، شېئىريي مەنزىرە كۆركەم، تىل تاللانغان بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. شائىر ۋەتەن تېمىسىدا شېئىر يازغاندا تېمىنىڭ خىلمۇخىللىقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن بولۇپ، بەزىدە ۋەتەنىنىڭ گۈزەل مەنزىرە، تاغ-دەريالىرىنى، تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرىنى يازسا، بەزىدە ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان سۆيگۈ-مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا شېئىر يازغاندا، مەيلى قايسى خىل ئۇسۇلنى قوللانسۇن، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى، سۆيگۈسىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئەڭ زور دەرىجىدە نامايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن بارلىق زېھنىي كۈچىنى ئايىماي سەرپ قىلغان. شائىر تۈرلۈك ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلىرىنىڭ جازىبىدارلىقىنى، قايىل قىلارلىقىنى، شۇنداقلا شېئىر ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلەشتىكى تېماتىكىلىق كەڭلىكىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە نامايان قىلغان. بىز بۇنى شائىرنىڭ: «كۆلگىن قەشقەر»، «بېيدەيخې تەسىراتلىرى»، «ئانام سەن ۋەتەن»، «ۋەتەن ئۈمىدى»، «ۋەتەن

مۇقەددەس» ، «ۋىسال قەسىدىسى» ، «ئانا دەريا — خۇاڭخې دەرياسى» ، «سەددىچىن سېپىلىگە چىققاندا» ، «مۇبارەك ۋەتىنىم شانلىق تويۇڭغا» قاتارلىق شېئىرلىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

ۋەتەنپەرۋەرلىك، شائىرلار شېئىرىيەت ئاسمىنىدا لەپىلدەتكەن تۇغقا، شېئىرىيەت دالاسىدا ئەسىرلەر بويى پەرۋىش قىلىپ يېتىشتۈرگەن مەزمۇت قارىغايغا ئوخشايدۇ. شائىر تۆمۈر داۋامەت ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلىرىدا بۇ تۇغنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، دادىل، مەزمۇت قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىگەن كۈچلۈك رېئالىستىك ۋەتەنپەرۋەر شائىر. ئۇ ۋەتەن تېمىسىدا كۆپلەپ شېئىر يېزىپ، ھەربىر پارچە شېئىرىدا ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى قىيا تاغلاردىكى قارىغايلارغا ئوخشاش، ۋەتەن تۇپرىقىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە يىلتىز تارتقۇزىدۇ. ئۇرۇقلىرىنى ئەتراپقا چاچتى. سۆيگۈلىرىنى يىراق-يىراقلارغىچە تاراتتى. بۇ خىل يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك، شائىرنىڭ: «بېيدەيخې تەسىراتلىرى» ناملىق شېئىرىدا تولىمۇ جانلىق، تولىمۇ يارقىن ئەكس ئەتتى.

بېيدەيخې ياشنىغان كۆك قارىغايلىرىڭ،
قەلئەدەك مۇستەھكەم، سەلتەنەتلىك ھەم.
تىك تۇرار دولقۇنلۇق دېڭىز يۈزىدە،
تىك تۇرار جىلغىلىك ساھىلدا ھەردەم.

* * *

ئاھ، دېڭىز! ئادەملەر بىلەن سەن،
مېھرىبان دوست ھەمراھ بولۇپسەن.

مەن كەلسەم تەڭرىتاغ باغرىدىن،
ئاھ، دېڭىز ئەيلىدىڭ مەھلىيا.
بېيدەيخې دولقۇنۇڭ ھۆسنىنى،
كۆرگەنتىم چۈشۈمدە مەن گويا...

*　　*　　*

تەكلىماكان قۇمىدىن ئۇچۇملىغاندەك،
مەن ئالدىم ناتونۇش،
بېيدەيخې ساھىلىنىڭ قۇمىدىن،
ئۇچۇملاپ قولۇمغا
تەڭرىتاغ باغرىدىكىدەك سەممىيەتتە،
سۆيدۈم ئۇنى ئاۋايلاپ.

«بېيدەيخې تەسىراتلىرى» ناملىق چاتما شېئىرنىڭ بۇ چەكلىك مىسرالىرى شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ يارقىن سىيماسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. شائىر بۇ چاتما شېئىرىدا تاغ-دەريا مەنزىرە تەسۋىرى ئارقىلىق ۋەتەن سۆيگۈسىنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن. بۇ شېئىر گەرچە چاتما شېئىر بولسىمۇ، ئەمما كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن شەكىل ۋە مەزمۇنىنىڭ بىر پۈتۈنلۈك ھالىتىدە روياپقا چىققان. شائىر بېيدەيخېدىكى قارىغايلارنى كۆرگەندە، تەڭرىتاغدىكى قارىغايلار بىلەن كۈچلۈك سېلىشتۇرۇپ، ھەر ئىككىسىگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەيدۇ. بېيدەيخېدىكى دېڭىز ساھىلىنى كۆرگەندە، خۇددى ئۇنى چۈشىدە كۆرگەندەك بىر خىل ئىللىق تەسىراتقا كېلىدۇ ھەمدە قۇملىرىنى تەكلىماكان باغرىدىكى قۇملارنى ئۇچۇملىغاندەك

ساھىلىنىڭ قۇمىدىن ئوچۇملاپ قولىغا ئالىدۇ. شائىر شېئىرىدا مانا مۇشۇنداق جانلىق، رەڭدار تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر سۆيگۈسىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، بۇ چاتما شېئىردىكى لىرىك كەيپىيات، يالقۇنلۇق ھېسسىيات بىزگە ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ: «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ناملىق شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالارنى ئېسىمىزگە سالىدۇ.

نەگە بارسام ئۆز ئانام قويندا مەن ئۆگەي ئەمەس،
مەيلى خوتەن، مەيلى ئەنشەن، مەيلى تەيخاڭشەندە مەن.

شائىر تۆمۈر داۋامەت بېيدەيخېدا مانا مۇشۇنداق تۇيغۇغا چۆمۈلگەن بولۇپ، شېئىرنىڭ ئاخىرىدا:

ئالدىمدا مۇز تاغدەك كۆك دېڭىز چاقنار،
ئالدىمدا شۇڭقاردەك ئاق چايكا ئوينار.
بۇ جاي يۇرتۇمدەك رەڭدار،
بۇ جاي يۇرتۇمدەك كۆلەر-نۇرلىنار...
سۆيدۇم مەن ئۇنى،
تەڭرىتاغ باغرىدىكىدەك سەممىيەتتە.
شۇنچە يېنىك، ئاۋايلاپ،
سۆيدۇم،
ئۇزاق تەلپۈنگەن بۇ يىراق جاينى،
مۇھەببەتلىك دېڭىز چېگراسىنى،
سۆيدۇم يۈرىكىم ئويناپ.

دەپ يېزىپ، بېيدەيخېنى ئۆز يۇرتىغا ئوخشاش سۆيىدىغانلىقىنى

ئىپادىلەش ئارقىلىق چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك سۆيگۈسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بىز يۇقىرىدا تەھلىل قىلىپ ئۆتكەن يۇرت سۆيگۈسى ئارقىلىق ۋەتەنگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن شېئىرلار شائىرنىڭ ۋەتـەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ، شائىر يۇرت سۆيگۈسىنى شېئىرلىرىدا ناھايىتى جانلىق شېئىرىي تىل، ئوبرازلىق شېئىرىي تەسەۋۋۇر، قويۇق شېئىرىي مۇھىت ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك پەللىسىگە كۆتۈرگەن. شائىر ئۆزىنىڭ «كۆلگىن قەشقەر» ناملىق شېئىرىنى:

ئەسسالام، بەختى كۆلگەن گۈزەل قەشقەر،
ئەسسالام، پەسلى كۆكلەم، گۈللىگەن يەر.

دەپ باشلاپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئانا ماكانىغا ھەر دائىم قەدەم باسقىنىدا بـۇ يەرنىڭ گۈزەل كەلگۈسى، خەلقىنىڭ باي-باياشاتلىقى ئۈچۈن تۇرلۇك خىيال-تەسەۋۋۇرلارنى قىلىدىغانلىقىنى، ئىلگىرى بالا-قازا يىـلـلـىـرىـدا خـەلقىنىڭ ئەجىر-مېھنىتىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بـۇزغـۇنـچىـلـىـققا ئۇچراپ كېتىلگەنلىكىنى، بالا-قازا يىللىرى ئاخىرلىشىپ يېڭى دەۋر يېتىپ كەلگەندە بۇ گۈزەل يۇرت قوينىنىڭ تـېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ جەلپكار، قايناق تۇرمۇش رېئاللىقىغا چۆمگەنلىكىنى يارقىن شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق ئوبرازلىق بايان قىلسا، شېئىرنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بۇ گۈزەل يۇرتنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ:

ئىلىم-پەن بابىدا سەن چولپان ئىدىڭ،
بىھېساب يۇلتۇز سېنى چۆرىدەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مىسالى بولسا ۋەتەن ئەجداد شاھى،
ھەممەيلەن سېنى ئۇنىڭ تاجى دەيتتى.
غۇرۇرلۇك — مەھمۇد، يۈسۈپ يېنىپ كۆكتە،
باغرىڭغا ئۆچمەس ئالتۇن نۇرىن تۆككەن.
نىزارى سۆزۈش ئۇچۇن ئۈنچە-گۆھەر،
پاراسەت دېڭىزىغا چوڭقۇر چۆككەن...

دېگەندەك تارىخىي پاكىتلارغا تويۇنغان شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق تارىخىي چىنلىق، ئوبيېكتىپ رېئاللىق ۋە لىرىك شېئىرىي ھېسسىياتنى يۈكسەك دەرىجىدە بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئانا يۇرت قەشقەرگە بولغان ئوتلۇق سۆيگۈسى ئارقىلىق ۋەتەنگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن.

شائىر بۇ شېئىرىنىڭ ئاخىرىدا يەنە:

كۆل قەشقەر، زامان بەرگەن پاراغەتنى،
بۇ كۆلكەڭ تائەبەتكە ئۈزۈلمىسۇن.
مەڭزىڭدە ياقۇت جامدەك زىناقلىرىڭ،
ساقلانسۇن، ئىككىنچىلەپ بۇزۇلمىسۇن.
پارتىيەم باي بول دەيدۇ سېنى قەشقەر،
قاناتلان، ئۇچقىن كۆككە، قېنى قەشقەر.

دەپ يېڭى دەۋر، يېڭى زاماندا ئانا ماكان قەشقەرنىڭ تېخىمۇ روناق تېپىپ گۈللىنىشى، مەڭگۈ تىنچ-خاتىرجەم بولۇشىنى، پارتىيىمىزنىڭ ئادىل، ھەققانىي سىياسىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك تەرەققىيات مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشىنى چىن قەلبىدىن ئارمان قىلىپ، شېئىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى، ئىدىيىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە

يارقىنلاشتۇرىدۇ.

ۋەتەن ھەربىر ئىنساننىڭ ئانىسى، ئانا بولغۇچى پەرزەنتىنى ئۆز قۇچىقىدا ئەللەيلىسە، ۋەتەن ھەربىر پۇقرانى ئۆزىنىڭ كەڭرى قوينىدا بېقىپ ئۆستۈرىدۇ. ياراملىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلغان كىشى، دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە راھەت-پاراغەتتە تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا پەرىشانلىق، دىلى سۇلغۇنلۇق ئىچىدە ئۆتىدۇ. مەيلى بىز ئۇزاق تارىخقا نەزەر سالايلى ياكى بولمىسا يېقىنقى چاغلارغا دىققەت قىلايلى، چەت ئەللەردە سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىپ باي بولغانلارنىڭ، ئىلىم تەھسىل قىلىپ زور ئابرۇيغا، يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە بولغانلارنىڭ ھەممىسى گەرچە باشقا ئەللەردە شۇنچە باياشات تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، لېكىن يەنىلا ۋەتەن مۇھەببىتى، ۋەتەنگە بولغان تەشنالىقى تۈپەيلى ياخشى شارائىت، ياخشى تەمىنات، غايەت زور تەرەققىيات پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆپ ئاڭلايمىز ۋە ئۇچرىتىمىز. شائىر تۆمۈر داۋامەت بۇ نۇقتىنى «ئانام سەن ۋەتەن» ناملىق شېئىرىدا ناھايىتى جانلىق ۋە ئىخچام ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرگەن.

شائىر بۇ شېئىرىدا 30 يىل ۋەتەندىن ئايرىلىپ، ئۆزگىلەرنىڭ ۋەتىنىدە خىزمەت قىلىپ يۈرگەن بىر ئايالنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ناھايىتى ئوبرازلىق شېئىرىي تىل ئارقىلىق ئىپادىلىگەن بولۇپ، بىز بۇ بىر پارچە شېئىردىن ۋەتەننىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى، ۋەتەن مۇھەببىتىنىڭ نەقەدەر چىن مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى، ۋەتەندىن ئايرىلىش ئازابىنىڭ نەقەدەر قاتتىق ئازاب ئىكەنلىكىنى، ۋەتەننى سېغىنىش ھېسسىياتىنىڭ نەقەدەر ئىنچىكە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ۋە نازۇك ئىككەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. بولۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى تېخىمۇ جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن پېرسوناژ تىلىدىن بېرىلگەن:

«يۇرتۇمدىن ئايرىلغانغا،
بولدى ئوتتۇز يىل.
كۆپ يىل تارتتىم سەرسانلىق ئازابى سىرتتا،
ئۆزگىلەر ۋەتەنسىز دېگەندە مېنى،
يۈرىكىم سەكپارە بولدىغۇ ھەتتا»

دېگەن مىسرالارنى ئوقۇغاندا كىشىنىڭ قەلبى چوڭقۇر ھاياجانغا تولىدۇ. «ۋەتەن» دېگەن ئۇقۇم توغرىسىدا قايتا ئويلىنىدۇ. شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ: «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ناملىق شېئىرىدىكى:

ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچىدە قورۇنغان تەنلىرىم،
ئۆز ئېلىمدە يايرىغان كىيسەم كۇلاھۇ جەندە مەن.

دېگەن مىسرالىرىنىڭ تولىمۇ لايىقىدا ئېيتىلغان سۆز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىمىز.

شائىر بۇ شېئىرىدا يەنە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى تېخىمۇ جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن:

قەلبىم مىسلى ئۆركەشلىك بۇلۇت دېڭىزى
يۇرت-ۋەتەن،
مۇقەددەس سۆز بۇ نەقەدەر.
بارچىدىن ئايرىلسا ئايرىلار ئادەم،

پۇل، ھوقۇق، نام-شۆھرەت،
مەرتىۋىدىن ھەم.
يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدىغىنى
پەقەت سەن،
سۆيۈملۈك ئانىجان ۋەتەن.
كۆڭلۈمدە
بۇ ئۇيغۇر قېرىندىشىمغا
مۇنداق سۆز ھەدىيە قىلدىم ئۇنىسىز مەن:
«ئاھ ۋەتەن،
ئەبەدىي ئانا ماڭا سەن.»

دېگەن مىسرالار بىلەن بۇ بىر پارچە شېئىرنى ئاياغلاشتۇرىدۇ. شائىرنىڭ بۇ مىسرالىرىغا ۋەتەننى چىن ئىخلاسى بىلەن سۆيگەن ئوغلانىنىڭ لەۋزى پۈكۈلگەن. ئۇ، ئادەم بارلىقىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، لېكىن ئايرىلىپ قېلىشقا بولمايدىغىنى ۋەتەن، دەپ، ۋەتەننى مەڭگۈلۈك ئانا سۈپىتىدە ئۇلۇغلىغان. شائىرنىڭ «ئانام سەن ۋەتەن» ناملىق بۇ شېئىرى بىزگە پارس شائىرى ئابدۇقادىر بېدىلنىڭ:

كىمكى پايدا ئىزدەپ ۋەتەندىن كېتەر،
باشقىغىمۇ كۆڭۈل قويالماي ئۆتەر.
ئۇچقۇن تاشتىن ئاجراپ چىققاندىن كېيىن،
قانچە ماختىمىغىن بەربىر ئۆچەر.

دېگەن ھېكمەتلىكى پەلسەپۋى پىكىرلەر ئۈستىدە قايتىدىن ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك يازغۇچى-شائىرلار يېزىپ تۈگىتەلمەيدىغان

مەڭگۈلۈك قەسىدە. ئۇلار ئىجاد قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى ئەسەرلەر، تەشەببۇس قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئاشۇ مەڭگۈلۈك قەسىدىنىڭ يارقىن كۈيى. شائىر تۇمۇر داۋامەت شېئىر ئىجادىيىتىدە بۇ مەڭگۈلۈك قەسىدە تويىغا ئۆزىنىڭ تالاي ئېسىل شېئىرلىرىنى قوشۇپ، بۇ قەسىدىنىڭ يارقىن كۈيلىرىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرگەن ۋەتەن كۈيچىسى!

ۋەتەن ئەڭ مۇقەددەس ھەممىدىن ھامان،
ۋەتەندە كۈلگۈسى ئارزۇ ۋە ئارمان.
دانالار ئېيتىشۇر ۋەتەنسىزلەرنىڭ
دىل-كۆڭلى پەرىشان، چىرايى سامان.

بۇ ھېكمەت تەكتىگە يەتكەنلەرمۇ كۆپ،
ۋەتەنگە جان پىدا ئەتكەنلەرمۇ كۆپ،
ئۇلارنىڭ قان-تەرى سىڭگەن تۇپراقتىن،
ئۈندى گۈل، ۋۇجۇدقا كەلدى بۇ زامان.

شائىرنىڭ: «ۋەتەن مۇقەددەس» ناملىق شېئىرىنىڭ بۇ مىسرالىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى: ۋەتەن— ھەممىدىن ئەلا. ۋەتەن— ھەممىدىن بۈيۈكتۇر. ئادەم ئۆز ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئۆز ۋەتىنىدە ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. پارلاق كېلەچەك ۋەتەن قوينىدا كىشىگە كۈلۈپ باقىدۇ. ۋەتەنسىزلەر ھامان ۋەتەن ئىشقىدا دىلى سۇنۇق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل دىل ئازابى چىرايىدىمۇ ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. كىشىلىك ھايات يولىدا ۋەتىنىنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ۋەتەن ئۈچۈن ھاياتىنى پىدا قىلغانلار يەنىلا كۆپ، ئەنە شۇلارنىڭ ئەجىر-مېھنىتىدىن، قان-تەرىدىن بۈگۈنكى بەختىيار زامان بارلىققا

كەلگەن، دەپ كۆچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى ئىپچىپ بېرىدۇ. ئۇ شېئىرىدا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ، بەزىلەرنىڭ بوگۇنكىدەك بەختىيار زامانىنىڭ قەدرىنى بىلمەيۋاتقانلىقىنى، ھەتتا بەزىلەرنىڭ تارىخىي چىنلىقىقا زىت ھالدا تارىخنى بۇرمىلاپ، مىللەتلەرنىڭ بۆيۈك ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى قەتئىي تەنقىدلەپ، ۋەتەن ئەلا مارشىنى تېخىمۇ ئۆتكۈر، تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ جانلىق شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. ھەم:

مەن دەيمەن: قولۇڭغا قەلەم ئال تۆمۈر،
ۋەتەننى كۆيلىگىن سەنمۇ بىر ئۆمۈر.
مىڭ داستان يازساڭمۇ پۈتمەيدۇ يەنە،
قېنى سەن نەزەر سال بەش مىڭ يىل تامان.

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ۋەتەن كۈيچىسى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ يارقىن ئۇسۇلدا نامايان قىلىدۇ.

دۆلەت قۇرۇلغان كۈننى خاتىرىلەپ يازغان شېئىرلارنى شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئالغا سۈرۈلگەن شېئىرلىرىنىڭ گۈل تاجى دېيىشكە بولىدۇ. شائىر تۆمۈر داۋامەت جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان: «جۇمھۇرىيەت، لەپىلدىسۇن بايرىقىڭ» ناملىق شېئىرىنىڭ بېشىدا:

قىرىق قېتىم كەلدى باھار، كەلدى كۈز،
ياغدى تالاي يامغۇر، چىقتى شامال ھەم.
قىرىق يىلدا بولدى تالاي بۇرۇلۇش،
تەرەققىيات ئاچتى تالاي جامال ھەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

بىسىپ ئۆتتۇك كۆپ جەڭگىۋار مۇساپە
جۇمھۇرىيەت— ئانا ۋەتەن يۈكسىلىپ.
تالاي كۈرەش-جەڭنى باشتىن كەچۈردۈك،
قانلىق، ئوتلۇق سىناقلارغا يۈزلىنىپ.

دەپ، دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 40 يىلنى ناھايىتى ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ، 40 يىللىق مۇساپىگە نەزەر تاشلىغان. شېئىردا يەنە ۋەتەننى شەرقتە قەد كۆتۈرگەن گىگانت ئادەمگە ئوخشىتىش ئارقىلىق ئانا ۋەتەننىڭ يارقىن ئوبرازىنى تىكلىگەن. ئۆزىنىڭ ئاددىي بىر دېھقان بالىسىدىن، كومپارتىيىنىڭ مۇنەۋۋەر مىللىي رەھبىرىي كادىرى بولغىچە، پارتىيىنىڭ ئىللىق نۇرى ۋە تەربىيىسى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىنى، كومپارتىيە بولمىسا ئۆزىنىڭ ئاشۇ بەختىيار كۈنلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلانمايدىغانلىقىنى، ۋەتەننى ئاتا-ئانا ئورنىدا كۆرىدىغانلىقىنى، ۋەتەننىڭ شەپقىتىنى، مېھرىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى، ھاياتىنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى كۈنلىرىدىمۇ ۋەتەن ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى سەممىيلىك ۋە قەتئىيلىك بىلەن بىلدۈرگەن.

شائىر شېئىردا يەنە ۋەتەننىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى رېئاللىقى توغرىسىدا:

گۈللىنىسەن يەنە تېخى بەرق ئۇرۇپ،
ئىستىقبالىڭ نۇرلۇق سىنىڭ پارلىغان.
ساڭا ۋاپا كەلتۈرىمەن، سادىقمەن،
تەرپىڭگە يېزىپ مىڭ كۈي ۋە داستان.

دەپ چۇقان سېلىپ، ۋەتەننىڭ بۈگۈنكىدىن كېيىن تېخىمۇ گۈللىنىپ، پارلاق گۈزەل كېلەچەكنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە ۋاپادار-سادىق بولىدىغانلىقىنى، ۋەتەننى كۈيلەپ تېخىمۇ كۆپ ۋەتەن كۈيلىرىنى يازىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ۋەتەننى ھەر مىللەت خەلقى تەڭ ئېچىلغان گۈلىستانغا ئوخشىتىدۇ. ۋەتەننىڭ تاغ-دەريالىرىنى گۆھەر، تۇتىيا بىلىپ، جان تىكىپ قوغدايدىغانلىقىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ۋەتەننىڭ شانۇشەۋكىتىنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىپ، جاھاننى زىلزىلىگە سېلىشىنى ئارمان قىلىدۇ.

شائىر شېئىرىنىڭ ئاخىرىنى:

لەپىلدىسۇن جۇمھۇرىيەت بايرىقىڭ،
ئەيلەپ مەڭگۇ ئېگىز كۆكتە شوخ جەۋلان.

دەپ ئاياغلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

شائىرنىڭ دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلاپ يازغان شېئىرى: «مۇبارەك ۋەتىنىم شانلىق تويۇڭغا» — شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى يېڭى بىر نۇقتىدىن پاساھەتلىك شېئىرىي تىل ئارقىلىق جۇشقۇن ۋە يارقىن نامايان قىلغان شېئىرى بولۇپ، بىز بۇ شېئىردىن ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كاتتا قەسىرىدىكى مەڭگۈلۈك نۇرىنى كۆرەلەيمىز.

پاسىبانىم، غەمگۇزارىم، بارلىقىم، جانىم ۋەتەن،
قىبلىگاھىم، ئېپتىخارىم، شەۋكىتىم، شانىم ۋەتەن.

www.uyghurkitap.com

بۇ مىسرالاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ۋەتەن شائىرنىڭ بارلىقى، شائىر شېئىرىدا يەنە:

شان قۇچۇپ ئەللىككە كىردىڭ، دەل بۈگۈن قۇتلۇق تويۇڭ،
ياڭرىدى شەنىڭگە ئالقىش، تىلدا داستانىم ۋەتەن.

بەك ئەزىزلەپ سەن مېنى، ھەيۋەت راۋاققا چىقىرىپ،
تويدا كۆرسەتتىڭ پاراتنى، قاندى ئارمانىم، ۋەتەن.

مىسلىسىز كاتتا پاراتتا قۇدرىتىڭ بولدى ئايان،
تىترىدى «گۈس-گۈس» قەدەمدىن يەرۇ ئاسمانىم، ۋەتەن.

دەپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەن مۇھەببىتىدىن ئۇرغۇغان ھاياجىنىنى ئىپادىلەيدۇ. ۋەتىنىنىڭ 50 ياشقا كىرگەنلىكىنى كۈيلەپ تىللاردا، دىللاردا داستان پۈتۈلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق ۋەتەن تويىدىكى كاتتا پاراتتا ئۆزىنىڭ زور ھۆرمەتكە ئىگە بولغانلىقىدىن شادلىنىدۇ. ئارمانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن مەمنۇن بولىدۇ. شائىر بۇ ئارقىلىق ۋەتەننى سۆيگەن كىشىنىڭ ھامان قەدىرلىك بولىدىغانلىقىدەك پەلسەپىۋى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىر شېئىرىدا يەنە بۇ كاتتا پاراتتىن ۋەتىنىنىڭ قۇدرىتىنى تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ يېتىدۇ. بۇ كاتتا پاراتنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك شانلىق مۇساپىسىنى، قۇدرىتىنى تولۇق نامايان قىلغانلىقىنى، ۋەتىنىنىڭ سەلتەنەت تەختىدە تەڭداشسىز كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنى، ۋەتىنىنىڭ بۇنداق قۇدرىتىدىن، تەرەققىياتىدىن ئۆزىنىڭ بەختىيارلىق

تۇيغۇسىنىڭ، پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنىڭ، مىللىي غۇرۇرىنىڭ فونتانىدەك ئېتىلىپ چىققانلىقىنى، ۋەتەنىنىڭ مۇبارەك توپى شېرىپىگە دەستە-دەستە گۈل تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق شېئىرىي مىسرالار بىلەن ئىپادىلەپ، ئوقۇرمەنلەرنى ۋەتەندىن پەخىرلىنىشنىڭ يېڭى بىر ئىللىق دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ كۈچ-قۇدرەتكە تولغان يېڭى ئوبرازىنى ھەربىر ئوقۇرمەننىڭ قەلبىدە ئۆچمەس نۇرلۇق ئابىدە قىلىپ تىكلەيدۇ.

شائىر شېئىرىنىڭ ئاخىرىدا:

تەبرىكىم بولسۇن مېنىڭ شانلىق تويۇڭغا دىل سۆزۈم،
بىرلىكىڭنى قوغدىماق چىن ئەھدۇ پەيمانىم، ۋەتەن.

دەپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە، ۋەتەنىنىڭ ئۇلۇغ بىرلىكىگە بولغان چىن ئېتىقادىنى بىلدۈرىدۇ.

ۋەتەن — خەلقنىڭ باشپاناھىدۇر، ۋەتەن زېمىنى — خەلقنىڭ ئارامگاھىدۇر. ۋەتەنىنىڭ بىر سۇڭ يېرىمۇ شۇنچە قەدىرلىك ۋە قىممەتلىك. بۇ توغرىسىدا ئوبۇلقاسىم پىردەۋس مۇنداق مىسرالارنى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن:

يېرىمىز، سۈيىمىز، پەرزەنتىمىز دەپ،
خوتۇن، بالا-چاقا، دىلبەنىمىز دەپ.
بىرمۇبىر جېنىمىز قىلىمىز پىدا،
ۋەتەننى دۈشمەنگە بەرمەيمىز ئەسلا!

ۋەتەنپەرۋەر شائىر تۆمۈر داۋامەت ئۆزىنىڭ «ۋىسال

قەسىدىسى» ناملىق شېئىرىدا بۇ نۇقتىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە، جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىگە تېخىمۇ ئېنىق تونۇتتى.

19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، يەنى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن جۇڭگو جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە بېسىپ كىرىشى بىلەن يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق پاتقىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پاتتى. جاھانگىر دۆلەتلەر دۆلەتنى ئۆز ئالدىغا بۆلۈشۈپ تالان-تاراج قىلىشقا باشلىدى. قىلچە ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك روھى، غۇرۇرى بولمىغان مىلىتارىست كۈچلەر ۋەتەن زېمىنىنىڭ قولدىن كېتىشىگە سۈكۈت قىلىپ تۇردى. جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ كۈچلۈك ھەيۋىسى ئالدىدا فېئوداللىق ھۆكۈمرانلار ئۇلار بىلەن تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالاپ، ۋەتەن زېمىنىنى ئۇلارغا بۆلۈپ بېرىشكە قوشۇلدى. جاھانگىرلارنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۆز ئالدىغا زېمىن بۆلۈشۈۋېلىشى نەتىجىسىدە ۋەتەننىڭ كۆپلىگەن زېمىنى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كەتتى. مانا شۇلارنىڭ ئارىسىدا گۆھەر زېمىن شياڭگاڭمۇ ئەينى دەۋردىكى جاھانگىر دۆلەت ئەنگلىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ۋاقىت دەل 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئىدى.

شائىر تۆمۈر داۋامەت ئارىدىن بىر ئەسىرلىك تارىخ ئۆتۈپ، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان شېئىرى: «ۋىسال قەسىدىسى» دە ئۆزىنىڭ ئىچ-ئىچىدىن قايناپ تۇرغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق پۈتكۈل ئالەمگە جاكارلىدى.

شائىر شېئىرىدا:

شياڭگاڭ،
بۈگۈندىن مۇقەددەم يۈز يىل ئىلگىرى

ۋەتەن كۆكىنى زۇلمەت قاپلىغان،
ئەل روناق تاپماي زار-زار قاقشىغان،
يۇرتىنىڭ تازا خاراب چاغلىرى؛
پەلەك چاقى تەتۈر چۆرگىلەپ،
ھۆكۈمرانلار چىرىپ، تەمتىرەپ،
قولدىن كەتتى بىباھا گۆھەر،
يۇتتۇق ئەلەمدە بىز زوقۇم-زەھەر،
چۈشتى كۆكسۈڭگە خورلۇق داغلىرى.

دەپ، ئەينى دەۋردىكى شىاڭگاڭنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىگە قاتتىق ئېچىنىدۇ ھەمدە بۇ خىل ھېسسىياتنى تېخىمۇ ئوبرازلاشتۇرۇپ:

ۋەتەن— ئانىنىڭ كۆزىدىن شۇئان
ئاقتى ياش ئەمەس، بەلكى قىزىل قان،
ئاھ، گۆھەر زېمىن،
مەسۇم كۆكسۈڭنى
چەيلەپ ئۆتكەندە ياۋ ئاياغلىرى.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ئازابلىق تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ شىاڭگاڭنىڭ جاھانگىرلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان كۈننى زۇلمەتلىك، مۇدھىش كېچىگە ئوخشىتىپ، بۇ كۈنى پۈتۈن ۋەتەن ھەتتا پۈتۈن ئالەم قان-ياشقا تولدى دەپ، جاھانگىرلارنىڭ زوراۋانلىقىغا قاتتىق ئىسيان كۆتۈرىدۇ. جاھانگىرلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى ۋەتىنىمىزدە قىلغان بۇلاڭچىلىق قىلمىشىغا قارىتا نەپرەت ئوقۇيدۇ. جاھانگىرلارنىڭ شىاڭگاڭنى زورلۇق بىلەن بېسىۋالغانلىقىنى، ۋەتەندىن ئايرىپ ئىگىلىۋالغانلىقىنى:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ۋەتەن— ئانا تولغىنىپ كەتتى،
پىغان-نالىسى پەلەككە يەتتى،
زوراۋانلارنىڭ،
مۇتتەھەملەرنىڭ
قان تامچىلىغان قىلىچى بىلەن
كېسىلگەندە يۈرەك پارىسى.

دېگەندەك ئازابلىق شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەن زېمىنىغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ. شېئىردا يەنە جاھانگىر كۈچلەرنىڭ خەلققە زورلۇق كۈچ ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا تالاي ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەردائىم شىردەك قەيسەرلىك بىلەن جاھانگىرلارغا تىز پۈكمەي ياشاپ، ھەردائىم ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسىدا بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

شائىر شېئىردا جاھانگىرلار ئىگىلىۋالغان شىياڭگاڭنى ئانا باغرىدىن ئايرىلغان بالىغا ئوخشاتسا، ۋەتەننى بالا ۋىسالىغا، بالا مېھرىگە، بالا ئىشقىغا تەلپۈنگەن چىرايى سارغايغان ئانىغا ئوخشىتىش ئارقىلىق، ۋەتىنىمىز بىلەن شىياڭگاڭنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ.

شىياڭگاڭ،
ئاخىر قايتتىڭسەن ۋەتەن قوينىغا
قەددىڭنى كېرىپ،
چوڭ قەدەم تاشلاپ.
گىرە سالغاندا

سېنى تۆت كۆز بىلەن زارىقىپ كۈتكەن
مېھرىبان، سۆيۈملۈك ئانا بويىنۇڭغا،
بولدى گويا پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ
ئېرىگەن سىماب.
ئەنە،
لىن زېشۈينىڭ كۆزلىرىدىن ياش
ئاقار تاراملاپ.

يۇقىرىقى مىسرالارغا شائىرنىڭ شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قويىنىغا قايتىپ كەلگەن چاغدىكى ھاياجانلىق كەيپىياتى شۇنداقلا ئەينى چاغدا ۋەتەن زېمىنلىرىنى جاھانگىرلارغا تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مىللىي روھىنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىدىغان تۇرلۈك قىلمىشلىرىغا قارىتا باتۇرلۇق بىلەن قارشى چىققان ئەجدادلارنىڭ ئۈمىد-ئارزۇسىنىڭ ئاقلانغانلىقىدەك تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى سىڭىپ كەتكەن.

شېئىردا يەنە تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ۋەتەنگە، مىللەتكە خورلۇق ئېلىپ كەلگەن ئاشۇ چاغلارنى ئەسلەشنىڭ نەقەدەر ئازابلىق ئىكەنلىكى، شياڭگاڭ ۋەتەن قويىنىغا قايتىپ كېلىپ بۇ يۈز يىللىق خورلۇق، يۈز يىللىق ھاقارەت، يۈز يىللىق ئاھانەتنىڭ ھەقىقەت نۇرىدا پۈتۈنلەي يۇيۇلۇپ تۈگىگەنلىكى، لېكىن تارىخىي ساۋاقنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەردائىم ھوشيار بولۇپ، تارىخنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىملىقى قاتارلىق پىكىرلەر يالقۇنلۇق شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق ھەربىر ئوقۇرمەننىڭ قەلب تارىنى چېكىدۇ. ئۇلارنى ۋەتەن زېمىنىنى قوغداش توغرىسىدا قايتىدىن چوڭقۇر ئويلىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

شېئىر ئەنە شۇنداق ھاياجانلىق شېئىرىي كەيپىيات ئىچىدە راۋاجلىنىپ، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا غەلىبىلىك قايتىپ كېلىشى ئۇچۇن غايەت زور تارىخىي تۆھپە قوشقان ئۇلۇغ بىر زاتنىڭ ئاشۇ خۇشاللىق مىنۇتلارنى كۆرەلمەي ئارمان بىلەن كەتكىنىنى، لېكىن ئىزىنى بېسىپ چىققان يەنە بىر جۇڭخۇا پەرزەنتىنىڭ شۇ يول بىلەن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، گۆھەر زېمىننى ۋەتەن قوينىغا چوقۇم قايتۇرۇپ كېلىپ، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى شياڭگاڭ ئاسمىنىدىمۇ لەپىلدىتىدىغانلىقى، بۇ چاغدا مۇشۇ خۇشاللىق مىنۇتلارنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان ئۇلۇغ زاتنىڭ ئارمانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىپ، بۇنىڭدىن مەمنۇنلۇق ھېس قىلىدىغانلىقىنى زوق-شوق بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

شائىر شېئىرىنىڭ ئاخىرىنى:

شياڭگاڭ،
تارقايدۇ ئەمدى
ۋەتەن باغرىدىن ئۇچقان شامالدا
ئاسمىنىڭنى قاپلىغان تۇتەك.
بەخت-سائادىتىڭ،
تەلەي-ئامىتىڭ،
ئارزۇ-ئارمىنىڭ
جىلۋىلىنىپ ھەر گىياھ،
تالدا،
يۇلتۇزدەك چاراقلاپ ئاتىدۇ چېچەك.
شەرق گۆھىرى
جۇلالىنىپ كۆزنى چاقنىتىپ،
بارچە دىلنى مەھلىيا ئېتىپ،

گۈللەيدۇ ئۆرلەپ،
تېخىمۇ ئۇلۇغۋار مەنزىلنى كۆزلەپ،
ئاۋاتلىشىپ،
تۇزدەك رەڭ تۇزەپ،
پۈتۈن دۇنياغا ئېچىپ كەڭ ئېتەك!

دېگەن ئۈمىدكە تولغان مىسرالار ئارقىلىق ئاياغلاشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى تېخىمۇ كەڭلىككە، تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك شائىرنىڭ قان تومۇرلىرىغا، ھاياتىي پائالىيەتلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ۋەتەن تۇپرىقىدا ئۆسكەن بىر تال گىياھقىمۇ، ھەتتا ۋەتەن زېمىنىدا قەد كۆتۈرگەن ئىمارەتلەرگىمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇنى خۇددى ئۆز ئانا ۋەتىنىنى سۆيگەندەك سۆيىدۇ. «سەددىچىن سېپىلىگە چىققاندا» ناملىق شېئىرغا شائىرنىڭ ئەنە شۇ خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن بولۇپ، بۇ بىر پارچە شېئىر شائىرنىڭ يالغۇز ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل شېئىرلىرىنى زامان ۋە ماكاندىن ھالقىش شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلغان، شۇنداقلا شائىرنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە بارلىققا كەلگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى تارىختىن بۈگۈنگە ئۇلاش غەلىبىلىك بولغان ئېسىل شېئىر دېيىشكە بولىدۇ.

شائىر شېئىرىنىڭ بېشىنى:

سەددىچىن سېپىلى ياتار سوزۇلۇپ،
مىنگەشكەن قات-قات تاغنى قۇچاقلاپ.

چىققىنىم ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن،
ئەجدادلارنىڭ ئەجرىنى يادلاپ.

دېگەن ئوتلۇق مىسرالار بىلەن باشلاپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەيۋەتلىك سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئۈستىگە قەدەم باسقاندا تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە بىۋاسىتە ھېس قىلغان يالقۇنلۇق ھېسسىياتىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق، ئەقىل-پاراسەتلىك، ئەمگەكچان، باتۇر، مېھنەتكەش ئەجدادلارنىڭ ئەجرىنى ياد ئېتىدۇ. شائىر سەددىچىن سېپىلىنىڭ پەلەمپەيلىرىدىن يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى، شائىرنىڭ شېئىرغا سىڭگەن كەتكەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى شۇنچە موللىشىدۇ، شۇنچە رەڭدارلىشىدۇ:

ئاھ،
ئۆزۈڭغا سوزۇلغان ھەيۋەتلىك سېپىل.
ئەجدىھا سەن تولغىنىپ ياتقان،
گىياھ ئۈنمەس باياۋان بىلەن،
بوخەي دېڭىزىنى ئۆزئارا چاتقان.
نى ئېگىز تاغنى ئاتلاپ ئۆتسەن،
يايلاقتا پوتا باغلاپ ئۆتسەن.
كېچە-كۈندۈز سوقسىمۇ بوران،
چۈنكى جۇڭخۇا زېمىنىغا سەن
يىمىرىلمەس مەھكەم ئۇل سالغان،
نەچچە مىڭ يىللىق بوران-چاپقۇنغا
مەردانىلارچە بەرداشلىق بېرىپ،
دۇنيانىڭ شەرقىدە قەددىڭنى كېرىپ،
جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى قىلدىڭ نامايان.

يۇقىرىقى مىسرالاردىن شۇنى ھېس قىلىشقا بولىدۇكى، شائىرنىڭ شېئىرىي تەسەۋۋۇرى ئاستىدا سەددىچىن سېپىلى بىر تارىخىي قۇرۇلۇش ھالىتىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ گۆھىرىگە ئايلانغان. شېئىردا يەنە سەددىچىن سېپىلى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەيسەر، ئەمگەكچان روھىغا ئوقۇلغان سەلتەنەتلىك تارىخىي داستانغا ئوخشىتىلغان. سەددىچىن سېپىلىنىڭ ھەربىر پارچە تاش-خىشلىرىغا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ باتۇرلۇق تەزكىرىسى ئويۇلغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ئەمگەكچان جۇڭخۇا خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى، جاسارىتىنى، جاھان ئەھلىنى تاڭ قالدۇرىدىغان كارامىتىنى كۆرەلەيدىغانلىقىنى، سەددىچىن سېپىلىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سىمۋولى، جېنى، ئىپتىخارى، غۇرۇرى ئىكەنلىكىنى گۈزەل شېئىرىي تىل ئارقىلىق ناھايىتى جانلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

شائىر شېئىردا سەددىچىن سېپىلىنىڭ تارىختىكى ئورنى ۋە رولى ھەمدە ئۇ يەردە بولغان ئۇرۇشلار توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك مىسرالارنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى تارىخ بىلەن زىچ باغلايدۇ.

بادالىڭ تارىختا قازىنىپ شۆھرەت
تۇنجى ئۆتكەل نامىنى ئالغان.
شىددەتلىك ئېلىشىپ قان تۆككەن سەندە،
بۇ يەرنى تالىشىپ قانچىلاپ پالۋان.
نەيزىلەر، قىلىچلار سۇنغان قانچىلىك؟
شاھىتى ئانا يەر ۋە سۈزۈك ئاسمان.
بىر چاغدا چىڭگىزخان تۇلپار ئوينىتىپ،

www.uyghurkitap.com

قويۇق قارىغايزارلىقتا تۇندە ئىز سالغان.
ئوتتۇرا تۇزلەڭگە تارتقان ھەم قوشۇن،
سەپ ئالدىدا ماڭغان قۇبلەيخان.
لى زىچېڭ شىددەتلىك جەڭدە ئېلىشىپ،
ئۆچمەس نام قالدۇرغان،
باتۇر ئاتالغان.
كۆز يېشىنى يامغۇردەك تۆكۈپ،
سىشى تەيخۇ سەندىن ئايرىلغان،
ئاھ، قانچىلىك مەردلىك، كارامەت،
ئاھ، قانچىلىك ھەسرەت، نادامەت،
ئاھ، قانچىلىك زۇلۇم، شىكايەت،
ئەتراپىڭغا قۇمدەك چېچىلغان.

شائىر شېئىردا سەددىچىن سېپىلىنىڭ شانلىق تارىخى ئۇستىدە توختىلىش بىلەن بىرگە، يېڭى دەۋردىكى سىيماسىنى، ئوبرازىنى ناھايىتى يارقىن ئەكس ئەتتۇرىدۇ. بۇ ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇش ئۇستىگە نۇرغۇنلىغان كىشىنىڭ چىقىپ ساياھەت قىلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ قەدىمىي تارىخىي قۇرۇلۇشقا قەدەم باسقاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئېپتىخارلىنىش، پەخىرلىنىش ھېسسىياتىدا بولغانلىقىنى، سەددىچىن سېپىلىنىڭ بۇگۇنكى كۇنلۇكتە دوستلۇق كۆۋرۈكى بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاددىي پۇقرالارلا ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئۇلۇغ پېشۋالىرىنىڭ قەدەم بېسىپ، ئىلگىرى ئۇرۇش تۇمانلىرى قاپلاپ كەتكەن بۇ قەدىمىي قۇرۇلۇش ئۇستىدە ئەمدىلىكتە دۇنيا تىنچلىقى، دوستلۇقى ئۇستىدە سۆھبەتلەشكەنلىكىنى قويۇق شېئىرىي مۇھىت ئىچىدە تەسۋىرلەيدۇ.

شائىر :

ئېھ.
سەددىچىن سېپىلى،
ھەيۋەتلىك سېپىل،
ئىنسانىيەتنىڭ كاتتا قامۇسى،
جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سىمۋولى، جېنى،
باغلىدىم ساڭا دىلدىن ئىشتىياق.
تەنگە راھەت غۇر-غۇر شامىلىڭ،
تارقىتار ھەردەم ئىپار-خۇش پۇراق.
ئاق بۇلۇت ساڭا تاشلىسا سايە،
قۇياش ئۈستۈڭگە ياقار نۇر چىراغ.
ھەربىر تاش، ھەربىر خىش باشلىسا كۈندە
باتۇرلۇق، جەسۇرلۇق ھەققىدە داستان
ھەۋەستە ھەر گىياھ سالىدۇ قۇلاق.
سەن شۇنداق ھېكمەتلىك، شانلىق قىسسە،
چاقنايسەن تارىختا ئۇزاقتىن-ئۇزاق!

دېگەن مىسرالار بىلەن بۇ ھەيۋەتلىك سەددىچىن سېپىلى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى، ئىنسانىيەتنىڭ كاتتا قامۇسى ئۈستىدىكى شېئىرىي پىكىرلىرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ شېئىرغا شائىرنىڭ چىن قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تارىخىي قاتلاملىققا ئىگە قىلغان.

«ئانا دەريا — خۇاڭخې دەرياسى» شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك

روھ ئالغا سۈرۈلگەن شېئىرلىرى ئىچىدىكى يەنە بىر نادىر شېئىردۇر. بۇ شېئىر گەرچە تۆت كۇپلېت بولسىمۇ، لېكىن شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى خۇددى خۋاڭخې دەرياسىدەك ئۆركەشلەپ تۇرىدۇ. شائىر شېئىردا:

ئەي خۋاڭخې دەرياسى، ئەي ئانا دەريا،
مىڭ يىللاپ ئاقتىڭسەن دولقۇنلاپ ھامان.
ئاۋۇدى باتۇر-مەرد جۇڭخۇا ئەۋلادى،
ھالال ئاق سۈتۈڭدىن ئىچىپ ئەقىل-جان.

دەپ، خۋاڭخې دەرياسىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ. خۋاڭخې دەرياسىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ، باتۇرلۇقىنىڭ، ئۇزۇن ھەم شانلىق تارىخىنىڭ، مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى، ئۆكسمەس بۇلىقى، دەپ قارايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرى يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھقا ئىگە بولۇپ، شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلىرى ۋەتەنگە بولغان كۈچلۈك ۋە سەمىمىي ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان. شائىرنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېقىمىنى بويلاپ ماڭغان. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ شېئىرلىرى ساپ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان نادىر شېئىرلار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

# 2 . تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرىدىكى خەلقچىللىق ۋە گۈزەللىك

خەلقچىللىق— ئەدەبىياتتىكى ئەبەدىي روھتۇر. ئەدەبىيات خەلقنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى چىن ھەم ھەقىقىي ھالدا تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ ھايات يولىدىكى ئالغا بېسىش قەدىمىنى چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئاممىسىنىڭ رېئال مەسىلىلەرگە، رېئال كۆرۈنۈشلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى توغرىلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش يولىدىكى ئارزۇ- ئارمانلىرى، غايە ئىنتىلىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەدەبىياتتىكى بۇ خىل روھ بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ ئۆز رېئاللىقىنى چوڭقۇر تونۇشىغا ياردەم بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز رېئاللىقىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىلىپ بارغان غايە- ئىستەكلىرىگە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

تۆمۈر داۋامەت— ئىلىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مۇنەۋۋەر كادىر. ھەر مىللەت خەلقى ھۆرمەت قىلىدىغان رەھبەر. ئۇ ئۆزىنىڭ 50 نەچچە يىللىق خىزمەت، ئۆگىنىش ھاياتىدا پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاپ زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ بۇ جەرياندا يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شوغۇللىنىپ نۇرغۇنلىغان ئېسىل شېئىرلارنى يېزىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا تەسىرى بار شائىرغا ئايلاندى.

شائىر تۆمۈر داۋامەت ھەم يۈكسەك ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى بىلىمگە ھەم يۇقىرى بەدىئىي قابىلىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرىدا ماركسىزملىق كىشىلىك قاراش ۋە دۇنيا قاراش چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇ شەيئىلەرنى، ھادىسىلەرنى ھەم رېئال كىشىلىك ھاياتنى ھەممىشە ماركسىزملىق ئىلغار نەزەرىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ كۆزىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى كىشىگە چىن ھەم ھەقىقىي تۇيۇلىدۇ. مەزمۇن جەھەتتە ئىلغار ۋە پەلسەپىۋىلىككە ئىگە قىلىنىدۇ.

شائىرنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى چوڭقۇر، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز ۋە ئۇنىڭ تاغ-دەريالىرى شوخ مەدھىيىلىنىدۇ. پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدە قولغا كەلتۈرگەن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز ئۇلۇغلىنىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مارشى ياڭرىتىلىدۇ. خەلققە بولغان سەمىمىي، سادىق كۆڭۈل ئىزھار قىلىنىدۇ.

شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ شېئىرلىرى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەش قەدىمى بىلەن تومۇرداشتۇر. ئېلىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئېلىمىز خەلقىنىڭ ھاياتىدا يېڭى قەدەم، يېڭى بۇرۇلۇش بارلىققا كەلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ خوجايىنلىق ئورنى تىكلىنىپ، ئاكتىپلىقى جارى قىلدۇرۇلدى. خەلق سوتسىيالىستىك ئەمگەك قوينىغا ئاتلىنىپ شادلىق، باياشاتلىققا چۆمدى. ئېلىمىز مىقياسىدا بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر بىلەن تەڭ شىنجاڭدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىق قۇرۇلۇشىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىيات ھەم يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مىسلىسىز شادلىققا چۆمدى. نەتىجىدە ھەر مىللەت

خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيىگە ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە، يېڭى جۇڭگوغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتى قايناپ تاشتى. شائىر ئۆز ئانا يۇرتىدا بارلىققا كەلگەن بۇنداق ئۆزگىرىشلەرگە، شادلىق سادالىرىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇنى ئۆز شېئىرلىرىنىڭ مەيدانىغا كېلىشىدىكى مەنىۋى كۈچ قىلدى. خەلق شادلىقىنى، دەۋر يېڭىلىقلىرىنى ئۆز شېئىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە تومۇرى قىلدى.

خەلق ئاممىسىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭىلىق ھەم ئىلگىرىلەشلەرنى مەدھىيىلەشنى، كۈيلەشنى ئۆز شېئىرلىرىنىڭ مەقسىتى قىلدى. مەسىلەن، بىز شائىرنىڭ ئەڭ دەسلەپ يازغان: «كەتمىنىم» ، «سەپەر تەسىراتلىرى» ، «باھار ئىلھامى» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرىغا قارايدىغان بولساق، شائىر شېئىرلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

ئېلىمىزدە ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى يېڭى باسقۇچ شائىر شېئىرلىرىدا تېخىمۇ زوق بىلەن كۈيلەندى. چۈنكى بۇ يېڭى باسقۇچ ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا دەۋر بۆلگۈچ ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن، خەلق ئاممىسىنى ھەقىقىي باياشاتلىققا ۋە خۇشاللىققا چۆمدۈرگەن زامان بولدى. شائىر بۇ زاماننىڭ خىسلەتلىرىنى، خەلق قەلبىدە پەيدا قىلغان شادلىق ناخشىلىرىنى كۈيلەش ئۈچۈن قولىغا داۋاملىق قەلەم ئالدى. بىز شائىرنىڭ: «ئۆزگىرىش» ، «كوئىنلون قوشىقى» ، «باھار كەلدى» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرىدىن شائىرنىڭ يېڭى زامانغا ۋە بۇ يېڭى زامان ئېلىپ كېلىۋاتقان ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە بولغان قايناق مەدھىيىسىنى كۆرىمىز.

شائىر تۆمۈر داۋامەت 1963-يىلدىن باشلاپ ئىجادىيەت بىلەن

www.uyghurkitap.com

شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. «كەتمىنىم» ناملىق شېئىر ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى بولۇپ، شائىر بۇ شېئىردا قارىغاينىڭ قۇرام تاشلارنى يېرىپ ئانا تۇپراققا مەھكەم يىلتىز تارتىدىغانلىقىنى، ئانا تۇپراقتا يىلتىزى چوڭقۇر بولغاچقا ھەرقانداق قار-شىۋىرغانلارغا، بورانلارغا باش ئەگمەي قەھرىمانلارچە تىك ئۆسىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ، باتۇرلۇق، جەسۇرلۇق، ۋەتەنپەرۋەرلىككە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. شائىرنىڭ بۇ شېئىرى بەدىئىي ۋاستىلەرگە تويۇنغان بولۇپ، پىكىر ئىنتايىن ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن، ئوبراز ئىچىگە قايناق ھېسسىيات سىڭدۈرۈلگەن؛ بىز شائىرنىڭ بۇ دەسلەپكى يازغان شېئىرىدىكى ئوبرازچانلىق ۋە ھېسسىياتتىن شائىردىكى بەدىئىي تالانتنىڭ يۇقىرىلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

40 يىلدىن ئارتۇق ئىجادىيەت ھاياتىدا شائىرنىڭ: «تيانشان شادلىقى»، «ۋەتەنگە مۇھەببەت»، «دەۋر ئىلھاملىرى»، «ھايات مەشئىلى»، «بوستانلار ئارىلاپ»، «ئۆمۈر ئىزلىرى» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى. شائىرنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى خەنزۇ، قازاق، ئۆزبېك، ياپون، روس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى. شائىرنىڭ: «يۈرەك ناخشىلىرى»، «يۇرت مۇھەببىتى»، «ھايات مەشئىلى»، «بوستانلار ئارىلاپ» قاتارلىق شېئىرىي توپلاملىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ يازغۇچىلار نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا «يۈرەك ناخشىلىرى»، «يۇرت مۇھەببىتى» قاتارلىق ئىككى شېئىرلار توپلىمى ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ياپونىيىدە نەشر قىلىندى. شائىرنىڭ يەنە ئانا يۇرتى شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىقى، سۇ، قاتناش ئىشلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشتۇرۇلغان، يېڭى نەتىجىلەر تولۇق نامايان قىلىنغان قامۇس

خاراكتېرلىك كىتابى: «سۆيۈملۈك يۇرتۇم شىنجاڭ» ناملىق كىتابى بىرلا ۋاقىتتا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە تىللاردا نەشر قىلىنغان. «دوستلۇق سەپىرى» ناملىق زىيارەت خاتىرىسىمۇ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

شائىرنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى چوڭقۇر مەزمۇنغا، كۈچلۈك دەۋرچانلىققا ئىگە. شائىر ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا قەلەمنى ئىزچىل تاشلىماي كەلدى. ئالدىراشچىلىق ئىچىدىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. شائىرنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىگە بولغان قىزغىنلىقىنىڭ بۇنداق يۇقىرىلىقى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ ۋە ھاياجانغا سالىدۇ. 2002-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئورۇمچىدە شائىرنىڭ شېئىرلىرى ئۈستىدە مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. ھەرقايسى تەتقىقاتچى، ئوبزورچىلار شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە يۇقىرى باھالارنى بەردى.

شائىر تۆمۈر داۋامەت ئېلىمىز بۈگۈنكى زامان مىللىي ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان شائىر. شائىرنىڭ مەزمۇنى ئىلغار، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، بەدىئىيلىكى گۈزەل، تىلى ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك، شەكلى ئاممىباب بولغان شېئىرلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىماقتا. شائىر شېئىرلىرىدا ھېسسىيات ئىنتايىن قىزغىن، دەۋر روھى روشەن، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە شائىر رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللانغان. شائىر مەيلى قانداقلىكى شەيئىنى، مەنزىرىنى تەسۋىرلىمىسۇن، ئۆزىنىڭ

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شەخسىي تەسىرلىنىشى بىلەن ھاياجىنىنى كىتابخاننىڭ تەسىرلىنىشى ۋە ھاياجىنى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرىدۇ. شەيئىنى، ھادىسىلەرنى كۆپتۈرۈۋېتىشتىن ساقلىنىدۇ. رېئاللىقتا، ئۇ ھاسىل قىلغان تەسىراتقا سادىق بولىدۇ. شۇڭا شائىر شېئىرلىرى ناھايىتى زور چىنلىق خاراكتېرى بىلەن جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

بىز تۆۋەندە شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى خەلقچىللىق روھ توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتەيلى:

شائىر شېئىرلىرىدا ساداقەت، ۋاپادارلىق، چىن سۆيگۈ، ھەققانىيەت، توغرىلىق، دوستلۇق، راستچىللىق، ياخشىلىق، بىلىمنى ئۇلۇغلاش قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئەخلاقىي قاراشلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆز شېئىرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى، رولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە تېخىمۇ مۇھىمى، شېئىرلىرىدا خەلقنى سۆيۇش، خەلق خۇشاللىقىدىن خۇشاللىنىشتەك يۈكسەك ئالىيجانابلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ خەلقچىل قەلبىنى چوڭقۇر ئىپادىلەپ كەلدى. كلاسسىك شائىرىمىز نەۋائى: «كۆڭلى، كىشى خۇشلىقىدىن خۇش كېرەك» (كۆڭلۈڭ، خەلقنىڭ خۇشاللىقىدىن خۇشال بولسۇن)، دېگەن ئىدى. شائىر تۇمۇر داۋامەتنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ خەلقنىڭ خۇشاللىقىنى ئۆز خۇشاللىقى دەپ بىلىدىغان روھ چاقناپ تۇرىدۇ.

شائىرنىڭ: «كۆر، دېھقان كۆلكىسىنى مايسىلاردا» ناملىق شېئىرىغا قاراپ باقايلى:

پايانسىز ئېتىزلاردا بولۇق مايسا،
ياپقاندەك يەرگە مەخمەل، تاۋلىنىدۇ.
كۆزدىكى مول ھوسۇلدىن بېرىپ دېرەك،
دېڭىزدەك تەۋرىنىدۇ، چايقىلىدۇ.

كۆر، ئادىل سىياسەتتىن كۈلگەن دېھقان،
شادلىقى مايسىلارغا كەتكەن سىڭىپ.
شۇ تاپتا قانات قېقىپ خىيال قۇشۇم،
ئالتۇن چەش چوققىسىدا يۈرەر ئەگىپ...

شائىر مانا بۇ شېئىرىدا ئىسلاھاتتىن كېيىن دېھقانلىرىمىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىدىن بارلىققا كەلگەن ھاياجىنىنى ئىزھار قىلىدۇ. دېھقانلىرىمىز ھۆسنىدە پەيدا بولغان شادلىق كۈلكىلىرىدىن ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلىنىڭ كۈلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

شۇڭا، ئالاھىدە تەكىتلەش ھاجەتكى، شائىر تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرى مەزمۇن جەھەتتىن خەلق قەلبى، خەلق ئارزۇسى بىلەن تومۇرداشتۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ھەمىشە خەلق ئاممىسىنىڭ رېئال ھاياتى ۋە بۇ ھاياتتىكى يېڭىلىقلار ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. خەلقنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە-شادلىق تەسۋىرلىنىدۇ. خەلق ھاياتىدىكى جانلىق كۆرۈنۈشلەر تەسۋىرلىنىدۇ. بىز شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن دېھقاننى ۋە ئۇ ياشاۋاتقان يېزىنى، ئۇ ئەمگەك قىلىۋاتقان ئېتىزنى ئەڭ كۆپ كۆرىمىز. شائىرنىڭ كۆڭۈل شادلىقى دېھقاننى كۆرگەندە، دېھقان ئالغان مول ھوسۇلنى كۆرگەندە، ئاندىن ھەقىقىي يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بىز شائىرنىڭ يەنە ئۆزى كۆرگەن، زىيارەت قىلغان يۇرتلار ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلىرىغا قارايدىغان بولساقمۇ، بۇ شېئىرلاردا ئاۋۋال تىلغا ئېلىنىدىغىنى يەنىلا خەلق شادلىقى، خەلق خاتىرجەملىكى ۋە ئۇنىڭغا ئۇقۇلغان مەدھىيە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

مەسىلەن، شائىرنىڭ: «كۈلگىن قەشقەر» ناملىق شېئىرىغا قارايدىغان بولساق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەبەسسۇم جىلۋە قىلار ئەل لىۋىدە،
تۈمەندە دولقۇنلىنىپ كۆلكە ئاقار.
باغلىرىڭ جامالىدا چاقنايدۇ نۇر،
گۈل رەڭدار، گۈلدەك گۈزەل ھايات رەڭدار.

دېگەن ئوتلۇق مىسرالارنى ئۇچرىتىمىز. شائىر بۇ مىسرالاردا بىر يۇرت ئۇچۇن ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئاۋاتلىقى ئۇنىڭ قوينىدا ياشاۋاتقان خەلق ئاممىسىنىڭ چىرايىدىكى كۈلكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغانلىقىنى، خەلق ھۆسنىدىكى شادلىق جىلۋىلىرىنىڭ يۇرتقا ھۆسن قوشىدىغان ئەڭ گۈزەل رەڭ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدا كۆزىتىش نۇقتىسى يېڭى ھەم ئىجادىيلىققا تويۇنغان بولغاچقا، شېئىر تولىمۇ تەسىرلىك تۇيۇلىدۇ. شېئىردىكى پىكىر قويۇق پەلسەپىۋىلىككە ئىگە بولۇپ، كىتابخاننى ھەقىقىي قايىل قىلىدۇ. ئىجتىمائىي ھايات ۋە ئۇنىڭ كىشىگە بېرىدىغان تۇيغۇسىدا چوڭقۇر ئىلمىي تونۇش ھاسىل قىلدۇرىدۇ.

بۇ شېئىر يەنە شېئىرىي پىكىرنى يالىڭاچ ئىپادىلەشتىن ساقلىنىپ، ئاجايىپ ئوبرازلىق تەسۋىرلەر بىلەن كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان مىسرالارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مەسىلەن، بىز شېئىردىكى «تۈمەندە دولقۇنلىنىپ كۆلكە ئاقار» دېگەن مىسرادىن، يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىقنىڭ نەقەدەر جەلپ قىلارلىق كۈچىدىن زوقلىنىمىز. تۈمەن دەرياسى—قەشقەردىكى ئانا دەريا. بۇ دەريا قەشقەرنىڭ نەچچە ئەسىرلىك تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا ئۆتمۈش زاماندا قەشقەر خەلقىنىڭ زۇلۇم ۋە زوراۋانلىققا قارشى كۆتۈرۈلگەن

كۆرەشلىرىدە ئاققۇزغان ئىسسىق قانلىرى ئاققان ئىدى. ئەزگۈچى سىنىپلار تەرىپىدىن خورلانغان ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئاچچىق كۆز ياشلىرى ئاققان ئىدى. دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىنكى يېڭى دەۋردە خەلق ئاممىسى ئازاد بولدى. بەختىيار تۇرمۇشقا، باراۋەر، ئەركىن بولغان يېڭى ھايات يولىغا قەدەم ئالدى. ئىسلاھاتتىن كېيىن بولسا خەلق ئاممىسى باي بولۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئاچتى، تۇرمۇشى تېخىمۇ شادلىققا چۆمدى. تۇمەن دەرياسى ئۇلارنىڭ يېڭى ھاياتىغا، يېڭى غەلىبىسىگە جور بولىدىغان، ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولىدىغان يېڭى دەۋر باشلاندى.

شائىر ئەنە شۇنداق تۇيغۇنى، ئەنە شۇنداق مەنىۋى مەنزىرىنى تولىمۇ جانلىق ھەم ئوبرازلىق قىلىپ تەسۋىرلىگەن. خەلق چىراَيىدا بارلىققا كەلگەن كۈلكىنى، بۇ خەلق ياشاۋاتقان دىياردا ئاقىدىغان تۇمەن دەرياسىنىڭ ئۈزۈلمەس دولقۇنلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ جانلىق تەسۋىرلىگەن. تۇمەن دەرياسىنىڭ دولقۇنلىرىدا خەلقنىڭ كۈلكىسى ئاقىدىغانلىقىدەك جانلىق شېئىرىي مەنزىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەن.

شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىي مەنزىرە ئىچىگە سىڭدۈرۈلسە، بۇنداق شېئىر كىتابخاننى ھەقىقىي تەسىرلەندۈرەلەيدۇ. شائىرنىڭ يۇقىرىقى مىسرالىرىدا ھېسسىيات مەنزىرە بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن، خەلق چىرايىدا جىلۋىلەنگەن كۈلكە، شائىر ھاياجىنىدا تۇمەن دەرياسىنىڭ ئۆركەشلەپ ئاققان دولقۇنلىرى كەبى مەڭگۈ ئۈزۈلمەس ئېقىن ھاسىل قىلىدىغانلىقىدەك تەسىرات پەيدا قىلغان. شائىر ئۆزىدە ھاسىل بولغان ئوتلۇق تەسىرات ھەم ھاياجىنىنى ئوبرازلىق شېئىرىي مەنزىرە ئىچىگە ناھايىتى دەل سىڭدۈرۈپ، شېئىرنى قويۇق لىرىكىلىققا، ئوبرازچانلىققا ئىگە قىلغان.

شائىر شېئىرلىرىدا يەنە «خەلق دۇنيانى ياراتقان» دېگەن تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆزقاراش جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، دۇنيادىكى مۆجىزاتلار خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ مەھسۇلى. شەخسلەر ئەنە شۇ خەلق ئاممىسىنىڭ بىر ئەزاسى، خالاس. شەخس پەقەت خەلق ئاممىسى ئىچىدە بولغاندىلا ئاندىن دېڭىزغا تامچە قوشۇلسا قۇرۇمىغاندەك، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسىغا ئىگە بولىدۇ.

شائىر خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخنىڭ يارىتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى «خەلقىم» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق ئىپادىلەيدۇ.

يېشىل تەڭ تەڭرىتاغ يېشىغا خەلقىم،
سەن ئەمگەك، زېھنىڭدىن تارىخ ياراتقان.
ھۆرلۈكنىڭ ئاشىقى بولۇپ ئەزەلدىن،
بېشىڭغا باتۇرلۇق تاجىنى تاقىغان.

شائىر خەلق ئاممىسىنىڭ دۇنيانى يارىتىپلا قالماي، يەنە ئەمگەك ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى، ئەقىل-پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ تىلسىماتلارنى ئېچىپ تەرەققىي قىلدۇرىدىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ «ئاھ، ئىنسان» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

دۇنيانى ئەمگەكتە ياراتتى ئىنسان،
ئەقلىدىن نۇر-زىيا تاراتتى ئىنسان.
ئىلىم-پەن كانىدىن قېزىپ دۇر-گۆھەر،
تىلسىمات شاھىنى قاراتتى ئىنسان.

شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدا «خەلق» ئۇقۇمى ئىنسان ئىبارىسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قۇدرىتى، كۈچى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. شۇ ئارقىلىق شائىرنىڭ خەلق ئاممىسىنى ئۇلۇغلاشتەك، خەلق ئاممىسىنى ئۆزىنىڭ يىلتىزى، بارلىقى دەپ بىلىشتەك يۈكسەك خەلقپەرۋەرلىك روھى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

شائىر شېئىرلىرىدا ئىپادىلىگەن خەلقچىللىق روھىنىڭ يەنە بىر جانلىق سۈرىتى بولسا، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى دوستلۇقىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

شائىر تۆمۈر داۋامەت دۆلەت رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆپلىگەن ئەللەرگە دوستانە زىيارەتكە بارغان. ئۇ بارغانلا ئەللەردە خەلقلەر دوستلۇقىنى، ئىناقلىقىنى، ئىتتىپاقلىقىنى تولۇپ-تاشقان ھېسسىياتى بىلەن مەدھىيىلەيدىغان ئېسىل شېئىرلارنى يازدى. شائىرنىڭ بۇنداق شېئىرلىرىدا خەلقلەرنىڭ دۆلەت چېگرىسى ۋە مىللەت، ئىرىق ئايرىمىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، دۇنيانى ئۆز ئائىلىسى دەپ بىلىپ ئىناق، دوستانە ياشاش ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلىدۇ. ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا چۈشىنىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

مەسىلەن، شائىرنىڭ 1986-يىلى يازغان: «ئەرەب خەلقلىرىگە زىيارەت» ناملىق چاتما شېئىرلىرىغا قارايدىغان بولساق، شائىر بۇ چاتمىسىنىڭ «ئورنىتايلى دوستلۇق كۆۋرۈكى» دېگەن بۆلىكىدە مۇنداق يازىدۇ:

تىللىرىمىز ئوخشاشمىسىمۇ،
دىللىرىمىز تۇتىشىپ كەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

بىزدە ئورتاق بىر ئارزۇمۇ بار،
دۆلەت تىنچ، خەلق باي بولسۇن دېگەن.

ئىككى ئەلنىڭ دوستلۇق رىشتىنى،
كۈچەيتمەكلىك پىكرىمىز بىردەك.
سودىمىزنى روناق تاپقۇزماق،
ئورتاق ئۈمىد، سەمىمىي ئىستەك.

ئورنىتايلى دوستلۇق كۆۋرۈكى،
ئىككى دۆلەت دوست ئۆتسۇن بەلەن.
دوستلۇقىمىز، ھەمكارلىقىمىز،
تەڭ ياشىسۇن يەر شارى بىلەن.

شائىرنىڭ يەنە ياپونىيىگە قىلغان زىيارىتى جەريانىدا يېزىلغان «ئوكيانلارنىڭ ئۇ چېتىگە سەپەر» ناملىق چاتما شېئىرلىرى ۋە تۈركىيە، ئەنگلىيىلەرگە قىلغان زىيارەتلىرى جەريانىدا يېزىلغان «تۈركىيە ئىلھاملىرى»، «لوندون قۇچىقىدا» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بار. شائىر بۇ شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ خەلقلەر دوستلۇقىنى كۈچەيتىشتەك يۈكسەك خەلق سۆيەرلىك پەزىلىتىنى نامايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىمىزنىڭ دۇنيادىكى ئەللەر بىلەن، خەلقلەر بىلەن ئەبەدىي دوست بولۇپ ئۆتۈش، ئىناق قوشنىدارچىلىق قىلىشتەك سەمىمىي ھەم ئالىيجاناب قەلبىنى دۇنيا خەلقى ئالدىدا نامايان قىلدى. دۇنيادىكى ئەللەرنىڭ ئېلىمىزنىڭ دوستانە قەلبىنى چۈشىنىشى ۋە قوبۇل قىلىشىدا، ئېلىمىز بىلەن باشقا ئەللەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق، قوشنىدارچىلىق كۆۋرۈكىنىڭ ئېچىلىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بۇ نۇقتىدىن

ئالغاندا شائىرنىڭ بۇنداق زىيارەت شېئىرلىرى ئىنتايىن زور ئىجتىمائىي ھەم سىياسىي قىممەتكە ئىگە شېئىرلار ھېسابلىنىدۇ. شائىر تۆمۈر داۋامەت يېقىنقى يىللاردا يەنە «دوستانە ئەللەرگە سەپەر» قاتارلىق بىرمۇنچىلىغان ئېسىل شېئىرلارنى يازدى. شائىرنىڭ بۇ شېئىرلىرىمۇ يۇقىرىقى شېئىرلىرىغا ئوخشاش چوڭقۇر خەلقپەرۋەرلىك ھېسسىياتى بىلەن سۇغۇرۇلغان شېئىرلار ھېسابلىنىدۇ.

شائىر بۇ شېئىرىنى 2006-يىلى نويابىردا سۇدان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى خارتۇمدا ئېچىلغان «جۇڭگو ئەرەب ئەللىرى دوستلۇق يىغىنى»غا قاتنىشىش ئۈچۈن بارغاندا يازغان. شېئىر قويۇق ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق مارشىنى ياڭرىتىپ، خەلقلەر دوستلۇقى ۋە ھەمكارلىقىغا مەدھىيە ئوقۇغان. بىز شېئىرغا قاراپ باقىدىغان بولساق، شائىرنىڭ خەلقلەر دوستلۇقىنى مەدھىيىلەيدىغان مۇنداق مىسرالىرىنى كۆرىمىز.

نويابىر ئايلىرى ئاسمان كۆك تىنىق،
ھاۋا ھەم خۇش ئەتىر پۇرايدۇ سالقىن.
ھەر ئەلدىن ۋەكىللەر كەلدى بىر-بىرلەپ،
چىن دوستلۇق مېھرىدىن ياساپ زوق ئېقىن.
چىن دوستلۇق ھەققىدە سۆزلىدىم خۇشال،
ئېلىمنىڭ سالىمى سۆزنىڭ جەۋھىرى.
چۇشىنىش، قوللاشتىن ئاقتى شىرىلداپ،
يۈرەكتىن-يۈرەككە مېھىر كەۋسىرى.

شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ زىيارەت، سەپەر جەريانىدا يازغان بۇ شېئىرلىرى دوستلۇق، ئىناقلىق ئەلچىسىنىڭ گۈزەل قەلب كۈيى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى

سۆيـگـىنىدە كىشىلەرنى دوستلۇققا، ئىناقلىققا ئۈندەيدۇ. دۇنيا خەلقلىرىنى ئۆزئارا چۈشىنىشكە يېتەكلەيدۇ.

شائىرنىڭ بۇ خىل مەزمۇندىكى شېئىرلىرىدا يەنە شائىرنىڭ بـارغـانلـىـكى يەردە باشقىلارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا، ئالىي ھـۆرمـىـتىگە سازاۋەر بولغانلىقىدەك كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان كۆرۈنۈشلەر جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. خەلقىمىزدە: «ئىززەت قىلساڭ ھۆرمەت تاپىسەن» دېگەن ئەقلىيە سۆز بار. شائىر تۆمۈر داۋامەت بـارغـانلـىـكى ئەللەردە شۇ ئەل خەلقىغە ئۆز ئېلىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇق سالىمىنى ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ گۈللىنىشىگە بولغان ئوتلۇق تىلىكىنى ئېلىپ باردى. ئۆزىدىكى كۈچلۈك خەلق سۆيەر ھېسسىياتى بىلەن شۇ ئەللەر خەلقىنى سۆيدى. شائىردىكى بۇنداق ئـالـىيجاناب پەزىلەت، دوستانە ئەللەر ۋە ئۇلارنىڭ خەلقلىرىنىڭ چـوڭـقـۇر ھۆرمىتىنى قوزغىدى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جەي تەيفېڭ ئەپەندى شائىرنىڭ مۇشۇ خــىــلدىكى شېئىرلىرى ئۈستىدە توختالغاندا: «بۇ شېئىرلاردىن شـائـىـرنـىـڭ بـارغانلىكى يېرىدە قالدۇرغان يارقىن ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ھەربىر مىسرادا شائىرنىڭ چىن ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. شۇنداق، شائىرنىڭ بۇ شـېـئـىـرلـىـرىدا ھەتتا بۇ شېئىرلىرىنىڭ ھەربىر مىسرالىرىدا شائىرنىڭ دوستلۇققا ئېتىبار بېرىش، ئىناق، ئىتتىپاق دۇنيا بەرپا قـىـلـىـشـنـى تـەشـەبـبۇس قىلىش، گۈللىنىشكە، تەرەققىياتقا ئـىـنـتـىلىشتەك چىن ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. مانا بۇنداق ھېسسىياتنىڭ تۇرتكىسىدە شائىرنىڭ شېئىرلىرى ئاجايىپ شېئىرىي مەنە چوڭقۇرلۇقىنى ياراتقان.

زىيارەت، سەپەر مەزمۇنىدىكى شېئىرلار شائىر شېئىرلىرى ئىچىدە خېلى سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق شېئىرلار مەزمۇن

جەھەتتىن ئىنتايىن ئاكتۇئال مەزمۇننى ئىپادىلىگەنلىكى بىلەن زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ دوستلۇق، ئىناقلىق ۋە چۈشىنىش تۇيغۇسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئىناقلىقتا ئىتتىلىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ خىلدىكى شېئىرلارنىڭ كىتابخانلارغا بېرىدىغان ئېستېتىك زوقلاندۇرۇش كۈچىمۇ ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ.

شائىرنىڭ بۇنداق شېئىرلىرىدا، شائىر بارغان ئەللەردىكى گۈزەل تاغ-دەريالار، بوستانلىق شەھەر قىياپەتلىرى، ئاجايىپ مەنزىرىلەر ئىنتايىن جازىبىدارلىق بىلەن سۈرەتلىنىدۇ. شائىر يولۇقىدىن، كۆرگەن مەنزىرىلەر ئوبرازلىق تىل ۋە قايناق ھېسسىيات بىلەن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا جانلىق كارتىنا بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ. بىز كۆز ئالدىمىزدىكى نامايان بولۇۋاتقان جانلىق كۆرۈنۈشلەردىن ھەم زوقلىنىمىز ھەم شادلىنىمىز. قەلبىمىزنى ھاياجان چىرمىۋالىدۇ. مەسىلەن، بىز شائىرنىڭ 2002-يىلى يازغان «دوستلۇق چېچەكلىرى» ناملىق بىر يۈرۈش شېئىرلىرى ئىچىدىكى: «ئەرمىنىيە، گۈزەل ئەل» ناملىق شېئىرىغا قاراپ باقايلى:

يول بويىدا ھەر خىل گۈل،
ئېچىلىپتۇ بەس-بەستە.
خۇش ھىد چاچسا ھەر كىشى،
تويماي قارار ھەۋەستە.
سايۋا كۆلى چىرايلىق،
ئەينەك كەبى يالتىرار.
بۇغدا كۆلنى ئەسلىتىپ،
ئۈنچە مارجان چاچرىتار.
يايلاق ئىكەن ئەتراپى،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ياپلايدىكەن چارۋا مال.
قويلار خوددى ئاق بۇلۇت،
ئاتلىق چوپان شاد-خۇرام.

شائىر بۇ يەردە ئۆزىگە تەسىر قىلغان ئەرمىنىيەنىڭ پايتەختى ئېرىۋان شەھىرىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئەينەن تەسۋىرلەپ، بىزنىڭ ئېستېتىك زوقىمىزنى قوزغايدۇ. بولۇپمۇ شېئىردىكى ئوبرازلىق ئوخشىتىشلار، يارقىن سىلىشتۇرمىلار ۋە جانلىق سۈپەتلەشلەر تەسەۋۋۇر بوشلۇقىمىزنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، ئېستېتىك يۈكسەكلىكتىن بەھرىلەندۈرىدۇ.

بۇ يەردە يەنە شۇنى قەيت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، شائىرنىڭ بۇ خىل شېئىرلىرى ساياھەت ئەدەبىياتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا تولىمۇ قىممەتكە ئىگە. بۇ قىممەت ئالدى بىلەن بۇ شېئىرلاردا ئەكس ئەتكەن ئېكولوگىيىلىك تەبىئىي مۇھىت بىلەن مەدەنىيەت، تارىخ تۇسىنى ئالغان ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇ شېئىرلاردىكى مۇشۇ خىل مۇھىت تەسۋىرلىرى كىتابخانلارنى زور دەرىجىدە جەلپ قىلىش، تارتىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، كىتابخانلارنى تەبىئەت قوينىغا ئېلىپ كىرىپ تەبىئەت بىلەن يېقىنلاشتۇرىدۇ. تەبىئەتكە بولغان ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ. شېئىردا تەسۋىرلەنگەن مەدەنىيەت، تارىخ تۇسىنى ئالغان ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرلىرى بولسا كىتابخانلارنى رېئال تۇرمۇشتىن سۆيۈنۈش، ئازادىلىك، خاتىرجەملىك تۇيغۇسىنى بېغىشلاش جەھەتلەردە مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

بىز شائىرنىڭ شېئىرلىرىغا قارىساق ئېكولوگىيىلىك تەبىئىي مۇھىت تەسۋىرلەنگەن شېئىرلارمۇ، تارىخ، مەدەنىيەت تۇسىنى ئالغان شېئىرلارمۇ ئوخشاشلا ئۇچرايدۇ. شائىرنىڭ: «بېيىدەيخې

تەسىراتلىرى»، «گۈزەل شەھىرىگە مەدھىيە»، «ئانا دەريا—خۇاڭخې دەرياسى»، «چىڭشىيۇشەن تېغىغا مەدھىيە»، «بوخەي نەزمىسى»، «سەددىچىن سېپىلىگە چىققاندا» قاتارلىق شېئىرلىرى ئەنە شۇنداق شېئىرلار جۈملىسىدىندۇر. شائىر بۇ شېئىرلىرىدا ئۆزى كۆرگەن مەنزىرىلەرنى جانلىق تەسۋىرلەپ، كىتابخانلاردا تەبىئىي گۈزەللىكتىن زوقلىنىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىشتىن باشقا يەنە ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدىكى ئىجادىي خاراكتېرلىك پائالىيەتلىرىنى كىتابخانلارغا بىلدۈرۈش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. كىتابخانلار مەدەنىيەت، تارىخ تۇيسىنى ئالغان ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرىدىن بۇنداق بىلىشكە تېخىمۇ چوڭقۇر ئېرىشىدۇ. مەسىلەن، بىز شائىرنىڭ: «بېيدەيخې تەسىراتلىرى» ناملىق شېئىرىدىكى:

بېيدەيخې ياشنىغان كۆك قارىغايلىرىڭ،
قەلئەدەك مۇستەھكەم، سەلتەنەتلىك ھەم.
تىك تۇرار دولقۇنلۇق دېڭىز يۈزىدە،
تىك تۇرار جىلۋىلىك ساھىلدا ھەر دەم.

دېگەن مىسرالاردىن بىز بېيدەيخې دېڭىز مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكىدىن زوقلانساق، شائىرنىڭ: «سەددىچىن سېپىلىگە چىققاندا» ناملىق شېئىرىدىكى:

سەددىچىن سېپىلى
سەن ئۆزۈڭ گويا
جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەيسەر روھىغا
ئوقۇلغان سەلتەنەتلىك تارىخىي داستان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

تارىخنىڭ شىددەتلىك بوران-چاپقۇنى
ئۆچمەس قىلىپ ھەرتاش، ھەرخىشقا
باتۇرلۇق تەزكىرىسىنى ئويۇپ قالدۇرغان.
سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىن كۆرىمەن ھەر دەم
ئەمگەكچى خەلقىنىڭ پاراسىتىنى،
جاسارىتى ھەم كارامىتىنى،
ئۇ، مۇدھىش يىللاردا كۆندەك چاقنىغان.
...........
سېنىڭ ئېگىلمەس قامەتلىك بەستىڭ
جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سىمۋولى، جېنى.
ئىپتىخارى غۇرۇرى ھامان.

دېگەن مىسرالاردىن ئەجدادلار ئەمگىكىنى بىلىش، ئۇلارنىڭ ياراتقان مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىدىن، مىراسلىرىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمىمىز.

شائىرنىڭ باشقا ئەللەرنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا يازغان شېئىرلىرى، بىلىش قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەنمۇ ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. مەسىلەن، شائىرنىڭ: «مۇزىكا ئاستانىسى— ۋېنا» ناملىق شېئىرىدا، مۇزىكا پىرى مۇزات توغرىسىدىكى تەسۋىرلەر ئۇچرايدۇ. «ئافىناغا مۇھەببەت» ناملىق شېئىرىدا، ئافىنانىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت-سەنئەت ماكانى ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ ئولىمپىك تەنھەرىكىتىنىڭ مۇشۇ يەردە باشلانغانلىقى توغرىسىدىكى تەسۋىرلەر ئۇچرايدۇ. دېمەك بىز شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرلىرىدىن، تارىخ ۋە مەدەنىيەت توغرىسىدا چوڭقۇر بىلىملەرگە، تونۇشلارغا ئىگە بولىمىز. ئۆزىمىزدە ئىنسانىيەت ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت كۆرۈنۈشلىرىدىن

پەخىرلىنىش ھېسسىياتى ھاسىل قىلىمىز. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، شائىر شېئىرلىرىدىن ھاسىل بولغان بۇنداق ئىپتىخارلىنىش، پەخىرلىنىش تۇيغۇلىرىمىز بىزنىڭ مەنىۋى دۇنيايىمىزدا بۇ خىل مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ تېخىمۇ يېڭى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىرادىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بىزنى ئىجادىي ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشقا ئۈندەيدۇ.

شائىرنىڭ زىيارەت جەريانىدا يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، شائىر بۇنداق شېئىرلىرىدا ئۆزى كۆرگەن كۆرۈنۈش، مەنزىرىلەرنى نوقۇل ھالدىكى زوقلىنىشنى چىقىش قىلىپلا يازمايدۇ ياكى بولمىسا، كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك تەشنالىقىنى قاندۇرۇشنىلا مەقسەت قىلىپ يازمايدۇ. بىز شائىرنىڭ مەنزىرە شېئىرلىرىدىن ئاجايىپ بىرخىل سىلىشتۇرمىنى بايقايمىز. شائىر ھەرقانداق بىر جايدا، ھەرقانداق بىر ۋاقىتتا ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى، ئۆز ۋەتىنىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بەلكى، كۆز ئالدىدا كۆرۈنگەنلىرىگە بۇ كۆرۈنۈشلەرنى سېلىشتۇرۇپ، بىزگە ئاجايىپ چوڭقۇر ھېسسىيات ئاتا قىلىدۇ. مەسىلەن، شائىرنىڭ: «بېيدەيخې تەسىراتلىرى» ناملىق شېئىرىدا بېيدەيخې بويىدىكى قارىغايلارنى تەسۋىرلىگەندە:

بار يىراق جايدىكى تەڭرىتاغدىمۇ،
مۇشۇنداق قارىغايلار تۇز ۋە باراقسان.
خىرۇستال كەبى مۇز تاغدا، چوققىدا،
خىرۇستال كەبى ئاق قاردا ياشنىغان.

دەپ يېزىپ، ۋەتەننىڭ شەرقى بىلەن غەربى ئەنە شۇنداق يىلتىزداش قارىغايلار بىلەن ئوخشاش كۆكىرىپ تۇرىدىغانلىقىدەك ئاجايىپ ھېسسىي مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شائىر بۇ شېئىرىدا يەنە بېيدەيخې بويىدىكى قۇملۇقلار توغرىسىدىكى تەسۋىرلىرىدە:

تەكلىماكان قۇمىدىن ئۇچۇملىغاندەك،
مەن ئالدىم ناتونۇش
بېيدەيخې ساھىلىنىڭ قۇمىدىن،
ئۇچۇملاپ قولۇمغا
تەڭرىتاغ باغرىدىكىدەك سەممىيەتتە،
سۆيدۈم ئۇنى ئاۋايلاپ.

دەپ يېزىپ، ۋەتەننىڭ ھەرقانداق بىر مەنزىرە ۋە كۆرۈنۈشىنىڭ ۋەتەن تۇپرىقىنىڭ مېھرىلىك ھىدى بىلەن تويۇنغان ئاساستا بىر-بىرى بىلەن باغلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. شائىرنىڭ يەنە: «سەپەر ئۇنچىلىرى»، «يۇننەن تەسىراتلىرى» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان شېئىرلىرى بار. بۇ شېئىرلىرىمۇ شائىر ۋەتىنىمىزنىڭ باشقا ئۆلكە-شەھەرلىرىنى كەزگەندە كۆرگەن مەنزىرىلەرنى ئۆز يۇرتىدىكى كۆرۈنۈشلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، باغلاپ تەسۋىرلەپ، بىزدە ۋەتەن تۇپرىقىنىڭ ئىللىق ۋە گۈزەل قوينى ھەققىدە چوڭقۇر سۆيۈنۈش تۇيغۇسى ھاسىل قىلىدۇ. ئەمدى شائىرنىڭ دوستانە ئەللەردە زىيارەتتە بولۇش جەريانىدا يازغان بىر تۈركۈم شېئىرلىرىغا قارايدىغان بولساق، بۇ شېئىرلىرىدىمۇ شائىر كۆرگەن، زوقلانغان مەنزىرە ۋە كۆرۈنۈشلەرنى ئۆز يۇرتى، ۋەتىنىدىكى كۆرۈنۈشلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەسۋىرلەپ، چوڭقۇر دوستلۇق، ئىناقلىق ھېسسىياتىنى ئالغا سۈرىدۇ.

مەسىلەن، شائىر «نىل دەرياسى» ناملىق شېئىرىدا:

نىل دەرياسى،
ئىچسەم سۈيىڭنى.
تارىم سۈيىدەك ئاقتى يۈرەككە،
ئۆچمەس رەڭ بەرگەن ئىككى دەريا تەڭ،
چىن دوستلۇققا سۇلماس چېچەككە.

دەپ يېزىپ، ئىككى ئەل، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك قىزغىن ھېسسىياتنى نىل دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسى ھاسىل قىلغان تەسىراتنى بايان قىلىش ئارقىلىق تولىمۇ ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن. شائىرنىڭ يەنە: «دوستلۇق چېچەكلىرى»، «زىيارەت ئۈنچىلىرى»، «ئەرەب خەلىپىلىكىگە زىيارەت»، «ئوكيانلارنىڭ ئۇ چېتىگە سەپەر» دېگەندەك كۆپلىگەن چاتما شېئىرلىرىدىمۇ ئەنە شۇنداق چوڭقۇر مەنىلىك سېلىشتۇرمىلار ئۇچرايدۇ. شائىر بارغانلىكى يېرىدە دوستلۇق، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىش ھېسسىياتىنى شېئىري تەسىرات ئىچىگە يۇغۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ. ئوبيېكتىپ كۆرۈنۈشلەر ھاسىل قىلغان تەسىراتلىرىنى بەدىئىي تەسەۋۋۇرلار بىلەن تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ، كىشىگە ئىلھام بېرىدىغان شېئىري مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇ. كىتابخاننى چوڭقۇر ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە تونۇشقا ئىگە قىلىدۇ. شائىرنىڭ شېئىرلىرى خەلقپەرۋەرلىك تۈيغۇلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەپ بەرگەچكە كىتابخانلارغا تولىمۇ گۈزەل سۆيۈنۈش ھېسسىياتى ئاتا قىلىدۇ. كىتابخانلار شائىر شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتكەن خەلقچىل ھېسسىياتنىڭ چىنلىقىدىن لەززەتلىنىدۇ ۋە گۈزەللىك ھېس

قىلىدۇ.

شائىر شېئىرلىرىدىكى خەلقچىللىق تۈيغۇلىرىنى، بىر شائىرنىڭ بىر سەنئەتكارغا خاس مەنىۋى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان قەلب دۇنياسى بىلەن باغلىنىشلىق دەپمۇ قارايمىز. شائىر بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئىلغار دۇنيا قاراشقا ۋە ئىلغار كىشىلىك قاراشقا ئىگە بولغاندىن باشقا يەنە خەلققە، ۋەتەنگە سادىق بولۇشتەك، ئۇنىڭ كۈيچىسى بولۇشتەك ئىجتىمائىي، كەسپىي ئەخلاقنىمۇ ئۆزىدە چوڭقۇر يېتىلدۈرگەن شائىردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىرنىڭ شېئىرلىرى پىكىر يولى تار، يۈزەكى بولۇشلاردىن خالىي ھالدا بىرخىل يۈكسەكلىك كامالىتى يارانقان، شۇنداقلا يەنە كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ۋە چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان شېئىرلارغا ئايلانغان.

# 3. تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرىدىكى دەۋر روھى

دەۋر روھى — يازغۇچى-شائىرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھەربىر پارچە ئەسىرىگە باسقان ئۆچمەس تامغىسى. چۈنكى ئەدەبىي ئەسەرلەر رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق زور دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ بىر پارچە ئەسەرنى بىر دەۋرنىڭ ئەينىكى دېيىشكە بولىدۇ. دەۋر روھى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا شۇ بىر پارچە ئەسەردە ئالغا سۈرۈلمەكچى بولغان ئاساسىي كۆز قاراش ئىدىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا بىر پارچە ئەسەردە بارلىققا كەلگەن دەۋرنىڭ جانلىق كارتىنىسى بولۇپ قالىدۇ.

تارىختا ياشاپ ئۆتكەن تالاي يازغۇچى-شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا بىزدە شۇ دەۋر توغرۇلۇق ئاز-تولا چۈشەنچە-تەسىرات پەيدا بولىدۇ. بىر ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رېئال تۇرمۇشقا ئاساسەن شۇ بىر دەۋرنى تەسەۋۋۇر قىلىمىز، مۆلچەرلەيمىز ھەمدە ئۇنىڭغا ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن باھا بېرىمىز. مەسىلەن، بىز يۈز يىل ئالدىدىكى ئامېرىكا جەمئىيىتىنى ياكى جۇڭگو جەمئىيىتىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرمىگەن بولساقمۇ ھېمىڭۋاي، لۇشۇن قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق يۈز يىل ئالدىدىكى ئامېرىكا جەمئىيىتى ياكى جۇڭگو جەمئىيىتى توغرۇلۇق ئاز-تولا چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز. ياكى مەلۇم بىر پارچە ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قايسى دەۋرنى ئەكس

ئەتتۇرگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايمىز. مانا بۇ بىز باشتىلا ئېيتىپ ئۆتكەن يازغۇچى-شائىرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە باسقان ئۆچمەس تامغىسىنىڭ، يەنى دەۋر روھىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

بىز يازغۇچى-شائىرلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئۇتۇقلىرىغا دىققەت قىلساق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سەھنىسىدە چاقناپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، تېيىپجان ئېلىيېۋ قاتارلىق شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە ئېسىل شېئىرلىرى بىلەن شېئىرىيەت مۇنبىرىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە.

دەۋر روھى، شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدىمۇ ناھايىتى يارقىن ئەكس ئەتكەن بولۇپ، شائىر ئۆزى ياشاپ ئۆتكەن ھەربىر تارىخىي دەۋرنى ئۆزىنىڭ تۈرلۈك تېمىلاردىكى شېئىرلىرىدا يارقىن شېئىرىي تىل ئارقىلىق ناھايىتى جانلىق، ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەردى. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن دەۋر روھى ناھايىتى روشەن بولۇپ، بۇلار ئاساسلىقى ئازادلىقتىن بۇرۇنقى دەۋر، ئازادلىقتىن كېيىن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغىچە بولغان دەۋر—ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغان يېڭى دەۋردۇر. شائىرنىڭ ئالدىنقى ئىككى دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شېئىرلىرى گەرچە سان جەھەتتە ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، ئەمما سۈپەت جەھەتتىن يەنىلا ياخشى يېزىلغان شېئىرلار بولۇپ، شائىرنىڭ شۇ دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرگەن شېئىرىي ئىجادىيىتىگە ھەقىقىي تۈردە ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

شائىرنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى گەرچە ئازادلىقتىن كېيىن باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن شائىر ئۆزى ياشاپ ئۆتكەن ئاشۇ كونا

جەمئىيەتنىڭ رېئال بەدىئىي كارتىنىسىنى شېئىرىي تەسۋىر ئارقىلىق سۈرەتلەپ، يېڭى دەۋردىكى خەلققە تەقدىم ئېتىپ، ئۇلارنى يېڭى جەمئىيەتنى قەدىرلەشكە، ئۇلۇغلاشقا چاقىردى. شۇنداقلا ھەقىقىي شائىردا بولۇشقا تېگىشلىك ۋىجدانىي بۇرچىنى ئادا قىلدى. «ئۆتمۈش خاتىرىسى» شائىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى شېئىر ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، شۇنداقلا ئازادلىقتىن بۇرۇنقى، يەنى كونا جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي ھالىتىنى جانلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن ۋەكىل خاراكتېرلىك شېئىردۇر. شائىر شېئىرنىڭ بېشىدا مونولوگ شەكلىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىدىن قانداق خۇلاسە چىقىرىش توغرۇلۇق ئۆز-ئۆزىدىن سورايدۇ. ئاندىن ئۆزىگە، ياشلىق دەۋرىدە كۆپ جەبىر-جاپا ۋە ئەلەم تارتقاچقا، ئۇ دەۋرلەرنى سۈرەتلەشكە قەلەم قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق جاۋاب بېرىدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ زور جاسارەت غەيرەت بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ:

بۇ قىسسە ياشلىقىمدىن بىر ھېكايەت،
قىلۇر ئەينى زاماندىن ھەم شىكايەت.

دەپ، ئاشۇ كونا دەۋر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلايدۇ.

ھەممىمىزگە ئايانكى، كونا جۇڭگو جەمئىيىتىدە فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ، باي-پومېشچىكلارنىڭ تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىگە، كەڭ خەلق ئاممىسىغا، بولۇپمۇ دېھقانلارغا بولغان زورلۇق-زومبۇلۇقى ئۇچىغا چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ زولۇمىدىن خەلققە تىنچلىق، ئاسايىشلىق يوق ئىدى.

شائىر شېئىرىدا:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مېنىڭ كىندىك قېنىم سىڭگەن بۇ تۇپراق،
ئانامنىڭ باغرىدەك كەڭرى ۋە يۇمشاق.

بىراق ئۇ ئىلگىرى— ئۆتمۈش زاماندا،
ئەجەب بىر يەر ئىدى ئۇشبۇ جاھاندا.

بۇ يۇرت ئەھلى يىل بويى يەر تېرىيتتى،
ئېكىنزارلىقتا ئىشلەپلا قېرىيتتى.

ۋە لېكىن قېينىلاتتى كۈن ئېتەلمەي،
ئاسايىشلىق ۋىسالىغا يېتەلمەي.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش هالىتىنى ئۆز ئەينەن سۈرەتلەپ بەردى. شېئىردا يەنە ئۆزىنىڭ ئاشۇ قاراڭغۇ زۇلمەتلىك كۈنلەرنى ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى، مېھرىبان، كۆيۈمچان ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىجارىگە ئالغان ئازغىنە ئېتىزدا كۈن بويى ئىشلەپ ئون جاننى باققانلىقىنى، قېرىنداشلىرىنىڭ يوقسۇزلۇقتىن، قاتتىق سوغۇقتىن تۇرمۇشلىرىنىڭ ئىنتايىن قاتتىقچىلىق ۋە جاپادا ئۆتكەنلىكىنى كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە شېئىري مۇھىت ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

شائىر ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق جاپالىق تۇرمۇشقا قېلىشىنى:

سەۋەب: يىللىق هوسۇلىنىڭ كۆپى باينىڭ،
سېرىقتال ئۆتكىنى ئۆتكەن گادايىنىڭ.

دەپ كۆرسىتىپ، دېھقانلارنىڭ يىل بويى ئېتىزدىن كەلمەي ئىشلەپ ئالغان ھوسۇلىنىڭ كۆپ قىسمىنى باي-پومېشچىكلارنىڭ، فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ تۇرلۇك ئالۋان-ياساق، باج-سېلىق قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئېلىۋالغانلىقىنى، دېھقانلارنىڭ يىل ئاخىرىدا يەنىلا قۇرۇق تاغارنىڭ ئىگىسى بولۇپ قېلىپ، كۈنلىرىنى غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى، يەنە تېخى گەدىنىگە بىر تالاي قەرزنىڭ ئارتىلىپ قالىدىغانلىقىنى، باي-پومېشچىكلارنىڭ جاپاكەش دېھقانلارنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە پارازىت قۇرتلارچە ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئاتىسىنىڭ بىر ئۆمۈر جاپا تارتىپ جاھاننىڭ خوۋلۇقىنى كۆرەلمەي كەتكەن ۋاقىتسىز ۋاپاتىدىن قايغۇرىدۇ. تۇرمۇشتىكى يوقسۇزلۇق دەردىدىن ئۆزىنىڭ كۈنلىرىنىڭمۇ ئاشۇ باي-پومېشچىكلارغا ئىشلەپ، ياشلىق ھاياتىنىڭ بىھۇدە خازان بولغانلىقىدىن ئېچىنىدۇ.

شائىر شېئىرىنىڭ كېيىنكى مىسرالىرىدا بولسا:

ئىلاھىم شۈكرىكىم بىر خۇش خەۋەرنى
ئىشىتتىم، نەخەۋەر، تاپتىم گۆھەرنى.

«پۈتكۈل ئەل زۇلۇمغا قارشى قوپۇپتۇ،
جاھالەت لەشكىرى تەسلىم بولۇپتۇ».

دەپ، يېڭى بىر دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

شائىر بۇ بىر پارچە شېئىرىدا ئائىلىسىنىڭ كونا جەمئىيەتتىكى تۇرمۇش قىياپىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، شۇ دەۋردە ياشاۋاتقان شائىر ۋە شائىرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تەقدىرداش ئاددىي

خەلقنىڭ غەم-قايغۇسىنى، رېئال تۇرمۇشنى تەسۋىرلەپ، شۇ بىر جەمئىيەتتىكى بىر دەۋرنىڭ پۈتكۈل بىر بەدىئىي كارتىنىسىنى شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق سۈرەتلەپ بەردى. يىغىپ ئېيتقاندا، شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدىن كونا جەمئىيەتتىكى باي-پومېشچىكلارنىڭ رەزىل قىياپىتى، ياللانما دېھقانلارنىڭ نىمجان ھالىتى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. باي-پومېشچىكلارنىڭ بۇيرۇقۋازلىقى، ئاددىي خەلقنىڭ ئاھۇ-زارى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

شائىر پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان «قەلب كۈيى» ناملىق شېئىرىدا:

پارتىيەم يوقسۇللار پاناھى ئۆزۈڭ،
غەمگۇزار ئانىسەن، ئۇلۇغ جانجان.

مېھرىبان چېھرىڭگە باقسام ھەر قېتىم،
ئېسىمگە كېلىدۇ شۇم ئۆتمۈش زامان...

دەپ، نەزىرىنى يەنە شۇ كونا فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئاغدۇرىدۇ.

ئۇ چاغلار...
ئويلىساق ئاھ قانداق دەھشەت!
زۇلمەتتە ئىڭرايتۇق، قىىنىلاتتى جان،
دەرد-ئەلەم غىزاسى ئىچىدە يوقسۇلنىڭ،
ئۆتكەنتۇق زار قاقشاپ كۆرمەي پۈتۈن نان.

يوقسۇزلۇق گاللاردىن قىسقان ئامبۇردەك،
تۆكۈلگەن كۆزلەردىن ياش ئورنىغا قان.
مۇستەبىت زالىملار ئوينىتىپ قامچا،
يىلىكنى شورۇشۇپ سۈرەتتى دەۋران.

زۇلۇمغا چىدىماي قانچىلاپ يوقسۇل،
يۇرتىدىن باش ئېلىپ بولاتتى سەرسان.
مۇدھىش تۈن ئىلكىدە بوغۇلۇپ نەپەس،
چىرايلار سارغىيىپ كەتكەنتى دەرمان...

شائىرنىڭ پارتىيىگە بولغان كۈچلۈك مېھىر-مۇھەببەتلىك تىنىقلىرىدىن پۈتۈلگەن بۇ شېئىرنىڭ يۇقىرىقى چەكلىك مىسرالىرىدىن بىز ئۆتمۈشنى، تارىخنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىش-چۈشىنىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالايمىز. ئۆتمۈشتىكى ئاۋام خەلقنىڭ كۆلپەتلىك تۇرمۇشىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. شائىر كونا فېئودالىلىق جەمئىيەتنى، ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىدا تۇرلۇك تېمىلار ئارقىلىق چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ شېئىرلاردا ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي زۇلۇملىرى، ئادالەتسىز تۈزۈمى پاش قىلىنىپ، فېئودال كۈچلەر، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلارنىڭ ياۋۇز ئەپت-بەشىرىسى دادىللىق بىلەن ئېچىپ تاشلانغان. خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى قاپلاپ كەتكەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھاياتقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشلىرىنى، مۇھەببىتىنى بەربات قىلغان قەلبىدىكى دەرد-ئەلەم، ھەسرىتى بىۋاستە ئىپادىلىنىپ، ئاۋام خەلقنىڭ غەزەپ-نەپرىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە يېڭى دەۋرگە مەدھىيە ئوقۇلغان.

1949-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، 2000 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق سۈرگەن فېئوداللىق تۈزۈم ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. خەلق يېڭى تۈزۈم ئاستىدىكى يېڭى تۇرمۇشقا قەدەم قويدى. ھەرقايسى ساھەلەر سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يولىدا

www.uyghurkitap.com

دادىللىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يېڭى مەنزىرىلەر بارلىققا كەلدى. رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەدەبىيات سەنئەت سېپىدىمۇ يېڭى، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، نادىر ئەسەرلەر كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. يازغۇچى-شائىرلار قولىغا قەلەم ئېلىپ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ غايەت زور نەتىجىلىرىنى، تەرەققىيات مۇساپىسىنى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى دەۋردىكى تۇرمۇشىنى، ئۈمىد-ئارزۇلىرىنى، رېئال تۇرمۇشقا، ھاياتقا بولغان پوزىتسىيىسىنى، مۇھەببىتىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن ئىپادىلىدى. دېموكراتىك ئىسلاھاتنى مەدھىيىلەپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يولىدا بارلىققا كەلگەن يېڭىلىقنى، ئىلغارلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى كوممۇنىستىك غايە، ئىدىيە، ئاڭ بىلەن تەربىيىلەشتە بايراقدارلىق رول ئوينىدى.

شائىر تۆمۈر داۋامەتمۇ ئۆزىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە بۇ دەۋرلەردىكى تۇرمۇش رېئاللىقىنى تەسۋىرلەشنى نەزەردىن ساقىت قىلمىدى. «داڭنىڭ (پارتىيە) خۇشاللىقى»، «بېشىم ئەمدى ساقايدى»، «سەپەر تەسىراتلىرى» قاتارلىق شېئىرلار شائىرنىڭ مۇشۇ دەۋر تۇرمۇشىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن ئېسىل شېئىرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ شېئىرلاردا ئىككى خىل دەۋر سېلىشتۇرما ئۇسۇل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى، دەۋر روھى روشەن ئىپادىلەنگەن.

ئەزالار ئىشقا تېز چىقمىسا ئەگەر،
بار ئەلەم كېلەتتى مەن بىچارىگە.
قانچە مىڭ تاياقنى سۇندۇردى دۈيجاڭ،

ئېرىشىپ بولالماي ئەپچىل چارىگە.

ھازىر ئىش باشقىچە، ئەزانى چىللاپ،
كالتەكلەپ يۇرمەيدۇ مېنى ھېچ دۇيجاڭ.
ئۇمۇ بىر ئېتىزنى ئاپتۇ ھۆددىگە،
ئېتىزغا ماڭىدۇ ئاتار-ئاتماي تاڭ.
— «داڭنىڭ خۇشاللىقى» دىن

كۆپتىن بۇيان كەلگەنتى
زادى بېشىم ساقايماي.
ئازاب چەككەن ئۇستىلەپ،
تۇزۇك داۋا تاپالماي.

*　　　*　　　*

چالا يەپلا غىزانى،
ئۆي-ئۆي چىللاپ ئەزانى،
تولا جوراپ ئاغرىنغان،
ئىشقا تۇزۇك سالالماي.

بىلمەي ئىشنىڭ ئېپىنى،
داشقازاننىڭ ئېشىنى،
ھەممەيلەنگە بۆلگەن تەڭ،
تۆككەن تەرگە قارىماي.

مەسئۇلىيەت تۇزۇمى،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

بولدى ياخشى ئۇنۇمى.
ئەزا ئۆزى دوختۇركەن،
يۇرۇپتىمەن ئۇقالماي.

—«بېشىم ئەمدى ساقايدى» دىن

يۇقىرىقى مىسرالاردىن بىز ئەينى دەۋردىكى كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۇرغۇن ھالىتى بىلەن يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ئېلىپ بېرىلىپ، ئەمگەكچىلەر ئۆزىنىڭ ۋە يەر زېمىنىنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلانغاندىكى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە بولغان قىزغىن، ئاكتىپ ھالەتنى كۆرەلەيمىز.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى زور دەرىجىدە ۋەيران بولغان، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى قالاق، ھەتتا بىر ئىزىدا توختاپ قالغان، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى يەنىلا ئەنئەنىۋى ئۇسۇلغا تايىنىدىغان بولغاچقا، دۆلەت ئېغىر دەرىجىدە كرىزىسقا دۇچ كەلگەن، خەلق تۇرمۇشى ناچار-نامراتلىق ھالىتىدە ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭخوا مىللەتلىرى زىچ ئۇيۇشۇپ ھەرقايسى سەپلەردە تىرىشىپ ئىشلەپ، يېڭى-يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ-بىپايان زېمىنىدا يېڭىچە ئۆزگىرىش، تەرەققىيات مەنزىرىلىرى بارلىققا كەلدى. «سەپەر تەسىراتلىرى» شائىرنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەرەققىيات قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن، دەۋرنىڭ ماس قەدەملىك تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ۋەكىللىك شېئىرىدۇر.

ئۆتمۈش...
ئاھ كۆلپەتلىك زامان.

قالدىكىن كۆمۈلۈپ چۆل-باياۋاندا،
قانچىلاپ كارۋان!
كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ،
ماڭدامدا مىڭ جەبىر كۆرۈپ،
بىر كۆڭلۈك مەنزىلنى،
باسقان ئىكەن بىر ئايدا ئاران.

بۈگۈن قارا، ھاۋا قاتنىشى،
گويا
يۈرەكتىن تەنگە تارالغان تومۇردەك
ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممە يېرىگە
تۇتىشىپ كەتتى
شۇنچە تېز، راۋان.
ئۇلۇغ بېيجىڭ بىلەن
چېگرا رايونىنىڭ
ئارىسىمۇ كەتتى يېقىنلاپ،
سەپەر قىلىش بوپقالدى ئاسان.

يۇقىرىقى مىسرالاردا شائىرنىڭ ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا قىلغان ھاۋا قاتنىشى سەپىرى ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ تەرەققىيات مەنزىرىسى بوشلۇقتىن كۆزىتىلگەن بولۇپ، شائىر قاتناش يوللىرىنىڭ راۋانلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ئوبرازلىق سۈرەتلىگەن. يېڭى دەۋرنىڭ كىشىلەرگە ئېلىپ كەلگەن بەخت-سائادىتىگە مەدھىيە ئوقۇغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئىككى يېقىمىدا،
بىپايان ئورماندەك زاۋۇت تۈرخۇنى،
قەد كۆتۈرۈپتۇ كۆككە تاقىشىپ،
ھوسۇللۇق ئېتىزلاردا،
ئوخشاپ زىرائەت؛
باغلىرىڭدا ھەم خىلمۇخىل مېۋە
كېتىپتۇ پىشىپ.
ئويلاپ قالدىم، جەننەت بۇ يەرگە،
كۆچكەنمىكىن ھەۋىسى كېلىپ.

بۇ مىسرالاردا دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن بولۇپ، بىز بۇ چەكلىك مىسرالاردىن شۇ دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۆزگىرىشىنىڭ سىيماسىنى كۆرەلەيمىز. شائىر يەنە «تەنتەنە» ناملىق شېئىرىدا بولسا تەرەققىياتنىڭ بۇ خىل ھادىسىلىرىنى سۈرەتلەش بىلەن بىرگە يەنە بۇ ئۆزگىرىش، تەرەققىياتلارنى ئەمدى باشلانغان تۇنجى قەدەم دەپ قاراپ، جەمئىيەتنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا تېخىمۇ زور ئۈمىدۋارلىق بىلەن، شۇ دەۋرنىڭ جۇشقۇنلۇق كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان قىياپىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا شائىر بۇ شېئىرلىرىدا ئاساسىي نۇقتىنى سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە قاراتقان بولۇپ، قويۇق شېئىرىي مۇھىت ئىچىدە شۇ دەۋر مۇھىتىنىڭ تەسىرىنى ئېنىق سۈرەتلەپ بەرگەن.

ۋەتىنىمىزنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي مۇھىتلىرىنى بىر مەھەل قاپقارا بۇلۇتتەك قاپلاپ كەتكەن مەدەنىيەت زور

ئىنقىلابى ئاياغلىشىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىز يېڭى بىر تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى دەۋرىدە خاتا لۇشيەنىنىڭ زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرى ئۆزىنىڭ يېڭى تېڭىنى، يېڭى باھارىنى كۆرۈۋالدى. يازغۇچى-شائىرلار بۇ يېڭى تارىخىي باسقۇچتا بارلىققا كەلگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغۋار ئىشلارنى، زور تەرەققىياتلارنى تەسۋىرلەپ تېخىمۇ كۆپ ئەسەرلەرنى يازدى.

شائىر تۆمۈر داۋامەتمۇ بۇ ئۆزگىرىشلەردىن زور ئىلھام ئېلىپ دەۋر روھىغا باي شېئىرلارنى كۆپلەپ ئىجاد قىلدى. شېئىر ئىجادىيىتىدە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى يېڭىلاپ، باش تېمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ھەرقايسى نۇقتىلاردىن جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

شادلىنىپ دېھقان كۈلۈپتۇ بۈگۈن،
قەلبىدىن كېتىپ ئەندىشە-تۈگۈن؛
ئۇلار كۈلكىسى سىڭىپمۇ كۆلكەڭ،
ئاڭا جور بولۇپ كۈلگىلى كەلدىم.

* * *

پاراغەت يولى ئەمدى ئېچىلدى،
پارتىيە نۇرى ھەريان چېچىلدى،
بىر مىليون باينى كۆرەي كېلەر يىل،
ئۈمىد ئۇرۇقى تەرگىلى كەلدىم.

شائىرنىڭ «سالام ۋە ئۈمىد» ناملىق بۇ شېئىرىدا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئاياغلىشىپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تىنچ-خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكى، پارتىيىنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بەختلىك تۇرمۇش يولىنىڭ ھازىرلانغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

شائىر «ئۆرلە، قىزىلسۇ» ناملىق شېئىرىدا:

پارلاق ھاياتنى كۆرۈپ قوينىۇڭدا،
چەكسىز شادلىقتا چۆمدۈم، قىزىلسۇ.
يېشىل مەخمەلدەك ئوتلاقلىرىڭدا،
ئازادە يايراپ كۈلدۈم، قىزىلسۇ.

كۈلۈپتۇ دەريا، قات-قات تاغلىرىڭ،
كۈلۈپتۇ گۈلگە تولغان باغلىرىڭ.
كۈلۈپتۇ مالچى، كۈلۈپتۇ دېھقان،
كېلەتتى شۇنى كۆرگۈم، قىزىلسۇ.

دەپ يېزىش بىلەن، دېھقانلارنىڭ شادلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئىسلاھات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئىپادىلەپ، ئىسلاھاتنىڭ تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

شېئىرنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىدا بولسا:

ئۆرلە قىزىلسۇ، گۈللە قىزىلسۇ،
گۈلگە پۈركەنسۇن چۆللەر، قىزىلسۇ.
پاراغەتلىك باغ بولسۇن قۇچىقىڭ،
تولسۇن قىمىزغا كۆللەر قىزىلسۇ.

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ئىسلاھاتتىن كۈتىدىغان زور ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى بايان قىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ مىسرالار يالغۇز شائىرنىڭلا ئەمەس بەلكى شۇ دەۋردىكى بارلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى تولۇق نامايان قىلىپ، دەۋرنىڭ پۈتۈن بىر يۈزلىنىشىنى كۆرسىتىپ بەردى.

زىمىستان قىش ئۆتۈپ كەتتى،
توڭمۇ ئېرىپ پۈتۈپ كەتتى.
نەۋباھاردا ئىللىق شامال،
سوغ ھاۋانى سۈرۈپ كەتتى.

* * *

باھار كەلدى، خۇش چاغ كەلدى،
شاۋقۇنلاندى يەنە ھايات.
دېھقان كۆچتى ئېتىز-قىرغا،
ئېتىز—بازار، ئېتىز ئاۋات.

شائىرنىڭ «باھار كەلدى» ناملىق شېئىرىنىڭ يۇقىرىقى مىسرالىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شائىر مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئاياغلىشىپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى

ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى يېڭى بىر تارىخىي دەۋرنى باھارغا ئوخشىتىپ ئۇنى كۈيلىگەن ۋە مەدھىيىلىگەن.

شائىر «يۇرەك ساداسى» ناملىق شېئىرىدا زوق-شوخ بىلەن كومپارتىيىنى مەدھىيىلەيدۇ. كومپارتىيىنىڭ شانلىق تارىخىغا شېئىرىيەتنىڭ يۈكسەك چوققىسىدا تۇرۇپ نەزەر سالىدۇ. كومپارتىيىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ۋە رېئاللىقتىكى كەسكىن كۆرەشلەردە دادىللىق بىلەن ئالغا بېسىپ ۋەتەننى، خەلقنى يېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەنلىكىگە چىن يۈرەكتىن ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. كومپارتىيە ئېلىپ كەلگەن يېڭى دەۋردىكى ئۆزگىرىش، تۇرمۇشتىكى خاتىرجەملىك، باياشاتلىقنى گۈزەل ۋە يارقىن شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

شائىر يەنە يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى شېئىرلىرىدا دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقنىڭ ئارزۇ ۋە ھېسسىياتىنى، رېئال تۇرمۇشنى تەسۋىرلەيدۇ.

تۆۋەندە بىز شائىرنىڭ «كۆكلەم ئاۋات» ناملىق شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى: شائىر شېئىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە:

پاھ، سۈرۈلگەندەك رەڭدار بۇلۇتلار،
كۆچمەكتە ماللار كۆكلەمگە قاراپ.
جاراڭلار خۇشال شاۋقۇن-سۈرەنلەر،
باھار پەيزىگە چۆمۈلدى ئەتراپ.

«مالىڭ ئامانمۇ؟» بۇ گەپ كۆكلەمدە،
سالام ئورنىدا ئىززەت-ئېھتىرام.
مال ئۈچۈن كۆيۈپ يانغان دىللارنىڭ،

تەپتى شۇ سۆزدىن ئاياندۇر تامام.

دەپ يېزىش بىلەن، كىشىلەرنىڭ مانا مۇشۇ خىل كىشىلىك تۇرمۇشتىن ئالەمچە شادلىق ۋە خۇشاللىقا چۆمۈلىدىغانلىقىنى ھەتتا بۇنىڭدىن غايىۋى كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى، بۇ خىل كۈچنىڭ ئۇلارغا بەخت-ئامەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ ھەمدە شېئىرنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىدا:

بۇندا كۆز ئاچار يورۇق ئالەمگە،
ھېسابسىز قوزا، ئوغلاق—يېڭى جان.
سەكرەر شادلىقتىن قىنىغا سىغماي،
مالچى قەلبىدە قوزغاپ ھاياجان.

كۆچمەكتە ماللار، باش يا ئايىغى،
كۆرۈنمەس پەقەت كۆزنى تىككەندە.
سىياسەت ئىشەنچ بەردى مالچىغا،
تۈگىمەس شادلىق قانچە دېگەنگە.

دەپ، مالچىنىڭ خۇشاللىقىنى يېزىش ئارقىلىق يېزىلاردىكى بېيىش مەنزىرىسىنى ئوبرازلىق سۈرەتلىگەن.

شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ ھەربىر پارچە شېئىرى خۇددى دەۋرنىڭ چاقىغا ئوخشاش دەۋر بىلەن تەڭ ئالغا ئىلگىرىلەپ ماڭدى. شائىر شېئىرلىرىدا دەۋرنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆچمەس رەڭگىنى جۇلالاندۇردى. شېئىرلىرى دەۋرنىڭ روھى، دەۋرنىڭ تىنىقى، دەۋرنىڭ ماس قەدەملىك تەرەققىيات يۈزلىنىشى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. تۆۋەندە بىز شائىرنىڭ

«كورلىغا بارغۇچە ئويلىغانلىرىم» ناملىق شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى.

شائىر شېئىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە:

تۇرپاندىن يولغا چىققان پولات يورغا،
پۇشقۇرۇپ كورلا تامان ئۇچۇپ بارار.
چايقالماس پىيالىگە قۇيغان چېيىم،
چوڭ بىنا خۇددى شۇ تاپ كۆچۈپ بارار.

كۆڭلۈمدە رەھمىتىم جىق بۇ يول ئۈچۈن،
جان تىكىپ تەر ئاققۇزغان باتۇرلارغا.
باتۇرلۇق داستاندۇر ئىش ئىزلىرى،
مۆجىزە پۈتۈلگەندۇر قۇر-قۇرلارغا.

دەپ يېزىپ، تۇرپاندىن كورلىغا پويىز قاتنىغانلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى تەرەققىياتنىڭ ھالىتىنى ئوبرازلىق سۈرەتلىگەن. شائىر شېئىردا يەنە نەزىرىنى ئۈتمۈشكە ئاغدۇرۇپ، قاتناش ئىشلىرى تەرەققىي قىلمىغان، كىشىلەر ئات-ئېشەك، تۆگە قاتارلىق جانىۋارلارغا تايىنىپ سەپەر قىلىدىغان كونا دەۋرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئاچچىق كەچۈرمىشلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ، يېڭى دەۋردىكى يېڭىلىققا ئالقىش ياڭرىتىدۇ. بۇنىڭدىن چەكسىز سۆيۈنىدۇ.

ۋاھ، بۈگۈن ئىلىم-پەننىڭ كۈچى بىلەن،
بۇ سايلار كۈمۈش يولغا يول بوشاتتى.
كەلمەسكە كەتتى ئەبەد «گۆر ئازابى،»



www.uyghurkitap.com

ئارزۇلار سۇلماس بولۇپ چېچەك ئاتتى.

بۇ مىسرالاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شائىر يېڭى دەۋردىكى ئىلىم-مەرىپەت گۈللەنگەن، ئىلىم-پەن ئۆز كۈچىنى ھەرقايسى ئورۇنلاردا كۈچلۈك نامايان قىلىپ تېگىشلىك رولنى ئۆتەۋاتقان يېڭى دەۋرنى مەدھىيىلىگەن. شائىر شېئىردا يەنە يېڭى دەۋردىكى ئىلىم-مەرىپەت روھىنى ئۇلۇغلىغان. بۇ خىل روھتىن تېخىمۇ زور، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك تەرەققىيات ھالەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەن.

شائىر شېئىرىنىڭ ئاخىرىدا:

كورلىدا پويىز ئۇچۇن بۈگۈن لېنتا
كېسىلدى، گۈدۈك بەردى پاراۋۇزلار.
ئەتىلا قەشقەر، خوتەن بۈگۈنكىدەك،
شادلىنىپ بۇ تۇلپارنى كۈتۈۋالار.
خىياللار تاتلىق، ئارزۇ خۇددى گۈلدەك،
پورەكلەپ غۇنچە ئاچار دەۋرىمىزدە.
جاھاننى تاڭ قالدۇرۇپ تۆھپىمىزدىن،
تويلارنى ئوينايمىز ھۆر ئەتىمىزدە.

دەپ، ھازىر قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر بىلەنلا بولدى قىلماي، بەلكى تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، پارلاق كەلگۈسىنى يارىتىش ئۈچۈن توختىماستىن كۈرەش قىلىدىغانلىقىدەك دەۋرنىڭ يۈكسەك نىشانىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

شائىر يەنە ئۆزىنىڭ: «جۇڭغارغا پۈتۈلدى قانات»ناملىق شېئىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە:

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

توپلاندى، يامرىدى ئادەم كەلكۈنى،
تۆمۈريول چېتىگە شۇنچە شاد-خۇرام.
ئانار رەڭ جىلۋىلىك مەڭزلىرىدىن،
ئاقاتتى بەختىيار ياش تارام-تارام.

دەپ يېزىش بىلەن، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا شىخەنزە شەھىرىگە پويىز قاتناش بىلەن تەڭ، جۇڭغار ئويمانلىقىغا سۈنماس ھەم قايرىلماس قانات پۈتۈلدى، شۇنداقلا بۇ بىر ئەڭگۈشتەر كەبى نۇر چاقنىغان تارىخىي بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى، دېيدۇ ھەمدە بۇ تارىخىي بۇرۇلۇش نۇقتىسىنىڭ چوڭلۇقلەرگە يېڭى-يېڭى تۇرمۇش مەنزىرىلىرى ئاتا قىلىدىغانلىقى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ تۆمۈر يولدىن شىمالىي شىنجاڭنىڭ يىراق كەلگۈسىگە نەزەر سالىدۇ.

شائىر شېئىرنىڭ ئاخىرىدا:

ئېھ، ئانا تەڭرىتاغ، سۆيۈملۈك شىنجاڭ،
ئۇچتۇڭسەن غايەڭدىن ئېلىپ كۈچ-ئىلھام.
يايرىتار ئىسلاھات مېۋىسى دىلنى،
سائادەت ئىشىكى ئېچىلدى داغدام.

دەپ يېزىپ، ئىسلاھاتنىڭ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا ئېلىپ كەلگەن غايەت زور ھاياتىي كۈچىگە مەدھىيە ئوقۇغان.

شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا دەۋر روھىنى چىنلىق بىلەن قايتا نامايان قىلغان. بىز شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغاندا شېئىردا سۈرەتلەنگەن دەۋرنىڭ سىيماسىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.

دەۋرنىڭ غايەت زور تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇپ يېتەلەيمىز. شائىر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن يۇرتىمىزدا بارلىققا كەلگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى، تەرەققىياتلارنى ساپ ۋە چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن كۈيلەپ، يارقىن شېئىرىي مىسرالار بىلەن يېزىپ قالدۇردى. يېڭى بىر تارىخىي شارائىت، يېڭى بىر تارىخىي دەۋردە يۇرتىمىزدا بارلىققا كەلگەن يېڭى شەھەرلەرنى تەسۋىرلەپ، ئېسىل شېئىرلارنى يازدى. «قاراماي ناخشىلىرى»، «شىخەنزە» قاتارلىق شېئىرلار ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شائىر بۇ شېئىرلىرىدا ئىلگىرى ئادەم ئايىغى باسمىغان چۆللۈكلەردە مانا بۈگۈنكى كۈنلۈكتە قاينام-تاشقىنلىق ھاياتلىق پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىدەك رېئاللىقنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ يۇرتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغىلا يېڭى يوللارنى ئېچىپ بېرىپ قالماستىن، يېڭى ۋە زامانىۋى شەھەر بەرپا قىلىشىمىزغىمۇ غايەت زور تارىخىي پۇرسەتلەرنى، يېڭى ئىجادىي كۈچلەرنى ئاتا قىلغانلىقىدەك رېئاللىقنى تونۇپ يېتەلەيمىز.

ئۇنداقتا بىز شائىرنىڭ يۇقىرىقى شېئىرلىرىدىكى مىسرالىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

چۆلدە قەد كۆتۈرگەن ئەي كۆركەم شەھەر،
ھاياجان ئىلكىدە كەزدىم كوچاڭنى.
نېغىتچى باتۇرلار شەنىگە ئالقىش
ياغدۇردۇم كۆرگەندە مەھەللە-باغچاڭنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋەتەننىڭ قۇچىقى چەكسىز بىپايان،
ئاسمىنى ئىپاردۇر، توپىسى ئالتۇن.
چەكسىزلىك ئىچىدە سەن جۇشقۇن پارچە،
بىراق سەن ھارارەت، تۈگىمەس يالقۇن.

يالقۇننىڭ ئوت ياقماس كىمنىڭ قەلبىگە،
سۆيۈنمەس كىم ئەمگەك مۆجىزاتىدىن؟
جەننەتكە ئايلىنىپ قاپتۇ جەزىرە،
تاڭ قالدىم ئادەملەر كارامىتىدىن.
(— «قاراماي ناخشىلىرى» دىن)

ئېسىمدە بۇ يەرلەر ئىدى چۆل-قاقاس،
ئېسىمدە قۇمۇشلۇق، يۇلغۇن ۋە قۇملۇق.
سەن مەردلەر يۇرۇشى، ئەمگەكلىرىدە،
يارالغان دۇنياغا قان-تەردىن تولۇق.

* * *

سەن ئىجاد ھېكمىتى، ئەجىر گۈلشىنى،
بىر ئىشەنچ كۆڭلۇمدە چاقنار دەممۇدەم.
چۆللۈكلەر يارىلىش يولۇڭدا شۇنداق،
گۈزەللىك دۇنياسىغا تاشلايدۇ قەدەم.
(— «شىخەنزە» دىن)

بۇ چەكلىك مىسرالار بىزگە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىنكى يېڭى بىر تارىخىي دەۋردە يۇرتىمىزدا بارلىققا كەلگەن يېڭى زامانىۋى تۇستىكى شەھەرلەرنىڭ قىياپىتىنى ئەڭ ئىخچام، ئەڭ

جانلىق، ئەڭ يارقىن ۋە ئەڭ نەپىس ئۇسلۇبتا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز بۇ مىسرالاردىن يېڭى بىر تارىخىي دەۋرنى ھەممە ئۇنىڭ بارلىقىغا كېلىش مۇساپىسىنى كۆرەلەيمىز.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن رايونىمىزنىڭ ئىلگىرىكى بېكىنمە ھالىتى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە چېگرىداش قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقە كۈچىيىپ سودا ئىشلىرى راۋاجلاندى.

تۆمۈر داۋامەت سودا ئىشلىرىنىڭ رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرىنى رەھبەرلىك سالاھىيىتى بىلەنلا ئويلاناستىن بەلكى يەنە شائىرلىق سېزىمى بىلەن شېئىرىي مەيداندا تۇرۇپ شەرھلىدى. شائىر ئۆزىنىڭ «ئىككى چوڭ دەرۋازا» ناملىق شېئىرىدا:

ئۆزىمىز جەنۇبتىن، شىمالدىن تۇرۇپ،
ئارىنى كۈرمىڭ تاغ-دەريا ئايرىغان.
قەلبىمىز تۇتىشىپ كەتكەن بىر بولۇپ،
بار ئورتاق ئارزۇلار،
بار ئورتاق نىشان.
گۇاڭجۇ-شىنجاڭ ھەمكارلىقىنىڭ
يوللىرى راۋان، كۆپ
پارلاق ھەممە كەڭ.
ئىككى چوڭ دەرۋازا بولۇشۇپ ھەمدەم
چاچىدۇ گۈللىنىش نۇرلىرىنى تەڭ.

دەپ، دېڭىز بويى بىلەن ئىچكى قۇرۇقلۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى

رايوننىڭ مۇھىم ئىككى پورت بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى ئورتاق جارى قىلدۇرۇپ، ئورتاق گۈللىنىش ئۈچۈن تۇتۇق ئالغا ئىلگىرىلەيدىغانلىقىدەك يۈكسەك ئورتاق نىشاننى يورۇتۇپ بەرگەن.

شائىر: «تاشكەنت»، «دوستلۇق كۈيى» ناملىق شېئىرلىرىدا رايونىمىزنىڭ چېگرىداش قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان سودىدىكى دوستلۇقنى ئۇزاق تارىخ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى تارىخي دەۋردە بۇ دوستلۇقنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

چاڭئەندىن چىقسا كارۋان يىپەك تارتىپ،
ئۆتەتتى تۇرپان ئارا داۋان ھالقىپ.
سەن شۇ چاغ ئۇلۇغ يولدا چۈشكۈن بولۇپ،
تۇراتتىڭ ئۇيۇق كەبى كۆۋرۈك تارتىپ.

*　　*　　*

ئۇزۇۋەتكەن پەلەك بىر چاغ رىشتىمىزنى،
ئايرىۋەتكەن چىڭ سىقىشقان قولىمىزنى.
ئۇزۇلگەن يىپنى قايتا ئۇلاش ئۈچۈن،
كەلدىم مەن ئىزدەپ دوستلۇق يولىمىزنى.
(— «تاشكەنت» دىن)

ئەسسالام سوۋېت ئېلى — قېرىنداش ئەل،
كۈيلەيمەن چىن دوستلۇقنى تىلىم بىلەن.
ئەسقەر تاغ قارغىيىدەك كۆكلىسۇن دەپ،
قەدىرلەيمەن ئىناقلىقنى دىلىم بىلەن.

*　　*　　*

ئىككى ئەل جان دوست ئىدۇق كۆپ ئۇزاقتىن،
يىپەك يولى شۇ دوستلۇققا يارقىن مىسال.
تۆگە، قوتاز باسقان يولدا، ئەمدى قارا،
ياڭرايدۇ تۆمۈر يولدا ياڭراق سىگنال.
(— «دوستلۇق كۈيى» دىن)

بىز يۇقىرىقى چەكلىك مىسرالاردىن يېڭى بىر تارىخىي شارائىتتا، يېڭى بىر تارىخىي رايونىمىزنىڭ قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يولىدا ئىلگىرىكى يىپەك يولىنى بويلاپ، يېڭىچە قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانلىقىدەك يېڭى ئوبرازنى كۆرەلەيمىز.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرى باشتىن-ئاخىر كۈچلۈك دەۋر روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان بولۇپ، شېئىرلار دەۋر بىلەن تومۇرداش. بىز ھەربىر پارچە شېئىرنى چىن ئىخلاس بىلەن ئوقۇغىنىمىزدا شۇ دەۋرنىڭ قانداق مېلودىيىگە سوقۇۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. شائىرنىڭ ھەربىر يېڭى دەۋرگە بولغان ئاكتىپ، ئىنتىلىشچان پوزىتسىيىسىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بىلەن بىرگە ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيمىز. تېخىمۇ مۇھىمى، شائىر شېئىرلىرىدىن دەۋرنىڭ، جەمئىيەتنىڭ شۇنداقلا بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىنى كۆرىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 4. خەلق سەنئەتكە بېغىشلانغان قەلب

ئەدىب تۆمۈر داۋامەت ئىزچىل شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، يەنە خەلقىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۇرۇش ئىشلىرىغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ھەر مىللەت شائىر-يازغۇچىلىرى بىلەن قويۇق دوستلۇق ئورناتقان. ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ دوستلىرى بار، ئۇ دائىم ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ، پىكىرلىشىپ تۇرىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلايدۇ. ئەدىب يەنە تۈرلۈك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سۈپەتلىك ھەم خەلق ئاممىسىغا مەنئى زوق ئاتا قىلالايدىغان، خەلق ئاممىسىنى ئىلغار ئىدىيە، ئىلغار كۆزقاراش بىلەن تەربىيىلەيدىغان قىلىپ چىقىرىش توغرىسىدا تەكلىپ پىكىرلەرنى بېرىپ تۇرىدۇ. ئەدەبىي ژۇرناللار پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ تۇرىدۇ. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدىغىنى، شىنجاڭدىكى شائىر-يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بۆشىكى بولغان «تارىم» ژۇرنىلى 1986-يىلى ئۈچ يۈز سان نەشر قىلىنغاندا ۋە «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 50 يىل توشقان خاتىرە يىللاردا، ئەدىب تۆمۈر داۋامەت قولىغا قەلەم ئېلىپ ھاياجان بىلەن «سەنئەت گۈلى»، «مۇبارەك، ‹تارىم› قۇتلۇق تويۇڭغا» دېگەن شېئىرلارنى يازدى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغاندا: «تەڭرىتاغقا يېڭى مەدھىيە» ناملىق شېئىرنى يېزىپ، بۇ ژۇرنالنىڭ دۇنياغا

كەلگەنلىكىنى قىزغىن قۇتلۇقلىدى ۋە:

خويمۇ ئىللىق يەلپۈپ تۇرار باھار شامىلى،
خويمۇ يارقىن ئالتۇن ئاپتاپ كۈلگەن-چاقنىغان.
تىلەيمەنكى قار لەيلىسى تەڭرىتاغ ئۈزرە،
پورەكلىسۇن ھۆسن تۈزۈپ زاماندىن-زامان.

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ژۇرنالنىڭ ياخشى چىقىرىلىشىغا بولغان تىلىكىنى بىلدۈردى.

دېمەك، ئەدىب تۆمۈر داۋامەت ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىچ كۆيەرلىك بىلەن قوللاپ، تېگىشلىك ئىقتىسادىي ياردەملەرنى بېرىپ كەلدى.

ئەدىبنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك تۆھپىلىرىنىڭ بىرسى شۇكى، يېقىنقى يىللاردا ئۇ، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ گۈل تاجى، دەپ تەرىپلىنىدىغان ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» نى تولۇق سەھنىلەشتۈرۈش، ئېكرانلاشتۇرۇش خىزمىتىگە ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە تەشكىللىدى. ئۇ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام» نى ئۇيغۇر، خەنزۇچە، ئەرەبچە، ئىنگلىزچە قاتارلىق تۆت خىل يېزىق چۈشەندۈرۈشى بولغان VCD، CD، DVD پلاستىنكىسى قىلىپ سۈرەتكە ئېلىش ئىشىغا باشتىن-ئاخىر كۆڭۈل بۆلدى ھەم كۆرسەتمە بەردى.

ھەممىيلەنگە مەلۇمكى، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام» ى كۆلىمى زور سەنئەت قامۇسى. ھەربىر مۇقامنىڭ ئۆزى ۋاقىت، ئورۇن، ئورۇنلىنىش ئېھتىياجلىرىغا ئىگە. مۇشۇنداق زور خىزمەتنى سۈرەتكە ئېلىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. بۇ خىزمەتنىڭ قىيىنچىلىقى شۇ يەردىكى، ئۇ ئىلگىرىكىدەك سەھنىدە ئېيتىلىپ،

سەھنىدە سۇرەتكە ئېلىنماستىن، بەلكى مۇقام تېكىستىدە ئىزھار ئېتىلگەن مەزمۇن، ھېسسىيات ئىپادىلىرى، مەنزىرە كۆرۈنۈشلىرىگە ئايلاندۇرۇلۇپ سۇرەتكە ئېلىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستىدىكى ھەربىر مەزمۇننى ئەينى زامان كۆرۈنۈشىگە ئايلاندۇرۇپ، جانلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن رېژىسسورلارنىڭ باش قاتۇرۇپ مەنزىرىدە كۆرۈنۈش تاللىشىغا، ئارتىسلارنىڭ كىنو-فىلىملاردىكىدەك چېۋەرلىك بىلەن رول ئېلىشىغا، سۇرەتكە ئېلىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ زامانىۋى بولۇشىغا توغرا كېلىدۇ. مانا شۇنداق تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن بىرگە، مۇھىمى يەنە كېتىدىغان ئىقتىساد مەسىلىسىمۇ مۇھىم ھالقا. بۇلار يېتەرلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىنمىسا بۇنداق مۇشكۈل ئىشنى ھەرگىز ئاخىرىغا ئېلىپ چىققىلى بولمايتتى. بەزى ئىشلارنى ئېغىزدا دېيىش ئاسان، لېكىن ئەمەلىيەتتە تىرىشىپ ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئىنتايىن مۇشكۈل. ئەدىب تۆمۈر داۋامەت «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام» نى ئېكرانلاشتۇرۇش، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا نۇرغۇن ئەمەلىي ياردەم، تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. دېمەك، ئەدىب ئۆزىنىڭ خەلق سەنئىتىنى سۆيۈش، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتەك ئالىيجاناب خىسلىتىنى مۇقامنى ئېكرانلاشتۇرۇش جەريانىدا يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.

بىزگە مەلۇمكى، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە بېيىتىلىپ، تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. پەقەت 16-ئەسىرگە كەلگەندىلا ئاندىن سىستېمىلىشىشقا باشلىغان. يەركەن خاندانلىقىدا مۇزىكانت ھەم شائىرە ئاماننىساخان سۇلتان ئابدۇرەشىتخاننىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۈسۈپ قىدىرخان قاتارلىق مۇقام ئۇستازلىرىنى «ئون

ئىككى مۇقام»نى كەڭ دائىرىدە قېزىش، توپلاش ۋە رەتلەشكە ئۇيۇشتۇرغان ئىدى. نەتىجىدە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن مۇقام كۈي-ئاھاڭلىرىنى مۇقىم شەكىل بىلەن، مۇقىم ۋاقىت ئىچىدە ئورۇندىلىدىغان تۈسكە كەلتۈرگەن. شۇندىن كېيىن زور ھەجىمدىكى ئون ئىككى يۈرۈش مۇقام مۇزىكىلىرى رەتلىنىپ رەسمىي ئورۇندىلىشقا يۈزلەندى.

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام»ى نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى خەلقىمىز ئارىسىدا ئاغزاكى ھالدا تارقىلىپ، ياد ئېلىش يولى بىلەن ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن. ئازادلىقتىن ئىلگىرى «ئون ئىككى مۇقام»نى ھاسان تەمبۇر، ھۆسيۈن تەمبۇر قاتارلىق بىرنەچچە ياشانغان سەنئەتكارلارلا مۇكەممەل ئورۇندىيالايتتى، ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز بۇ قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىي مىراسنى قۇتقۇزۇش، يىغىش، رەتلەش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى. 1951-يىلى ئۈرۈمچىدە تۇرداخۇن ئاكا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ھوشۇرئاخۇن ۋە روزى تەمبۇر، ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپلارنىڭ ئورۇندىشىدا «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام»ى تۇنجى قېتىم لېنتىغا ئېلىندى. يولداش ۋەن تۇڭشۇ تەرىپىدىن مۇقام ئاھاڭلىرى بەش سىزىقلىق نوتا بىلەن خاتىرىلەپ چىقىلدى. «ئون ئىككى مۇقام»نى رەتلەش، لېنتىغا ئېلىش ئىشلىرىغا يەنە شائىر ئابدۇكېرەم خوجايۇپ قاتنىشىپ، تەرجىمە ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ بولسا مۇقام تېكىستلىرىنى خاتىرىلەش، رەتلەش ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن.

ئېلىمىزدە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يولغا قويۇلغان يېڭى دەۋرنىڭ باشلىنىشىغا ئەگىشىپ «ئون ئىككى مۇقام»نىڭمۇ يېڭى دەۋرى باشلاندى. ئۇزۇن يىل تاشلىنىپ قالغان «ئون ئىككى مۇقام» قايتا قولغا ئېلىندى. 1977-يىلى، ئەدىب تۆمۈر داۋامەت

مۇقامشۇناسلاردىن، زىكرى ئەلپەتتا ۋە مۇسەنجان جامى قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، تۇردى ئاخۇن ئاكا قاتارلىقلارنىڭ ئەينى يىللاردا ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىنغان لېنتىلىرىنى قايتا رەتلەپ، تەتقىق قىلىپ تۇنجى قېتىم «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى نەشر قىلدۇردى. مۇقامنىڭ قايتا نامايان قىلىنىشىغا ئەگىشىپ ئاشۇ يىللاردا يەنە مۇقام تەتقىقات ئىشخانىلىرى ۋە مۇقام سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلدى. كېيىنكى يىللاردا يەنە ئەدىب تۆمۈر داۋامەتنىڭ كۆرسەتمە بېرىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى ۋە «ئون ئىككى مۇقام» ھەققىدە تەتقىقات، ئىزدىنىشلەر باشلىنىپ كەتتى.

20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 90-يىللارنىڭ باشلىرىغىچە پايتەختىمىز بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچى، مەكىت، قۇمۇل، يەركەن قاتارلىق جايلاردا «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتى بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نەشرگە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن: «مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە»، «مۇقام يۇرتىنىڭ يېڭى باھارى»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىلى ۋاريانتى»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئىلى خەلق ناخشىلىرى» قاتارلىق بىر يۈرۈش مۇقام تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي كىتابلار نەشر قىلىندى. 1997-يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا مۇقام سىنىپى تەسىس قىلىندى.

1996-يىلى تۆمۈر داۋامەت مۇقام سەنئەتكارلىرىدىن مەمتىمىن يۇسۇپ، ئابلىز شاكىر قاتارلىقلارنى بېيجىڭغا تەكلىپ قىلدى. «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ يوقىلىپ كەتكەن ۋە ئۇنتۇلغان خاتىمىسى (چۇشۇرگىسى) بولغان «ئابۇ چەشمە» مۇقامى ھەم ھەربىر مۇقام

چوڭ سەنەم قىسمىنىڭ بىر بۆلىكى بولغان «مۇستەھزات» قىسمى، مۇقام ئۇستازى ئامانىساخان ئىجاد قىلغان «ئىشرەت ئەنگىز» («شادلىق قۇرغۇچى») مۇقاملىرىنى قايتا تېپىپ چىقىش ئىشى ئىشلەندى. 1997-يىلى جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى ئاشۇ قېتىملىق تەتقىق قىلىش ۋە رەتلەش ئاساسىدا شەكىللەنگەن، ئەدىب تۆمۈر داۋامەت باش تەھرىرلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھەم كىرىش سۆز يېزىپ بەرگەن 13 توملۇق چوڭ تىپتىكى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ناملىق كىتابنى نەشر قىلدى. دېمەك، ئەدىب تۆمۈر داۋامەتنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى، مۇقامشۇناس سەنئەتكارلارنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام» ۋە ئامانىساخان ئىجاد قىلغان «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنىڭ مۇكەممەل بەش سىزىقلىق نوتىسى، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ناخشا تېكىستلىرى، ئۇيغۇرچە تېكىستلەرنىڭ لاتىنچە ترانسكرىپسىيىسى، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ئىزاھات، شائىرلارنىڭ تەرجىمىھالى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقەدەر نوپۇزلۇق، قېلىپلاشقان، مۇكەممەل جۇڭگو «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام»ىنىڭ كىتابى دۇنياغا كەلدى.

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام»ىنىڭ VCD، DVD، CD پلاستىنكىلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئەدىب تۆمۈر داۋامەت 2002-يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ رەھبىرىگە خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ جۇڭگو «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام»نى، «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر» ھېسابىدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا مەلۇم قىلىش ھەققىدىكى قاراشلىرىنى سەممىي بايان قىلدى. تۆمۈر داۋامەتنىڭ تەكلىپ بېرىشى ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا،

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككى تەرەپتىن قول سېلىپ ئىشلىشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشى نەتىجىسىدە، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئىبارەت بۇ — يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى پەن-تېخنىكىلىق، مول ۋە كەڭ دائىرىلىك ماتېرىيال ئاساسىغا ئىگە، مۇكەممەل، قايىل قىلىش كۈچى بار بولغان سەنئەت جەۋھىرىنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىغا مەلۇم قىلىش دوكلاتى تەييارلاندى. 2005-يىلى 11-ئاينىڭ 25-كۈنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۇ غايىسى ئەمەلگە ئاشتى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام»نىڭ رەتلىنىش، تولۇقلىنىش، مۇكەممەللىشىشى، شۇنداقلا CD ،DVD ،VCD پىلاستىنكىسى بولۇپ ئىشلىنىپ، دۇنياغا تارقىلىشىدا، ئاخىرىسىدا «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ شان-شەرەپ قازىنىشىدا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ قوللىشى، مەدەت بېرىشى، شۇنداقلا ئەدىب تۆمۈر داۋامەتنىڭ بۇ سەنئەت گۆھىرىگە بېغىشلانغان ئالىيجاناب قەلبى ۋە تىرىشچانلىقى مۇھىم رول ئوينىدى ۋە تۆھپە بولدى.

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام»ى يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەنئەت گۆھىرى بولۇپلا قالماي، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭمۇ بىباھا سەنئەت گۆھىرىدۇر. ئۇنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئارقىلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شان-شەرەپ، ئىپتىخار تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شائىر تۆمۈر داۋامەت 1988-يىلى يازغان: «دۇنياغا يۈزلەنسۇن مۇقام» ناملىق شېئىرىدا ئەنە شۇنداق جەڭگىۋار ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن ئىدى. دەرۋەقە شائىر شۇ شېئىرىدا ئىپادە قىلغىنىدەك، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام»نى دۇنياغا

يۇزلەندۇرۇش ئۇچۇن زۆرۈر تەييارلىق خىزمەتلەرنىڭ پۈتۈشىگە يۈرەك قېنىنى ئايىماي سەرپ قىلدى، دېيىشكە بولىدۇ ئەلۋەتتە.

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام»نى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئارزۇيىمىز ئاخىر 2005-يىلى 11-ئايدا غەلىبىلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام»ى «ئىنسانىيەتنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. نەتىجىدە «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام»ى دۇنيا مىقياسىدا قوغدىلىدىغان، راۋاجلاندۇرۇلىدىغان سەنئەت مىراسىغا ئايلاندۇرۇلدى. مۇقام چوڭقۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن چىقىپ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى!

ئەدىب تۆمۈر داۋامەت خەلقنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنى رۇاجلاندۇرۇشقا بېغىشلانغان قەلبىنى يەنە يېڭى-يېڭى ئارزۇلار يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرمەكتە ۋە داۋاملاشتۇرماقتا. ئەدىب «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام»نى DVD، VCD قىلىپ نەشر قىلدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يەنە بىر خەلق سەنئىتى — ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىنى رايونلار ئالاھىدىلىكى بويىچە سۈرەتكە ئېلىش ۋە DVD، VCD پلاستىنكىسى قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ئىشلىمەكتە.

ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، ئۇ خاتىرىلەردە ئېيتىلىشىچە مىلادىيدىن ئىلگىرىكى زامانلاردىلا ئەل ئارىسىدا ئويىنالغان. 11-ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق ئالىم مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە، قەدىمكى قوشاقلار، دەپ ئۇيغۇر مەشرەپ قوشاقلىرىدىن خاتىرىلىگەن ئىدى. شۇندىن كېيىنكى دەۋرلەردە مەشرەپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمگەك، تۇرمۇشىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئەمگەك ھاردۇقىنى چىقىرىش،

خۇشاللىق ئاتا قىلىشلاردىن باشقا يەنە خەلقنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇش، ئەۋلادلارغا ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىش، مىللىي مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق تەرەپلەردە مۇھىم روللارنى ئويناپ كەلدى.

بۈگۈنكى دەۋردە خەلقىمىزنىڭ بۇ خىل سەنئەت مىراسىنى ساقلاش، قوغداش ۋە ئۇنى دۇنياغا يۈزلەندۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. شۇنداقلا، خۇددى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام» نىغا ئوخشاشلا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت خەزىنىسىنى دۇنياغا نۇرلاندۇرىدىغان ئالتۇن روجەكلەرنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ.

ئەدىب تۆمۈر داۋامەت خەلقىمىزنىڭ سەنئەت مىراسلىرىغا يۈكسەك ئاڭ ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، بۇ سەنئەت مىراسلىرىمىزنىڭ قىممىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. ئۇ خەلق مەشرەپلىرىنى تاللاش، بېكىتىش، ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئۆزى بىۋاستە بېرىش، نەق مەيداندا بىۋاستە كۆزدىن كەچۈرۈش قاتارلىق يوللار بىلەن يېتەكچىلىك قىلدى.

دېمەك، ئەدىب تۆمۈر داۋامەت ئۆزىدىكى خەلقچىللىق روھىنى شېئىرلىرىدا چوڭقۇر ئىپادە قىلىپ كەلدى ھەم شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۇنتۇلماس تۆھپە قوشۇشتى.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## 1. ۋەتەن سۆيگۈسى—ئۇلۇغ سۆيگۈ

### —«ۋەتەن تويىغا»ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

بىز گۈزەل ۋەتەنگە بولغان سۆيگۈمىزنى ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىپادىلەپ تۇرىمىز. كۈچلۈك ئىشتىياقى بىلەن ئۆز ۋەتىنىنى كۈيلەۋاتقان شائىرلىرىمىز ئاز ئەمەس. «ۋەتەن تويىغا» ناملىق بۇ شېئىر، ۋەتەنگە بولغان ئوتلۇق مېھىر-مۇھەببەت ھەم سۆيۈنۈشى مۇجەسسەملەنگەن ياخشى شېئىردۇر.

شائىر «ۋەتەن تويىغا» ناملىق بۇ شېئىردا ئۆز ۋەتىنىنىڭ زېمىنىنىڭ ئىنتايىن كەڭلىكىنى، بۇ كەڭرى زېمىندا ۋەتىنىنىڭ خۇشاللىق تويىنى تەبرىكلەپ ئوغلاق تارتىپ، ئۆز شادلىقىنى ئىپادىلەۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چېھرىدىن يانغان شادلىقىنى، چىن يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىققان خۇشاللىقىنىڭ ئۇلارنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولغان ئەتىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاش روھىدا چاقناۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىگەن. شۇنىڭدەك ۋەتەن قويىندا تىرىشىپ ئىشلەپ، باي، قۇدرەتلىك ۋەتەن قۇرۇش ھېسسىياتى ئەكس ئەتكەن. شۇ ئارقىلىق كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ۋەتىنىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋەتەندىن ئىلدۇ. كونىلاردا: «باشقا يۇرتتا سۇلتان بولغۇچە، ئۆزەڭنىڭ يۇرتىدا

www.uyghurkitap.com

ئۇلتان بول» دېگەن ھېكمەتلىك گەپ بار. بۇ گەپ ئورۇنسىز ئەمەس، باشقا ئەلدە سەن قانچىكى يۇقىرى ئورۇندا تۇرساڭمۇ، يەنىلا ئۆز ئېلىڭنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى ئۇ يەردە ھېس قىلالمايسەن. ئۆز ئېلىڭدە ياشىغاندەك كۆڭلۈك كۆتۈرەڭگۈ بولمايدۇ. بىز شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدىن، ۋەتەن سۆيگۈسىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ سۆيگۈ ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلغاندەك بولىمىز. بىز شېئىرنى ئوقۇغانسېرى شۇنداق ئويلايمىزكى، بىزنىڭ مۇشۇ گۈزەل دىياردا ئۆزىمىزگە تېگىشلىك بولغان ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلەردىن تولۇق بەھرىمەن بولۇپ ياشىشىمىز، ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، باشقا ئەللەر قاتارىدا ئالغا بېسىشىمىز پۈتۈنلەي ۋەتەندىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس تۇۋرۇكنىڭ بىزگە يار-يۆلەك بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ. ۋەتەن تويى بارچە ئەلنىڭ تويىدۇر. بۇ تويىنىڭ خۇشاللىقىغا يېتىدىغان خۇشاللىق بولمىسا كېرەك. ۋەتەن خاسىيىتى شادلىق ئۈستىگە شادلىق بېغىشلايدىغان خاسىيەتتۇر. شائىر ئەنە شۇنداق ھېسسىياتىنى ئۆز شېئىرىدا مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

ۋەتەن قوينى ياپيېشىل دۇنيا،
يېشىل دۇنيا ئوغلاق تارتىپتۇ.
بۇ — دەۋرنىڭ بەرىكىتىمىكىن،
ۋەتىنىمنىڭ شەۋكىتىمىكىن،
توي ئەھلىدە شادلىق ئارتىپتۇ.

بۇنداق گۈزەل، خاتىرجەم مۇھىت، ھەر مىللەت خەلقىدىن چىققان، خەلقىنىڭ ئازادلىقى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى

قۇربان قىلغان كىشىلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە كەلگەن. بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قان بەدىلىگە كەلگەن بۇ خاتىرجەملىكنى قەدىرلەپ، ئۇلارنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ئۇلارنىڭ باتۇر ھەم ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتۈش ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، گۈزەل ئەتىمىز ئۈچۈن قولنى-قولغا تۇتىشىمىز كېرەك.

شۇنداق قىلساق ئەجدادلىرىمىز بىزدىن خۇشال بولىدۇ. بىزمۇ ھايات يولىمىزنى توغرا باسقان بولىمىز. بىز ھەربىر قەدەمنى غالىبلارچە بېسىپ، ئاۋامغا شادلىق ئاتا قىلىدىغان خۇشاللىقلارنى ھاسىل قىلىشىمىز، غايە-ئارزۇلىرىمىزنى ئەمەلىي نەتىجىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىشىمىز كېرەك.

جانلىق بولغان سۈرەتلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق بۇ شېئىردا تەسۋىرلەنگەن «ۋەتەن» دىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ سۆزنىڭ مەنىسى كىشىنى تېخىمۇ ئويلاندۇرىدۇ. «ۋەتەن» سۆزىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئادەمگە بىرخىل كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى بېغىشلاپ، ھەربىر ئادەمنىڭ ئويلىنىپ بېقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى بىز ياشاۋاتقان بۇ گۈزەل دىيارنى، بىز ھۇزۇرلىنىۋاتقان ساپ ھاۋا، خاتىرجەم تۇرمۇش شارائىتلىرىنى، باللارنىڭ مۇشۇنداق ئەركىن چوڭ بولۇشى ئۈچۈن داغدام يول ھازىرلاپ بەرگەن ۋەتەن ئەمەسمۇ؟ شۇڭا بىز ۋەتەننىڭ بىزگە بەخش ئەتكەن شانلىق غەلىبىسىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بارلىقىمىزنى بېغىشلىشىمىز كېرەك. ۋەتەنپەرۋەرلىك سۆيگۈسى ئورتاق سۆيگۈ. ئۇ ھاياتىي كۈچكە تولغان سۆيگۈدۇر. ئۇ ئۆز ۋىجدان-غۇرۇرىنى ھەقىقىي، پاك ۋەتەنپەرۋەرلىك سۆيگۈسى بىلەن يۇغۇرغان دېھقانلىرىمىزنىڭ، ئىلىم-پەن بېغىدا تىنماي ئىزدىنىۋاتقان پەن-تېخنىكا خادىملىرىمىزنىڭ، ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ناخشىلىرى

ئارقىلىق ۋەتەن-خەلقنى كۈيلەۋاتقان سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ، ھەرقايسى جايلاردا دۆلەتنىڭ تىنچلىقى، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز كىرپىك قاقماي مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان ئارمىيە-جەڭچىلىرىمىزنىڭ، ئۆزىنىڭ چۈچۈك تىللىرى بىلەن ۋەتەننى مەدھىيىلەۋاتقان غۇنچىلىرىمىزنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇ سۆيگۈ، شېئىردىكى:

يوللار داغدام، نۇرلۇقتۇر نىشان،
ئالدۇق بۇگۈن تىزگىننى قولغا.

دېگەن مىسرالاردىكى ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش روھىدا تېخىمۇ جانلىق ئىپادىلەنگەن. ۋەتەنپەرۋەرلىك سۆيگۈسى بەك چوڭقۇر مەنىلىك سۆز. ئۇ خۇددى يۈرەك رىتىمىمىز بىلەن بىرلىكتە سوقىدۇ. قەلب تارىلىرىمىزنى ئاستا چېكىدۇ ھەم تىترىتىدۇ. بىز ۋەتەنىنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان خۇشاللىقى ۋە بەختىنى تىللاردا داستان قىلىپ يادلايمىز، ئۇنى مەڭگۈ جاراڭلىتىمىز!

ھېسسىيات — ئۇ شېئىرنىڭ جېنى. بۇ گەرچە كونا ھەم ئاددەتتىكىچە سۆز بولسىمۇ، ئەمما بىر پارچە شېئىر ھەقىقىي قايناق شېئىري ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان بولسا، بۇنداق چاغدا بۇ شېئىر قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ كىتابخانلارغا يېڭى ئېستېتىك زوق ۋە لەززەت بېغىشلايدۇ.

«ۋەتەن تويىغا» ناملىق شېئىر شائىرنىڭ ۋەتەن سۆيگۈسىدىن ئىبارەت قايناق ھېسسىياتى بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، كىشىگە ھاياجانلىق تۇيغۇ بېغىشلايدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى يېڭىلىق يارىتىشقا موھتاج. بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك تېمىسىنى

ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك تىمىسى قىلىپ، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئۇستىدە ئۇزلۇكسىز ئالغا باستى، خەلق ئۇچۇن خىزمەت قىلىشنى تۈپ نىشان قىلغان ھالدا رەڭدار مىللىي شەكىل يارىتىشقا تىرىشتى. شائىرنىڭ «ۋەتەن تويىغا» ناملىق شېئىرى ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە. شېئىر ئوغلاق تارتىشىش، بەيگىگە چۇشۇش قاتارلىق بىزنىڭ مىللىي تۇرمۇشىمىزدا بايرام، خۇشاللىق كۈنلىرىمىزنى، ئەڭ زور شادلىقىمىزنى ئىپادىلەيدىغان كۆرۈنۈشلەرنى تەسۋىرلىگەن.

شائىر ئۆز شېئىرىدا ئەنە شۇنداق شادلىق مەناسىنى ئىپادىلەيدىغان كۆرۈنۈشلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ۋەتەن قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىگەن. بۇنىڭ بىلەن شېئىرنىڭ ئىجادىيلىقى ھەم يېڭىلىقى تېخىمۇ ئاشقان. شائىر شېئىرلىرىدىكى خاسلىقلارنىڭ يەنە بىرسى شۇكى، شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا ۋەتەن، خەلق ئۇچۇن بارلىقىنى بېغىشلاشتەك قەسىمىنى ناھايىتى ئاكتىپ ئىپادىلىگەن. بىز شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن ۋەتەنگە، خەلققە بېغىشلانغان پاك قەلب ھېسسىياتىنى كۆرىمىز، شۇنداقلا بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ شەخسىي ھېسسىياتتىن ھالقىپ، زاماندashلىرىغا ئورتاق بولغان ھېسسىيات دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ ئىپادىلىنىشىنىمۇ كۆرىمىز. مانا بۇنداق مۇددىئا شائىرنى شېئىر يېزىشقا دائىم ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

شائىر ئۆز شېئىرىدا يەنە ۋەتەن سۆيگۈسىنى خەلق-ئەل سۆيگۈسى بىلەن زىچ باغلاپ، ۋەتەنگە بولغان چىن ھېسسىياتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. شائىر ۋەتەن سۆيگۈسىنى ئەلنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئەل بەختىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ مۇنداق يازىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

دەۋرىمىزنىڭ شانلىق نىشانى،
بىزنى باشلار غالىب كۈرەشكە.
قەيسىرانە شىجائەت بىلەن،
تولۇق، ئىشەنچ پاراسەت بىلەن،
تەر تۆكمىز ئەلنى گۈللەشكە.

دەرۋەقە، شائىرنىڭ ھايات مۇساپىسى ۋەتەنگە بولغان سۆيگۈ بىلەن، خەلققە بولغان مۇھەببەت بىلەن ئۆتتى. بۇ ئىككى خىل ھېسسىيات شائىر قەلبىدە بىللە مەۋجۇتتۇر. شائىر ئەلنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ھارماي تەر تۆكۈپ ئىشلەپ، ۋەتەنگە، ۋەتەنىنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئۈمىدىگە جاۋاب قايتۇرۇش يولىدا تىرىشتى. ۋەتەن— ئۇ ئۇلۇغ ئانا. ۋەتەن قوينىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان ھەربىر پەرزەنت ۋەتەن مېھرى بىلەن ئۆز قەلبىنى تويۇندۇرىدۇ، شۇنداقلا ۋەتىنىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئالىي ئىستەكنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ. ئەل ئۇچۇن تۆھپە قوشۇشقا بارلىقىنى بېغىشلاش روھى ئەنە شۇ ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش جۇملىسىدىندۇر. شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدا ئەنە شۇنداق بەدىئىي ئويلىنىش ئىنتايىن چوڭقۇر ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

# 2. سېنى دەپ ياشاشتىن ئارتۇق لەززەت يوق

## ——«خەلقىم» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

شېئىر—خەلقىمىزدە ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇ مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ تۈپكى ئەدەبىي شەكلى. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، شېئىر ئۇ ھېسسىي تۇيغۇنى لىرىك ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەش سەنئىتى ياكى ئوبرازلىق تىل سەنئىتى دېمەكتۇر. تار مەنىدىن ئېيتقاندا، شېئىر بىر ئوبرازلىق پىكىرنى رىتىم، ۋەزىن ۋە قاپىيە ئارقىلىق ئىخچام ۋە تەرتىپلىك ئىپادىلەش سەنئىتى دېمەكتۇر.

شائىر «خەلقىم» ناملىق شېئىرىدا كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇننى كۈچلۈك ھېسسىيات، مول تەسەۋۋۇر، جانلىق، ئوبرازلىق تىل بىلەن ئىپادىلەپ، كىتابخانلارنى شېئىرىي گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. شېئىر جەمئىي يەتتە كۇپلېتتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، شائىر ھەربىر كۇپلېت مىسرالىرىغا خەلققە بولغان ئوتلۇق چىن ھېسسىياتىنى سىڭدۈرۈپ، كۈچلۈك خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن.

شائىر شېئىرىنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىدا ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ھاياتىنى خەلقىنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن بېغىشلايدىغان، ھەممىدە خەلق مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. ئىككىنچى كۇپلېتتا، ئۆزىنىڭ بەختىيار ھاياتىنىڭ ئاشۇ جاپاكەش، مېھماندوست، ئاق كۆڭۈل، باتۇر، ئەمگەكچان

خەلـقىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە مېھنىتى بەدىلىگە كەلگەنلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئۈچىنچى كۇپلېتتا، خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخنىڭ ھەقىقىي ياراتقۇچىلىرى ئىكەنلىكى، بارلىق بەخت-سائادەتنى خەلق ياراتقانلىقىدەك پەلسەپىۋى يەكۈن ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. تۆتىنچى كۇپلېتتا بولسا، ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى «كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆزنى تېخىمۇ يارقىن يورۇتۇپ، خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسەتكە باي ئىجادچانلىق روھى مۇجەسسەملەشكەن قەلبىنى مەدھىيىلىگەن. بەشىنچى كۇپلېتتا، دۇنيادا ئادىل قەلبىنىڭ يەنىلا خەلق ئاممىسىدا ئىكەنلىكى، مۇھەببەت-نەپرىتى ئەڭ روشەن يەنىلا خەلق ئاممىسى ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ئالتىنچى كۇپلېتتا، ئەمگەكچى خەلقنىڭ خۇددى تەڭرىتاغدىكى قىش-ياز كۆكىرىپ مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان قارىغايلاردەك، جاپا-مۇشەققەت ئالدىدا قىلچىمۇ باش ئەگمەيدىغان جەڭگىۋار روھى مەدھىيىلىنىدۇ. يەتتىنچى كۇپلېتتا بولسا، شائىرنىڭ بەختى ۋە گۈزەل كەلگۈسىنىڭ، جانجان خەلقنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ھەم كەلگۈسى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكى ھەقىقىدىكى قارىشى ۋە مەڭگۈ ئايرىلماي بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

دېمەك بۇ شېئىردا، شائىر خەلققە بولغان باھاسى ئارقىلىق خەلققە بولغان سۆيگۈسىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. خەلق ساداقىتى، خەلق سۆيگۈسىدىن ئىبارەت ئىزگۈلۈك شائىرانە ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

بېشىڭ تەك، تەڭرىتاغ بېشىغا خەلقىم،
سەن ئەمگەك، زېھنىڭدىن تارىخ ياراتقان.
ھۆرلۈكنىڭ ئاشىقى بولۇپ ئەزەلدىن،

بېشىڭغا باتۇرلۇق تاجىنى تاققان.

خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى «ئەل قۇچىقى— ئالتۇن بۆشۈك» دەيدىغان مەشھۇر ھېكمەت مانا بۇ كۆپلېتلار ئارقىلىق تېخىمۇ يۇقىرى پەللىدە ئوبرازلىق نامايان قىلىنغان. دېمەك شېئىردا شائىرنىڭ كۈچلۈك خەلقپەرۋەرلىكى مەدھىيىلەنگەن. خەلققە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن. شائىر ئۆز شېئىرىدا يەنە خەلق ئامىمىسىنىڭ ھەقىقىي قەھرىمان ئىكەنلىكىنى، خەلق قەلبىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئادىل، ئەڭ ھەققانىي قەلب ئىكەنلىكىنى مۇنداق ئوبرازلىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

بۇركۈتتەك مەغرۇرسەن، دەرياەك ئويغاق،
ھەقىقەت بايرىقىڭ لەپىلدەپ تۇرغان.
باھاردەك ئىللىقسەن قېرىنداشلارغا،
دۈشمەنگە نەپرىتىڭ سوغۇق قەھرىتان.

ئاندىن شائىر خەلق توغرىسىدىكى پىكىرلەرنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ مۇنداق يازىدۇ:

ھۇنەرمۇ، سەنئەتمۇ ئالار سەندىن جان،
ئادىتىڭ ئىزدەنمەك ھەم قىلماق ئىجاد.
چاقنايدۇ كۆزۈڭدە ئەقىل-پاراسەت،
ئالدىڭدا يوق چىگىش، سىرلىق تىلسىمات.

خەلق قەلبى ھەممىدىن نۇرلۇق، خەلق پاراستى ھەممىدىن ئۆتكۈر ۋە قابىل. خەلقنىڭ ئىجادىي كۈچى تارىخنى

www.uyghurkitap.com

ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنى ئالغا سىلجىتىدۇ. دۇنيادىكى مۆجىزاتلار ئەنە شۇ خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە مۇجەسسەملەشكەن. دۇنيادىكى سىرلارمۇ خەلقنىڭ كوللىكتىپ پاراستى بىلەن ئېچىلماقتا. شائىر ئۆز شېئىرىدا يەنە خەلقنىڭ تارىختىكى ئورنىغا باھا بېرىدۇ ۋە قەيسەرلىك، باتۇرلۇق بىلەن غالىب كېلىش روھى پەقەت خەلققە مەنسۇپ روھ ئىكەنلىكىنى مۇنداق چوڭقۇر يورۇتۇپ بېرىدۇ:

جەڭلەردە، جاپادا خەنجەر ئىرادەڭ،
ئاپەتكە ئەگكىنىڭ يوق ھېچقاچان باش.
سېھىرلەر كۆزۈڭنى باغلىيالمىدى،
قەلبىڭدە يالقۇنجاپ يانغاچقا قۇياش.

بىز بۇ مىسرالارنى ئوقۇۋاتقاندا، شائىر قەلبى ئاستىدا ئۇبرازلىق تەسۋۋۇر قىلىنىۋاتقان خەلق روھىدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمىز. خەلق ئىجادىي كۈچىدىن ئوزۇق ئېلىپ غەيرەت-شىجائەتكە تولىمىز. خەلق قوينىدا ئۆسۈپ، خەلق قوينىدا تاۋلىنىش ئىرادىمىز ھەسسىلەپ كۈچىيىدۇ.

شېئىرنىڭ بەدىئىيلىكى يۇقىرى، شائىر ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن ياخشى پايدىلانغان، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر شېئىرىي تىلنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ تېخىمۇ راۋانلاشتۇرۇپ، تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. «خەلقىم» دە شائىر ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، شېئىردا ئالغا سۈرۈلگەن پىكىرنىڭ ئېنىق، جانلىق، ئۇبرازلىق بولۇشىنى قولغا كەلتۈرگەن. مەسىلەن، مۇنۇ

مىسرالارغا قاراپ باقايلى:

بۇركۈتتەك مەغرۇرسەن، دەريادەك ئويغاق،
ھەقىقەت بايرىقىنى لەپىلدەپ تۇرغان.
باھاردەك ئىللىقسەن قېرىنداشلارغا،
دۈشمەنگە نەپرىتىڭ سوغۇق قەھرىتان.

جەڭلەردە، جاپادا خەنجەر ئىرادەڭ،
ئاپەتكە ئەگكىنىڭ يوق ھېچقاچان باش.
سېھىرلەر كۆزۈڭنى باغلىيالمىدى،
قەلبىڭدە يالقۇنجاپ يانغاچقا قۇياش.

يۇقىرقى مىسرالاردا ئوخشىتىش، سۇپەتلەش، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەلگەن بولۇپ، شېئىرىي مەزمۇننى جانلىق ئىپادىلىگەن.

شائىر، خەلقىنىڭ تارىخ ئالدىدا، قىيىنچىلىق ئالدىدا مەغرۇر ھەم باش ئەگمەس روھىنى قەلبىنى قۇياشقا ئوخشىتىپ سۈپەتلىگەن. بۇنداق ئىستىلىستىكىلىق ئوخشىتىشلار ئۆز نۆۋىتىدە شېئىرنى تېخىمۇ جانلىقلىققا، پىكىرنى تېخىمۇ ئوبرازچانلىققا ئىگە قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 3. يۈكسىلىش ناخشىسى

## —«ئۆزگىرىش» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

قىزارغان گىردىلەر سەنەم مەڭزىدەك،
ياراشقان داستىخانغا خۇددى كەشتىدەك.
ئىشتەينى تارتىدۇ پىيالىدە چاي،
ئالتۇن رەڭ قايمىقى—چاقنىغان چېچەك.

بۇ مىسرالاردا گىردە-نانلارنىڭ شۇنچىلىك ئوخشىغانلىقى، مېھمانلىق داستىخانلارنىڭ گۈزەل كۆركى سۈپىتىدە تىزىلغانلىقى، قايماقلىق چاينىڭ پىيالىگە قۇيۇلغانلىقىدەك تەسۋىر ئارقىلىق شائىر باياشاتلىق ۋە توقچىلىقتىن بېشارەت بەرگەن، ئاندىن بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ خەلق قەلبىدىكى شادلىقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازغان:

مەن دېدىم: —مۆمىنكا، مۇشۇ كۈنلەردە،
قانداقراق ئۆزگىرىش بولدى بۇ جايدا؟
ئۆزگىرىش ئاز ئەمەس، باشقىسىنى قوي،
ئاددىيسى ئاياندۇر سەن ئىچكەن چايدا.

بۇ كۇپلېتتا، يېزىلىرىمىزدىكى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىرىشى نەقەدەر زور ئىكەنلىكى، دېھقانلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە، ئۆز تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش ياساپ، بېيىغانلىقىدەك مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ، دېھقانلىرىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشى

خۇشالچىلىقتا، رازىمەنلىكتە ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت يېڭى دەۋر قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئارقىدىن شائىر نامراتچىلىقتا ئۆتكەن كۈنلەرنى بۈگۈن ئۈچۈن كۈچلۈك سېلىشتۇرما قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا كەلسە بىر مېھمان،
زاغرىمۇ قويالماس ئىدۇق ئالدىغا.
قاتتىقكەن ھەممىدىن يوقسۇزلۇق دېگەن،
خىجالەت تىغ بولغان دېھقان باغرىغا.

بۇ شېئىر يېزىلغان يىللار، ئېلىمىزدە مۇدھىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئەمدىلا ئاخىرلاشقان، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئەمدىلا باشلانغان، دېھقانلىرىمىز نامراتلىقتىن تېخى ئەمدىلا قۇتۇلۇشقا باشلىغان دەۋرلەر ئىدى. بۇ مىسرادا، ئاشۇ يىللاردا دېھقانلىرىمىز ئۆز قورسىقىنىمۇ تويغۇزالماي، بىرەر مېھمان ئۆيگە كەلسە ئالدىغا چاي-نانمۇ قويالمايدىغان ھالەتتە ئىكەنلىكى، دېھقانلارنىڭ نەقەدەر ئېچىنىشلىق يوقسۇز ھالىتى سۆزلەنگەن. بەرھەقكى، ئاپتورنىڭ بۇ شېئىرنى يېزىشتىكى ئىدىيىۋى خاھىشى ۋە دېمەكچى بولغان مەركىزىي ئىدىيىسى تولىمۇ توغرا بولۇپ، ئەينى دەۋرلەردە، دېھقانلارنىڭ كۈنى راستتىنلا قىيىن ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا چوڭ قازاننىڭ تامىقى يېيىلەتتى. دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغايدىغان ئەۋزەل سىياسەت يوق ئىدى. تېخنىكا قالاق، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەن ئىدى. دېھقانلىرىمىز ھەرقانچە ئەمگەك قىلسىمۇ مەھسۇلات ئاشمايتتى. بيۇروكراتلىق، بۇيرۇقۋازلىق ئېغىر ئىدى. نامراتلىق دېھقانلىرىمىزنىڭ ئاكتىپلىقىنى بوغۇپ تۇراتتى. دېھقانلىرىمىز بېيىشقا، تەرەققىياتقا

ئىنتىلىسمۇ، تۇزۇم جەھەتتىكى چەكلىمىلىك ئۇلارنى بوغۇپ تۇراتتى. پەقەت 1978-يىلى چاقىرغان پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا يېزىلاردا يەرلەر دېھقانلىرىمىزغا بۆلۈپ بېرىلىپ، دېھقانلىرىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. يېزا ئىگىلىكىدە زامانىۋىلىشىش يولغا قويۇلدى. دېھقانلار ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولدى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇشقا يۈزلىنىپ، يېزا ھاياتىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. شائىر ئۆز شېئىرىدا يېزا ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەنە شۇنداق تارىخىي يۈكسەكلىكتىن تۇرۇپ كۆزىتىپ، بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ دەۋر قىياپىتىدىكى رولىنى جانلىق سۈرەتلىگەن. ئۆزگىرىش جەريانىغا سىڭگەن غايەت زور ھالقىشنى سۈرەتلىگەن. شۇ ئارقىلىق ئېلىمىز قىياپىتىدە بارلىققا كەلگەن يېڭىلىقلارغا مەدھىيە ئوقۇغان. بىزگە مەلۇمكى، ئېلىمىز چوڭ يېزا ئىگىلىك دۆلىتى، يېزا، يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلارنىڭ قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىش ھەم تەرەققىيات، ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيىسىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم. شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلار قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەسۋىرلەشنى ئۆز شېئىرلىرىدىكى ئاساسىي تېمىلارنىڭ بىرسى قىلىپ كەلگەنلىكى ئىنتايىن زور قىممەتكە ئىگە روھتۇر. شائىر ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكى تۇرمۇش بىلەن ئىسلاھاتتىن كېيىنكى تۇرمۇشنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ھازىرقى بەختىيار تۇرمۇشنىڭ نەقەدەر گۈزەل، نەقەدەر توقچىلىق ئىكەنلىكى مەدھىيىلەنگەن. يوقسۇزلۇق تۇمۇشنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكى ئىزھار قىلىنغان.

شېئىردا دېھقانلار تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ نەقەدەر چوڭ

ئىكەنلىكى، يېڭى دەۋرنىڭ دېھقانلارنىڭ تۇمۇشىغا ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇنلىغان غايەت زور ئۆزگىرىشلىرى «چاي ئىچىش» خۇشاللىقى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. چاي— ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بىر مەزمۇنى. ئوخشىغان قايماقلىق چاي ئىچىش، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا تۇرمۇشنىڭ باياشاتلىقىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى ھېسابلىنىدۇ. شائىر ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى ئاشۇ ئالاھىدىلىكنى تەسۋىرلەپ، بۇ ئارقىلىق يۈكسىلىشتىن بېشارەت بەرگەن ۋە مەدھىيە ئوقۇغان. قايماقلىق چايلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، يېڭى دەۋرگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن ھەمدە دېھقانلارنىڭ بەختىيار تۇرمۇشقا بولغان قىزغىن ھېسسىياتىنى ئېچىپ بەرگەن.

شېئىر بەدىئىيلىك جەھەتتىمۇ مەلۇم مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئىگە. مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ كەڭ كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولۇشى ئۈچۈن، ئاپتور مەزمۇن تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، يەنە بەدىئىيلىك جەھەتتىمۇ ئالاھىدە كۈچ چىقىرىدۇ. چۈنكى شۇ ئەسەردىكى مەزمۇننىڭ چوڭقۇر، ئىخچام ئىپادىلىنىش ۋە ئەسەرنى جەلپكارلىققا ئىگە قىلىش، كىشىگە زوق ئاتا قىلىش كۈچى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى، ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بولۇپمۇ مەزمۇنى ئىخچام، چوڭقۇر ئىپادىلەش، ئىدىيەنى تەسىرلىك، مېغىزلىق ئىپادىلەش، ئوبرازلىق سۆزلەر ئارقىلىق كەڭ دائىرىدىكى مەزمۇننى ئىپادىلەپ بېرىش، شېئىري ئەسەرلەرنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر. مانا مۇنداق مەقسەت ئۈچۈن قوللىنىلغان ئۇسۇل، ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىگە مەنسۇپ بولىدۇ. ئۇنداق بولسا، ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى دېگەن نېمە؟ ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى دېگىنىمىز، مۇنداقچە ئېيتقاندا

ئەسەرگە سىڭدۇرگەن ھېسسىياتنى تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ روشەن كۆرسىتىپ بېرىشتىكى ماھارەت مەسىلىسىدۇر. شائىرنىڭ شېئىردىكى تەسەۋۋۇر كۆچى قانچە مول بولسا، شېئىرنىڭ بەدىئىي زوقلاندۇرۇشىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

كونكرېت ئېيتقاندا، ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى ئۇنىڭ تىلى ۋە ھېسسىياتى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى، قۇرۇلما جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى بولۇپ، ئاپتور مۇشۇ جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىلا، ئاندىن كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق ئاتا قىلالايدىغان، بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى بولغان، مۇكەممەل بىر ئەسەرنى يېزىپ چىقالايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىر ماددىي جىسىم دەپ قارالسا، ئۇنىڭغا ئورالغان بوياقلار ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى، ئەلۋەتتە بۇ يەردىكى رەڭدار بوياقلار ئەسەرنىڭ تىل ۋە قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىتىلغان.

شائىرنىڭ «ئۆزگىرىش» ناملىق شېئىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختالساق شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدا ئىپادىلەنگەن ئاساسلىق مەزمۇن، مۆمىن ئىسىملىك دېھقاننىڭ ئىسلاھاتتىن كېيىنكى يېڭى تۇرمۇشىنى باياشاتچىلىقتا، شادلىققا تولغان ھالدا ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى مەدھىيىلەش بولغان. شائىر بۇ يەردە ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەر بىلەن كېيىنكى ئۆزگىرىشلەرگە بولغان مەدھىيە ۋە ئالقىشنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىرلەشتۈرگەن.

شېئىرنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ئۆزگىچە بولۇپ، بىزگە بىرخىل نۇقتىلىق ھەم مۇۋاپىقلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ. بىرىنچى كۇپلېت، داستىخاندىكى مولچىلىقنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق بۇ ئائىلىنىڭ باياشاتچىلىق تۇرمۇشىنى ئىپادىلىگەن. كېيىنكى



www.uyghurkitap.com

كۆپلېت، «مەن» ۋە «مۆمىن ئاكا» نىڭ دېئالوگى ئارقىلىق يېڭى زامانىدىكى باياشات تۇرمۇش بىلەن كونا زامانىدىكى يوقسۇزلۇقنى سېلىشتۇرغان. مانا بۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى كۆپلېتتىكى داستىخان مەدھىيىسى ئەسلىيدە يېڭى زامان باياشاتچىلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن ناھايىتى زىچ باغلىنىپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قۇرۇلما جەھەتتىن، مەزمۇن بۇگۈنكى كۈندىن ئۆتمۈشكە ئۆتۈپ، ئەسلىمە خاراكتېرىنى ئالغان. بۇ مەركىزىي ئىدىيىنى ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

تىل ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئاپتور شېئىر تىلىغا خېلى زور كۈچ سەرپ قىلغان بولۇپ، شېئىردىكى سۆزلەرنى تاللاشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. ئاپتور خەلق تىلىغا يېقىن ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىكى سۆزلەرنى تېكىستكە ئەينەن ئالغان بولۇپ، خەلق ئىچىدىكى ئاممىباب سۆزلەرنى شېئىرغا ئۆز پېتى ئەكىرىپ، شېئىرغا تېخىمۇ جان كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرغان.

ئاپتور شېئىردا كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ چۈشىنىشى بىر قەدەر تەسرەك بولغان كىتابىي تىلنى قوللانمىغان. شۇڭا شېئىردا بەدىئىيلىك ئارتۇقچە ئېغىر بولغان بىر قىسىم سۆزلەردىن خالىيلىشىپ، يەڭگىل ۋە سىلىق تۇس ئېلىپ، كىشىگە راھەت، يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدىغان، تىلى ئويناق، رەڭدار شېئىرغا ئايلىنىپ، بەدىئىي قىممىتىنى زور دەرىجىدە كۆچەيتكەن.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، شېئىرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى شېئىرنى تېخىمۇ جەلپكار ۋە ئاھاڭدار قىلغان. شۇڭا بۇ شېئىرنى مەيلى كىچىك باللار بولسۇن، مەيلى چوڭلار بولسۇن، ئوقۇغان ھامانلا چۈشىنەلەيدۇ. ھەتتا ساۋاتسىز ئادەملەر ئاڭلاپمۇ چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. ئەسەرنىڭ تىلىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى دېئالوگ ئارقىلىق كەڭ مەزمۇننى ئىخچام ئىپادىلەشتە كۆرۈلىدۇ.

مەسىلەن: «ئۆزگىرىش ئاز ئەمەس باشقىسىنى قوي، ئاددىيسى ئاياندۇر سەن ئىچكەن چايدا»، «ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا كەلسە بىر مېھمان، زاغرىمۇ قويالماس ئىدۇق ئالدىغا» مانا بۇ دېئالوگ زامان ئۆزگىرىشى بىلەن دېھقانىنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىنى چوڭقۇر ئىپادىلىگەن.

قوللىنىلغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلىرىمۇ ئىنتايىن مۇۋاپىق بولغان. بۇ شېئىردا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ناھايىتى مۇۋاپىق، جايىدا قوللىنىلغان بولۇپ، ئاساسلىق قوللانغان ۋاستىلەر ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش قاتارلىقلاردۇر.

ئاۋۋال ئوخشىتىش ئۇستىدە توختالساق، گىردە، سەنەم مەڭزىگە، مول داستىخان، كەشتىگە، قايماق، چاقنىغان چېچەككە ئوخشىتىلغان. مانا بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوخشىتىلغان نەرسىلەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قويۇق تۇرمۇش ئادىتىگە، ئېستېتىك قارىشىغا ماسلاشتۇرۇلغان. مانا بۇ تىلنىڭ تاللانغانلىقىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. سېلىشتۇرۇش شېئىردا ناھايىتى روشەن قوللىنىلىپ، شېئىرىي مەزمۇننى يورۇتۇپ بېرىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان ۋە شېئىرنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرغان.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، شائىر بەدىئىي جەھەتتە خېلى زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئىخچام سۆزلەر، مۇۋاپىق ۋاستىلەر ئارقىلىق يېڭى زاماننى كۈيلىگەن.

# 4. ئانا يۇرت ئۈمىدى

## —«كۈيلەيمەن سېنى شىنجاڭ» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

بۇ شېئىردا شائىر ئانا يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ تەبىئىي گۈزەل مەنزىرىسىنى ۋە شۇنىڭدەك دۆلىتىمىز شىنجاڭدا يولغا قويغان ئەۋزەل سىياسەت-فاڭجېنلىرىنىڭ پايدىلىق پۇرسىتى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرىنى تەسۋىرلەپ، شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەن گۈزەل مەنزىرىسىگە بولغان مەدھىيىسىنى ئىزھار قىلغان. شۇنىڭدەك، يەنە يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ باي، مۇنبەت تۇپرىقى ۋە تاغ-دەريالىرىنى، باغۇ بوستانلىرىنى، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى، ئانا يۇرت شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەخت قوينىدىكى خۇشاللىقى ۋە شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تەييار تۇرىدىغان زەربىدار، جەسۇرانە روھىنى تەسىرلىك مىسرالار ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن. مەسىلەن، شائىر ئۆز شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

تالاي رەسسام پەلكۈچ ئوينىتىپ،
سىزغان توزدەك رەڭدار ھۆسنىڭنى.
تالاي گېئولوگ كېزىپ قوينۇڭنى،
شان-شەۋكىتىڭدىن تاپقان ئۈچمەس ئىز.

مانا بۇ مىسرالاردا شىنجاڭنىڭ گۈزەللىكىنى شائىر رەسسام سىزغان گۈزەل قۇش—توزغا ئوخشاتسا، شىنجاڭنى ئېچىپ، ئانا يۇرتىمىز شىنجاڭنى گۈزەل، باي، تەرەققىي قىلغان بىر ماكان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشۇۋاتقان جەسۇرانە پىداكار ئەزىمەتلەرنىڭ قەيسەر روھىنى يېڭىلمەس روھنىڭ سىمۋولى بولغان پەرھات روھىغا ئوخشىتىدۇ. شائىر يەنە:

ئەي ئالتۇن دىيار،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىللىق ماكانى!
ماڭلايدىن تۆكۈلگەن كۈمۈش تەرلەردىن،
ياشىماقتا ئەلنىڭ بەخت باھارى.

دەپ يېزىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، باغرى كەڭ ۋە ئىللىق، تۈپرىقى مۇنبەت، باي ۋە خاسىيەتلىك بولغان مېھرىلىك ماكان— شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىدە خۇشال-خۇرام، باي-باياشات ۋە خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىدەك تۇرمۇش كارتىنىسىنى گۈزەل تىل ۋە مەجازىي ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمىدە جانلىق ۋە تەسىرلىك قىلىپ سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

شائىر ئۆز شېئىرىدا شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىدا گۈللىنىشكە قاراپ ئات سالغانلىقىدەك جۇشقۇن مەنزىرىسىنى ھاياجان بىلەن تەسۋىرلەيدۇ ۋە مەدھىيىلەيدۇ. مەسىلەن:

خەلقىمىز تىكلىدى يۈكسەك ئىرادە،
سىنى ئېچىشقا.
ئەتىمىز ئۈچۈن،

سېخىي قوينۇڭدىن،
تۇرلۇك-تۇمەن بايلىق ئېلىشقا.
دەۋرىمىزنىڭ پەرھاتلىرى
كۆتمەكتە بۇيرۇق،
جەڭگە مېڭىشقا.

شائىر شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى زامانىۋىلىشىشقا قاراپ ماڭغان قىياپىتىنى تەسۋىرلەپلا قالماي يەنە ئەتىكى تەرەققىي قىلغان مەنزىرىسىنىمۇ زوق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ ۋە ئۆز يۇرتىنىڭ ئەتىكى تەرەققىي قىلىش ئىستىقبالىغا بولغان ئۈمىدىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

ئىھ، شىنجاڭ،
سېنىڭ ئەتەڭ،
رەڭدار رەسىمدەك كۆرۈنەر ماڭا.
سېنى كۈيلەيمەن،
ئەڭ ياڭراق ناخشامنى بېغىشلاپ ساڭا.

شېئىردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، شائىر بىر تەرەپتىن ئۆز ئانا يۇرتىنىڭ بۈگۈنكى زامانىۋىلىشىشقا قاراپ ئاتلانغان قىياپىتىدىن سۆيۈنۈش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يۈكسەك تەسەۋۋۇر بىلەن يۇرتىنىڭ ئەتىكى گۈللىنىش مەنزىرىسىنى سۈرەتلەيدۇ. پوشكىن: «شائىرنىڭ بىرلا نەرسىسى بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ چىنلىق» دېگەن ئىدى. شائىر تۆمۈر داۋامەت ئۆز يۇرتىنىڭ مەنزىرىسىنى ناھايىتى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەشكە، بۈگۈنكى تەرەققىياتقا ئاتلىنىش مەنزىرىسىنى ئەينەن يورۇتۇپ

بىرىشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ئارتۇقچە مۇبالىغە قىلىشتىن ساقلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شېئىر ناھايىتى تەسىرچانلىققا ئىگە بولغان. شېئىردا شائىر گۈزەل تىل ۋاستىسىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان، ئانا تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىدىن پايدىلىنىپ شېئىرنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرغان. شائىر شېئىرنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر كىتابخانغا گۈزەل بولغان شېئىرىي ھوزۇر (زوق) ئاتا قىلىش، شۇنداقلا شېئىرنىڭ ئىدىيۋى مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ھەر خىل مەجازىي (ئىستىلىستىكىلىق) ۋاستىلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. شۇ ئارقىلىق ئىپتىماقچى بولغان ئوي-پىكرىنى، ھېسسىياتىنى تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

شېئىرنىڭ تىلى گۈزەل، تاللانغان، ئوبرازلىق، چۈشىنىشلىك بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە نىسبەتەن جۇشقۇن، تېتىك، جانلىق، ھاياجانلىق ھېسسىياتى ئارىلاشقان شېئىرىي زوق ئاتا قىلىدۇ. شېئىردا بىز چۈشىنەلمەيدىغان سۆزلەر يوق. شائىر ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ شېئىرىي ھېسسىياتىنىڭ جانلىقلىقىنى، گۈزەللىكىنى ئاشۇرغان، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، سۈپەتلەش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر شېئىردا جايىدا قوللىنىلىپ، شېئىر تىلىنىڭ تەسىرچانلىقىنى، جانلىقلىقىنى ئاشۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. مەسىلەن، شائىر شېئىرىدا:

گۈزەلسەن،
بايسەن، مۇنبەتسەن،
ئەي، خاسىيەتلىك مۇقەددەس تۇپراق.
سۆيۈملۈك ماكانىسەن، ئەي گۈزەل شىنجاڭ،

پىنھاندۇر كۈچ-قۇدرەت ئەزىز قوينۇڭدا.

دېگەن مىسرالاردا شىنجاڭنىڭ گۈزەل قوينىنى ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس يەر ئاستى بايلىقى بىلەن تولغان بىر ماكان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە: «گۈزەللىسەن، خاسىيەتلىك، مۇقەددەس» دېگەن سۈپەتلەرنى قوللانسا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شىنجاڭغا بولغان مېھرىنى: «سۆيۈملۈك، جۇشقۇن، گۈزەل، ئەزىز» دېگەن سۈپەتلەشلەر بىلەن بايان قىلغان. شائىر يەنە تۆۋەندىكى شېئىرىي مىسرالىرىدىمۇ «ئالتۇن دىيار»، «كۈمۈش تەرلەر»، «ئىناق گۈللىرى» دېگەندەك ئورۇنلۇق سۈپەتلەشلەرنى ئىشلەتكەن، بۇ خىل سۈپەتلەشلەر شېئىرىي تىلغا تېخىمۇ چوڭقۇرلۇق ئاتا قىلغان. مەسىلەن:

ئەي ئالتۇن دىيار،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىللىق ماكانى!
ماڭلايدىن تۆكۈلگەن كۈمۈش تەرلەردىن،
ياشنىماقتا ئەلنىڭ بەخت باھارى.
ئىناقلىق گۈللىرى ئېچىلدى تەكشى،
شۇنچىلىك رەڭدار،
گۈلزارىمىزنىڭ يوقتۇر پايانى.

شائىر ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، سۈپەتلەش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ۋە رىتورىك خىتابنىڭ ياردىمىدە ئانا يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ گۈزەل-كۆركەم تەبىئىي مەنزىرىسى، گۈزەل تاغۇدەريا، باغۇبوستانلىرىنى، ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئالەمشۇمۇل تەرەققىيات

ئۆزگىرىشلىرىنى، شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خاتىرجەم، تىنچ ھاياتىنى زوق بىلەن مەدھىيىلىگەن.

شېئىر شائىرنىڭ ئۆز ئانا يۇرتى شىنجاڭغا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى، يەنى گۈزەل تاغ دەريالىرى، بىپايان زېمىنى، يەر ئاستى بايلىقى قاتارلىقلارغا بولغان مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەشتە گۈزەل، يارقىن شېئىرىي مىسرالار، ئۆتكۈر، مەزمۇنلۇق، ئوبرازلىق، ئاممىباب شېئىرىي تىل ۋاستىلىرىنىڭ رولىدىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان بولغاچقا مىسرالارنىڭ ئاھاڭدارلىق، جانلىق، جەلپكار بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغان.

شېئىر مەزمۇن جەھەتتە، شىنجاڭدىن ئىبارەت مۇنبەت تۇپراق، بىپايان زېمىنىڭ قوينىدا ئۆسكەن ھەر مىللەت خەلقىدىن تەشكىللەنگەن بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ بۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىندا خۇشال-خورام، باياشات، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان مەزىرىسىنى ھەققىي شائىرغا خاس ۋىجدان، غۇرۇر بىلەن تەسۋىرلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەخت قوينىدىكى كۈلكىلىرىگە، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدىغان، باتۇر، جەسۇرانە روھىغا، بۈگۈنكى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا شىنجاڭدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ھەم بۇ جەريانلاردا مەيدانغا كەلگەن باتۇر، قورقماس، كۈرەشچان ئەزىمەتلەرگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇيدۇ. ئاندىن شائىر ئۆزىنىڭ قەلب سۆزى سۈپىتىدە گۈزەل، باياشات، ئىناق شىنجاڭ خەلقىنىڭ گۈزەل شىنجاڭ يارىتىش ئۈچۈن پارتىيىمىزنىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدە كۈندىن-كۈنگە ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ، توختىماي ئىزدىنىپ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى، بۈگۈنكى پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەتە ئۈچۈن

كۆرەش قىلىپ، شىنجاڭنى شۇنداقلا جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىنىم تاپماي كۆرەش قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

شائىرنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىللىق ماكانى بولغان شىنجاڭنى مەدھىيىلىشى ھەرگىز شوئار تۈسىنى ئالغان بولماستىن ھەقىقىيلىككە، راستچىللىققا ئىگە قىلىنغان. شائىرنىڭ قەلبىدىكى بۇ ئەزىز تۇپراققا بولغان ھەقىقىي مۇھەببىتى چىن يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان قايناق ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلەنگەن. دېمەك شائىرنىڭ: «كۈيلەيمەن سېنى شىنجاڭ» ناملىق شېئىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدىكى شېئىر بولۇپ، شائىرنىڭ ئانا يۇرتقا بولغان مېھىر-مۇھەببىتى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئىپادىلەنگەن. شىنجاڭدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر، بۈگۈنكى كۈندە قولغا كەلگەن يېڭى نەتىجىلەر كۈيلەنگەن، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا بولغان زور ئۈمىد-ئىشەنچ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شىنجاڭنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسى ئۈچۈن بىرلىكتە مۇرىنى-مۇرىگە تىرەپ، قولنى-قولغا تۇتۇپ، ئىتتىپاقلىق ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، شىنجاڭنىڭ گۈزەل ئەتىسىنى يارىتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىنى تېخىمۇ باياشاتلىققا، كۈچ-قۇدرەتكە تولغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ۋەتەن، خەلق ئالدىدىكى بىر كىشىلىك بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشقا چاقىرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 5. دېھقان سۆيگۈسى

## —«دېھقان ئۇچۇن» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

دېھقان دېسە دىلى سۆيۈنمەيدىغان كىشى بولمىسا كېرەك. شۇ ۋەجىدىن بۇ سۆز تولىمۇ ئۇلۇغدۇر. بۇ سۆزدىن كىشى، پېژغىرىم ئاپتاپتا جاپالىق ئەمگەك قىلىۋاتقان، ھايات ئۇچۇن ئەمگەككە ئۆزىنى ئاتاپ، يەردىن ئالغان مول-ھوسۇلدىن خۇشال بولۇپ، قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئەمگەك قوشاقلىرى بىلەن كەتمىنىنى مۇرىسىگە ئېلىپ، ئاللىقانداق ناخشا توۋلاپ كېتىۋاتقان، مېھنەتكەش، جاپاكەش، مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل، ئاددىي-ساددا، چىرايىدىن رازىمەنلىك تۇيغۇسىدا ئەتراپقا قاراۋاتقان دېھقاننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئاشۇ دېھقان ئۆمۈر بويى يەرنى قەدىرلەپ ئۆتكەچكىلا، بىزنىڭ داستىخانلىرىمىزدا نازۇنېمەتلەر مولدۇر. شۇڭا بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى بۇ مېھرىبان كىشىلەرنى ئاددىي تىل ۋە ئاددىي قەلەم بىلەن تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. تارىختىن بۇيان دېھقاندەك جاپا چەككەن، ئۇلاردەك ئەجىر-مېھنەت بىلەن ياشاپ كەلگەن ئىنسان ئاز بولسا كېرەك. خۇددى شائىر ئۆز شېئىرىدا ئېيتقاندەك: «جەمئىيەتنى باغ دېسەك ئەگەر، ئۇنى بوستان ئەتكۈچى دېھقان» . دېھقانلىرىمىز قولىدا كەتمەننى ئوينىتىپ ئۆز ئەمگىكى بىلەن پەخىرلىنىپ، باشقىلارغا نېمەت ئاتا قىلىش يولىدا تەر ئاققۇزۇپ ياشايدۇ.

شائىر «دېھقان ئۈچۈن» ناملىق بۇ شېئىرىدا، ئاشۇ

كىشىلىرىمىزنى تەسۋىرلەپ ئۇلارنىڭ ئەمگەك سۆيەر پەزىلىتىنى، ئىشچان روھىنى مەدھىيىلىگەن. بۇ شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسىدا، ھەربىر كۇپلېتتا، ئىككى بوغۇمدىن تۈزۈلگەن «دېھقان» دېگەن بۇ ئۇلۇغ سۆز تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. شائىر دېھقانىنىڭ ئەمگەك ئارقىلىق ھاياتنى كۆكەرتىدىغان، گۈللەندۈرىدىغان روھى بىلەن تۈمەن دىللارنى سۆيۈندۈرىدىغان خىسلىتىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىزنى، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلەشكە، ئۇلاردىن پەخىرلىنىشكە، ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرۇشقا چاقىرىدۇ.

شائىر بۇ شېئىردا ئاجايىپ-غارايىپ، دەبدەبىلىك سۆز-ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلانغان بولۇپ، ئۇنى زىيالىيلاردىن تارتىپ ئاددىي دېھقان-چارۋىچىلارغىچە چۈشىنەلەيدىغان ئاددىي، چۈشىنىشلىك خەلق تىلىدا يازغان. بىزدە دېھقان ھەققىدە يېزىلغان ھېكايە، شېئىرلار ئاز ئەمەس. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شائىرنىڭ بۇ شېئىرى دېھقان ھەققىدىكى ئاشۇ شېئىرلارنىڭ ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىردۇر. شائىر بۇ شېئىرىدا دېھقانىنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرىنى دەل جايىدا ئېچىپ مۇنداق يازىدۇ:

جەمئىيەتنى باغ دېسەك ئەگەر،
ئۇنى بوستان ئەتكۈچى دېھقان.
چېكىسىدىن ياغدۇرۇپ يامغۇر،
ھەر مايسىغا بېغىشلايدۇ جان.

چوغدەك ئاپتاپتا كۆيگەن چىرايلار،
تۇلۇن ئايدەك كۆرۈنسۇن ماڭا.
قاداق باسقان قاتمال شۇ قوللار،

گۈلدەك ئېسىل تۇيۇلسۇن ساڭا.

شائىر مانا بۇ مىسرالىرىدا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن دەل جايىدا پايدىلىنىپ دېھقاننىڭ ئەمگىكىنى تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ تەسىرلىك سۈرەتلەيدۇ. بۇ شېئىرنىڭ تومۇرى خەلقىمىزدىكى: «ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكىرەر» دېگەن ماقالىغا يانداش كەلگەن بولۇپ، شائىر ئەنە شۇ ئەقلىيەنى دېھقان ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرغان ھەم ئوبرازلاشتۇرغان. شائىر يەنە:

ئۇ تىلەيدۇ باھارنى، يازنى،
ئىنسانلارغا نېمەت بەرگىلى.
باياۋاننى باغ-ۋاران ئەيلەپ،
خۇش پۇراقلىق گۈللەر تەرگىلى.

دېگەندەك مىسرالار ئارقىلىق دېھقانلىرىمىزغا بولغان ئالىي ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن. دېمەك بۇ شېئىر مەزمۇن جەھەتتىن ئىنتايىن تېرەن يېزىلغان. شېئىرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىمۇ ناھايىتى جانلىق بولغان. شېئىرنىڭ ھەربىر مىسرالىرى ئاددىي، ئىخچام، مەزمۇنلۇق، چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەم چۈشىنەلەيدۇ. شېئىردا ئوخشىتىش، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر قوللىنىلغان بولۇپ، كىتابخاننى شېئىرىي ھېسسىيات گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلاندۇرىدۇ ھەم شېئىرىي مەزمۇننى جانلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

شائىر ئاددىي، چۈشىنىشلىك سۆز-جۈملىلەر ئارقىلىق

شېئىرىي مۇھىت ئىچىدە دېهقان ئوبرازىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن يارىتىپ، ئۆزىنىڭ ئوتلۇق ھېسسىياتىنى ئەركىن ئىپادىلىگەن.

دېمەك شائىر گۈزەل، يارقىن شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق بۇ مۇنبەت، كەڭ زېمىندا ئەمگەكنىڭ مېلودىيىسىنى ياراتقان مىننەتسىز دېهقاننى مەدھىيىلەش، كۈيلەش ئارقىلىق ئۇلارنى ھۆرمەتلەشنى، ئۇلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى قەدىرلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ھەم بارلىق شان-شەرەپنى شۇلارغا بېرىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شائىرنىڭ قەلىمى ئاستىدا دېهقان ئوبرازى جاپاكەش ئەمما مەغرۇر، بېلى مۈكچەيگەن ئەمما قەيسەر قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. دېهقان خاراكتېرى ئىنتايىن چىن ھەم گۈزەل يارىتىلىدۇ. دېهقان ئەمگىكى ئۇلۇغ ھەم بۈيۈك قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. شائىرنىڭ قەلبىدە دېهقان ئوبرازىنىڭ بۇنچە يارقىن ھەم سۆيۈملۈك بولۇشى، ئۇنىڭ دېهقانلار بىلەن بىللە بولغان ۋاقتىنىڭ ئەڭ كۆپ ئىكەنلىكىدىن بولغان. شائىر ئازادلىقتىن ئىلگىرى دېهقان بولۇپ يەر تېرىغان. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيىمىزنىڭ تەربىيىسىدە بىر مۇنەۋۋەر كادىر بولۇپ يېتىلگەن بولسىمۇ، بىراق، دېهقانلارغا بولغان مېهىر-مۇھەببىتىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويمىدى. ئەكسىچە، دېهقانلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى بىر تۇرلۇك خىزمەت ئىستىلى قىلدى. شائىر ئۆزىمۇ ھەردائىم: «دېهقانلار مېنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىم» دەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# 6. يۇرت مەنزىرىسى ۋە يۇرت مېھرى

## — «كوئىنلۇن قوشىقى» شېئىرى توغرىسىدا

شائىر بۇ شېئىردا ئانا يۇرتىغا بولغان قىزغىن مېھىر-مۇھەببەت ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، يۇرت سۆيگۈسىنى ئۆز شېئىرىنىڭ ھەربىر مىسرالىرىغىچە چوڭقۇر سىڭدۈرۈۋەتكەن. شېئىرنىڭ ھەربىر مىسرالىرىدا يەرلىك تاغ-دەريا مەنزىرىسى ئارقىلىق سىمۋوللۇق مەنىدە يۇرتنى مەدھىيىلىگەن.

بىز بىرىنچى كۇپلېتقا قارايدىغان بولساق، ئاپتورنىڭ تاڭ سەھەردىلا ماشىنىدا يولغا چىققانلىقى، چەرچەن دەرياسىنى بويلاپ ماڭغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. شائىر جانلاندۇرۇش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى: «بولدى چەرچەن دەرياسى، ناخشامغا جور شاقىراپ» دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

شائىر ئىككىنچى كۇپلېتىدا بولسا، كوئىنلۇننىڭ باغرىغا جايلاشقان ئاتچاڭ دېگەن جاينىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئالغان بولۇپ، يايلاقلارنىڭ مولـلـىقى، شۇ ۋەجىدىن ئۇ يەرنىڭ ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ، يەنى كالا، قوي، ئاتلار ماكانى بولۇپ قالغانلىقى، ئاشۇ يايلاقلارنىڭ ئەۋزەللىكىدىن ئۇلارنىڭ تولىمۇ ئەركىن-ئازادە قىيغىتىپ يۈرگەنلىكىنى تەسۋىرلەپ، ئاتچاڭ يايلىقىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

ئۈچىنچى كۇپلېتتا بولسا، ئاساسلىقى كوئىنلۇن تېغىنىڭ مەنزىرىسىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلىگەن، يەنى ئېگىز، تىك قىيالىق تاغ چوققىلىرىنىڭ قار بىلەن قاپلانغانلىقى، تاغ ئېتەكلىرىنىڭ

باھار پەسلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىدىغان ئوت-چۆپلەر بىلەن قاپلانغانلىقى، مالچىلارنىڭ بۇ ماكاندا مال بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى قاتارلىقلار تەسۋىرلەنگەن. بۇ كۇپلېتتىمۇ شائىر ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان بولۇپ: «ئېتەكلىرى گۈل باھار» دەپ سۈپەتلەپ، كوئىنلۇن تاغ ئېتەكلىرىنىڭ گۈل باھاردەك چىرايلىق مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ.

شائىر تۆتىنچى كۇپلېتىدا، كوئىنلۇن تېغى ئەتراپىدا قارامىران دەرياسىنىڭ بارلىقى، دەريا ئەتراپىنىڭ خۇددى چەرچەن دەرياسىغا ئوخشاش ئۆزگىچە تەبىئىي مەنزىرىلىرى بىلەن كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن.

شائىر بەشىنچى كۇپلېتتا، قارامىران دەرياسىغا بولغان ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىنى تېخىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرگەن. دەريا سۈيىنى ئىچىش ئارقىلىق ئۆزىنى تېخىمۇ ئازادە، روھلۇق سەزگەنلىكى، شۇنداقلا ئۆزىنى تېخىمۇ كۈچكە تولۇپ كەتكەندەك ھېسسىياتقا كەلگەنلىكىنى يازىدۇ. شائىر يۇرت مەنزىرىسى قوزغىغان ئۇتلۇق يۇرت مېھرىنى، ئىستېتىك يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ئىپادىلىگەن. يۇرت دەرياسىنىڭ سۈيىنى ھەسەلگە ئوخشاتقان، ئۇنى ئىچىپ بىلەكلىرىنىڭ قۇۋۋەت تاپقانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق ئانا يۇرت مېھرىنى تېخىمۇ ئۇلۇغلىغان.

ئالتىنچى كۇپلېتتا، كوئىنلۇن تاغ مەنزىرىسىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلىگەن، يەنى كوئىنلۇن تېغىنىڭ چوققىسىدا، تۆت مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە «كۆكچى بۇلاق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاق بارلىقى، بۇ بۇلاق ئەتراپىنىڭ مەنزىرىسىنىڭ خۇددى سۈرەتتەك گۈزەللىكى، بۇغا، جەرەن قاتارلىق قىممەتلىك، ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنىڭمۇ بۇ يەرنى ماكان ئېتىپ ياشايدىغانلىقى قاتارلىقلارنى

يازغان. دېمەك، بۇ كۆكچى بۇلاق ئادەتتىكى كىچىك بىر بۇلاق بولسىمۇ ئەمما ئۇ ئەتراپىدىكى گۈزەل چىمەنلەرنى ئۆز سۈيى بەدىلىگە كۆكەرتىپ، جان-جانىۋارلارنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى بولۇپ كەلگەن. شائىر بۇ بۇلاقنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئۈن-تىنسىز تۆھپە قوشۇش روھىنى ئۇلۇغلايدۇ. شائىرنىڭ نەزىرىدە، بۇ بۇلاق بىر بۇيۇكلۈككە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتمەس سۈيى بىلەن ئەتراپنى كۆكەرتىپ يېشىللىققا ئايلاندۇرغان. تۈرلۈك جانلىقلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى بولغان. لېكىن ئۇ ھېچقاچان بۇ تۆھپىسىدىن قانائەت تاپقان ياكى مەغرۇرلانغان ئەمەس، بەلكى شۇ تاغ چوققىسىدا داۋاملىق ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ئالىيجاناب قىممەت يارىتىپ كەلمەكتە.

شائىر شېئىرنىڭ ئاخىرىسىدا، كوئىنلۇن تېغىنىڭ ھەيۋەت قىياپىتىنى، يەنى كوئىنلۇن تېغىنىڭ كۆك قەرىگە تاقىشىپ تۇرغانلىقى، بۇ تاغنىڭ تولىمۇ ئېگىز، ھەيۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، تاغ چوققىسىدا تۇرغان قارلارنىڭ بۇلۇتلار بىلەن بەسلىشىپ كۈمۈش تاجىغا ئوخشاش جىلۋىلىنىپ تۇرغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن. بىز بۇ شېئىرنى ئوقۇغاندا ياز، كۈز، ئەتىياز ئايلىرىدىكى گۈلزارلىق تەسۋىرلىرىگە يېڭى بىر مەزمۇن، يەنى كوئىنلۇن تېغىنىڭ چوققىسىدىكى قار، بۇلۇتلار قوشۇلۇپ تەسۋىرلىگۈسىز بىر گۈزەل مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. شائىر بۇ يەردىكى: «تۇرار مەغرۇر كوئىنلۇن»، «كۈمۈش تاجى ھەيۋەتلىك» دېگەن مىسرالاردا، جانلاندۇرۇش ۋە ئوخشىتىش ۋاسىتىلىرىنى ناھايىتى ئورۇنلۇق قوللانغان بولۇپ، كوئىنلۇن تېغىنىڭ قەلبىمىزدىكى يۈكسەك ئورنىنى يارىتىمدۇ. بۇ ئانا تاغنىڭ ئۇنىڭ باغرىدىكى خەلقلەرنىڭ قەلبىدىكى يۈكسەك ئورنىنى يورۇتۇپ

بېرىدۇ. شائىر يەنە كوئىنلۇن تېغىنىڭ پەقەت تاشقى جەھەتتە گۈزەل قىياپىتى ۋە مەنزىرىسى بىلەن خەلقىمىزگە مەنىۋى جەھەتتىن ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز باغرىدىكى ماددىي بايلىقلىرى بىلەنمۇ خەلقىمىزگە بايلىق ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى يازىدۇ. بۇ ئارقىلىق كوئىنلۇن تېغىنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ.

شائىرنىڭ «كوئىنلۇن قوشىقى» ناملىق بۇ شېئىرى تەبىئەت لىرىكىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئانا يۇرتنىڭ تاغ-دەريا مەنزىرىسى ئارقىلىق سىمۋوللۇق مەنىدە يۇرت مېھرى مەدھىيىلەنگەن. سۈپەتلەش، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، رىتورىك خىتاب قاتارلىق ئۇرۇنلۇق قوللىنىلغان. بۇ ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر شائىرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. شېئىرنىڭ تىلى ئاددىي، جانلىق، چۈشىنىشلىك بولۇپ شېئىرنى قىزغىن ھېسسىياتقا، جازىبىدارلىققا ئىگە قىلغان. دېمەك، شائىرنىڭ «كوئىنلۇن قوشىقى» ناملىق بۇ شېئىرى بىر پارچە يارقىن ۋەتەنپەرۋەرلىك ناخشىسى بولۇپ، بىز شائىرنىڭ ئوتلۇق ھېسسىياتىغا جور بولۇپ ۋەتىنىنىڭ گۈزەللىكى، ئۇنى قەدىرلەش، سۆيۈش ۋە ئۇنىڭغا مېھىر-مۇھەببەت بېغىشلاش ھەققىدە يېڭى تەسىراتلارغا ئىگە بولىمىز.

شېئىردا ئاپتور پەقەت «كوئىنلۇن»نىلا تەسۋىرلەپ، پەقەت شۇنىلا مەدھىيىلەۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ بىر مۇھىم ئىپادىسى بولۇپ، ئاپتور ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كىچىكلىتىلگەن سۈرىتى بولغان «يۇرت مۇھەببىتى»نى يېزىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ۋەتەننى چوڭقۇر سۆيۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. بۇ شېئىر ئوقۇغان ھەربىر كىشىگە

بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ. شېئىر يەنە ياش-ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ شېئىرنى ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ يۇرت-ۋەتەننى چۈشىنىشى، بىلىشىدىكى دەرسلىك دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ياش-ئۆسمۈرلىرىمىز مۇشۇنداق شېئىرلاردىكى تەسۋىرلەردىن ئانا تۇپراققا بولغان بىلىشىنى ھەم چۈشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئانا تۇپراققا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ.

دېمەك، شائىرنىڭ «كوئىنلۇن قوشىقى» ناملىق بۇ شېئىرى، يۇرت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق چوڭقۇر ۋەتەن سۆيگۈسىنى ئىپادىلىگەن ياخشى شېئىردۇر.

# 7. ئىشەنچ ناخشىسى

## —«تېخىمۇ گۈزەل ئەتىمىز» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

شائىر شېئىردا گۈزەل ئەتىنىڭ، گۈزەل كېلەچەكنىڭ يېڭى ئۇتۇقلار، يېڭى غەلىبىلەرنى ئاتا قىلىدىغانلىقى، كىشى قولىغا كەلتۈرگەن غەلىبىلەردىن قانائەتلەنمەي تېخىمۇ ئۇلۇغۋار غايىلىرىنى كۆڭۈلگە پۈكۈش لازىملىقى، شۇ غايىسىنى، ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا توختىماي ئىزدىنىشى لازىملىقى، ھەمدە ئۆز ئەتىسىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ پارلاق بولۇشىغا ئىشەنچ باغلاش لازىملىقىدەك بىر كۈينى ياڭراتقان.

«ئەتە» دېگەن سۆز تولىمۇ ئاددىي بولۇپ، ھەمدە دائىملىق قوللىنىپ ۋە ئىشلىتىپ كېلىنىۋاتقان سۆز، ئەمما، «ئەتە» ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلارنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر گۈزەل ئەتىنى يارىتىش يولىدا توختىماي ئىزدىنىدۇ. توختىماي كۈرەش قىلىدۇ. ئۆز تەقدىرىنىڭ ئۆز قولىدا ئىكەنلىكىنى، تىرىشىش ئارقىلىقلا، گۈزەل كېلەچەك يارىتالايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما يەنە بىر قىسىم كىشىلىرىمىز باركى ھەر كۈنىنىڭ ئۆتكىنىگە شۈكۈر قىلىپ، «بۈگۈن كەچ بولسا ئەتە بىر گەپ بولار» دېگەن ھۇرۇنلۇق مەنتىقىسى بويىچە ياشايدۇ. ئۈمىد، ئىشەنچىنى ئۆزىگە قانات قىلمايدۇ. تۇرمۇشتا ئىجادچانلىق ۋە ئىزدىنىش روھىنى جارى قىلدۇرمايدۇ. «ھايات— كۈرەش

دېمەكتۇر» دېگەن پەلسەپىنى تېخىمۇ ياقتۇرمايدۇ. باشقىلارغا تايىنىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئالغا ئىنتىلىشچانلىقى يوق، ھۇرۇنلۇق پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتقان بۇنداق كىشىلەرنى، ئەتىسى يوق كىشىلەر، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بۇ شېئىر ھۇرۇنلۇق قاپلاپ كەتكەن، زەئىپلەشكەن ئەتە ئەمەس، بەلكى نەقەدەر جاراڭلىق ئاڭلىنىدىغان، ئالغا ئىلگىرىلەشكە قاراپ يۈزلىنىدىغان، ھەممە كىشىلەر ئۇلۇغۋار غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ تىرىشىپ، تىرمىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ئەتىنى، يەنى غايە يولىدا ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا يولۇقتۇرىدىغان، ئەمما شۇ قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمىگەندىلا يېڭى ئۇتۇق، غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئەتە ھەققىدىكى ئىشەنچ ناخشىسىنى ياڭرىتىدۇ.

شۇڭا بىز بۇ شېئىرنى گۈزەل كېلەچەك مەدھىيىلەنگەن، پارلاق غەلىبىلەرنى يارىتىش ئىرادىسى ئىپادە قىلىنغان ياخشى شېئىر دەپ قارايمىز.

ئەمدى شېئىرنىڭ ئۆزىنى كۇپلېتلار بويىچە، ئايرىم-ئايرىم تەھلىل قىلىپ باقايلى: شېئىرنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىدا، «ئەتە» دېگەن سۆزنىڭ رولى ئىپادىلەنگەن، يەنى «ئەتە» دېگەن سۆزنىڭ بىزگە ئىلھام بېغىشلاپ، داۋانلار ئېشىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە تۈرتكە بولىدىغان روھ بېغىشلايدىغان مەناسى سۆزلىنىدۇ. ئىككىنچى كۇپلېتىدا، ئاشۇ «ئەتە» ئۈچۈن كۈرەش قىلغاندا كۆپلىگەن يېڭى ئۇتۇقلار، غەلىبىلەرنىڭ قولغا كېلىدىغانلىقى، قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلەردىن جىمى كائىنات كۈلۈپ گۈزەللىك جىلۋىلىنىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

ئۈچىنچى كۇپلېتىدا، گۈزەل «ئەتە» يارىتىش يولىدا يېڭى جەڭلەرگە، تالاي مۇشەققەتلەرگە ئۇچرايدىغانلىقىمىز، ئۇلۇغۋار

غايە ۋە قەسەملەرنى كۆڭلۈمىزگە پۈككەندىلا بۇ قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەي، يېڭى مەنزىللەرگە يۈرۈش قىلالايدىغانلىقىمىز سۆزلىنىدۇ. تۆتىنچى كۇپلېتىدا، گۈزەل ئەتىگە بولغان ئارزۇ-تىلەكلەر، يېڭى ھايات يولىدىكى ئۇرغۇپ تۇرغان جاسارەت ئىپادىلەنگەن بولۇپ، كەلگۈسىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ پارلاق بولىدىغانلىقىغا بولغان چوڭقۇر ئىشەنچىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇنداقلا قولغا كەلتۈرگەن يېڭى ئىجادىيەت ۋە كەشپىياتلارنىڭ ئەتىدىكى تېخىمۇ زور قىممىتى سۆزلىنىدۇ. شائىر «تېخىمۇ گۈزەل ئەتىمىز» دېگەن بۇ شېئىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەتىگە بولغان ئىنتىلىشچان كۆزقاراشلىرىنى ناھايىتى ئۆتكۈر تىللار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئوقۇغان ھەربىر ئادەمگە گۈزەل ئەتىنىڭ ئۈزلۈكسىز غايىلىرىنى ۋە غەلىبىسىنى تونۇتۇپ كىشىلەرنىڭ ئەتىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. ياش ئىزباسارلارغا، ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەنمۇ بۇ شېئىرنىڭ رولى ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ. ئاپتورنىڭ شېئىرغا سىڭدۈرگەن كۆزقاراشلىرى ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىدە مۇجەسسەملىشىپ ئۇلارنىڭ ئەتىسىنىڭ گۈزەل بولىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ. ئىشەنچ — بىلىم ئېلىش يولىدا توختىماي ئىزدىنىۋاتقان ياش ستۇدېنتلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئىشەنچ بولمىغاندا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ياشلار ۋە ستۇدېنتلار بۇ شېئىردىن چوڭقۇر ئىلھام ئېلىپ، گۈزەل ئەتىنى يارىتىش يولىدا توختىماي ئىزدىنىش، تىرىشىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ. ئۆزىدە ئۇلۇغۋار غايىلەرنى، قەسەملەرنى پۈكسىلا ئەتىنىڭ چوقۇم گۈزەل، پارلاق بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى ئاشىدۇ. شېئىرنىڭ مەزمۇنىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، شېئىردا ئاپتورنىڭ گۈزەل ئەتە، پارلاق كېلەچەككە بولغان ئىنتىلىشلەر، ئاشۇ يولدا

توختىماي ئىزدىنىشلەر ۋە گۈزەل ئەتىنىڭ، پارلاق كېلەچەكنىڭ ئىزدەنگۈچىلەرگە، تىرىشقانلارغا، قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمىگەنلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى ئويلىنىشى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ خىل ئىلمىي قاراشنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە بولغان ئىلھام-مەدەتلىرى ناھايىتى زور بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ شېئىرنىڭ بۈگۈنكى كىشىلەرگە، شۇنداقلا ئىزباسار، ئەۋلادلارغا بولغان تەسىرى خېلى چوڭ. چۈنكى بۇ شېئىرنىڭ ھەربىر كۇپلېت، ھەربىر مىسرالىرىدا ئەتىگە بولغان گۈزەل ئىنتىلىشلەر، گۈزەل ئەتىگە بېغىشلانغان ئىلھاملار ئىپادىلەنگەن. بۇ شېئىر، ئوقۇغان ھەربىر كىشى ئۈچۈن يېڭى-يېڭى غايىلەرنى ئاتا قىلىپ كىشىنى گۈزەل تۇيغۇغا، گۈزەل ھېسلارغا چۆمۈلدۈرىدۇ. شائىر بۇ شېئىردا يەنە كۆپلىگەن ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ بەدىئىيلىكنى، جانلىقلىقنى، يارقىنلىقنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. «ئەتە» دېگەن سۆزنى قۇياشقا، چىراغقا مەنسۇپ بولغان نۇر چېچىشتىن ئىبارەت جانلىق سۆز بىلەن سۈپەتلەپ شېئىرنىڭ تەسىرچانلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. مەسىلەن:

نەقەدەر جاراڭلىق ئەتە دېگەن سۆز،
يازسىمۇ پارقىراپ تۇرار نۇر چېچىپ.

دېگەن مىسرادا شائىرنىڭ بۇ جەھەتتىكى بەدىئىي ماھارىتى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. شائىر يەنە:

كۆزلەرنى چاقنىتىپ بولۇر نامايان،
كۆپ، يېڭى ئۇتۇقلار-غەلىبىلەر ئەتە.

ئاي، قۇياش، بوستانلار كۆلەر تېخىمۇ،
گۈزەللىك قىلىدۇ جىلۋىلەر ئەتە.

دەپ يېزىپ، ئادەملەرگە مەنسۇپ بولغان كۈلكىنى ئاي، قۇياش، بوستانلارغا كۆچۈرۈپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق شېئىرنىڭ جانلىق بولۇشىنى يەنە بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈرگەن.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شائىر بۇ شېئىردا گۈزەل كېلەچەككە بولغان ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى، شۇنداقلا يەنە كەلگۈسىدە تېخىمۇ پارلاق، تېخىمۇ ياخشى بولغان غەلىبە، نەتىجىلەرنى يارىتىش ئىرادىسىنى جانلىق ئىپادىلەپ، گۈزەل كېلەچەككە بولغان مەدھىيىنى ناھايىتى ئوبرازلىق تىللار بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

شائىر يەنە شېئىرنىڭ تىلىنى جانلىق، راۋان، ئاممىباب قىلىشقا تىرىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ شېئىري تىلنىڭ ئوبرازلىق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغان. شائىر ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن مەنتىقىنى تەپەككۇرنىڭ بىرلىكىدە تۇرۇپ شېئىري تىل ئارقىلىق شېئىري مۇھىت ئىچىدە گۈزەل ئەتە ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، ئۆزىنىڭ تەقدىرى، ئىستىقبالى ئۈچۈن بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالماي ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ، تىنىم تاپماي ئىزدەنگەندە، مۇستەھكەم ئىرادە، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ-ئۈمىد بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ جاپا-مۇشەققەتلەرگە قەتئىي باش ئەگمەي تىرىشقاندىلا ئەتىنىڭ غەلىبىسى، بۈگۈننىڭ بوسۇغىسىدا بولىدىغانلىقىدەك بىر ھەقىقەتنى كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلاپ كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئەدەبىيات، ئۇ كىشىگە ھاياتنى سۆيۈش، كىشىلىك قىممەتنى جارى قىلدۇرۇش تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. كىشىلەر ئەدەبىي

ئەسەرلەردىن تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان كۆرۈنۈش ھەقىقەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىمىز. ئۆز ئەقىل تەپەككۇرىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە ھاياتقا، كەلگۈسىگە بولغان توغرا تاللاش، توغرا بىلىشكە ئېرىشىمىز. ئەدەبىي ئەسەر پەيدا قىلىدىغان بۇ خىل ئىجتىمائىي ئۈنۈم، روشەنكى ئىجادىيەتنىڭ چوڭقۇر ھايات قارىشى بىلەن ئىلمىي دۇنيا قارىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ شېئىرلىرىدا ئىلمىي دۇنيا قاراش چىقىش قىلىنىپ، كىشىلەرنى گۈزەل كېلەچەككە يېتەكلەش، باشتىن-ئاخىر ئاساسىي مېلودىيە قىلىنغان، چاكىنا خۇراپىي ئىدىيىلەردىن نېرى تۇرۇپ ھاياتنى سۆيۈش، ئىنسانىي قەدىر-قىممەتنى جارى قىلدۇرۇش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش تەشەببۇس قىلىنغان.

خۇلاسىلىغاندا «تېخىمۇ گۈزەل ئەتە» ناملىق شېئىر مەيلى قۇرۇلما جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن شائىرنىڭ كەلگۈسىگە بولغان قايناق ھېسسىياتىنىڭ تەبىئىي ھالدا ئۇرغۇپ چىقىشى بولۇپ، شائىر بۇ شېئىردا «ھايات— كۈرەش دېمەكتۇر» دېگەن پەلسەپۋى ئىدىيىگە ياندىشقان ھالدا بۇ ئىدىيىنى تېخىمۇ بەدىئىي يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ئىپادىلىگەن.

بىز شائىرنىڭ بۇ شېئىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، ئەتە ئۈچۈن، كەلگۈسى ئۈچۈن پەقەت ھارماس-تالماس، ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىش روھى، مۇستەھكەم ئىرادە، جاپا-مۇشەققەتلەرگە چىداش، بەرداشلىق بېرىشتىكى كۈچلۈك چىدام، غەيرەت بولۇشى كېرەك، شۇندىلا كىشىلەر گۈزەل ئەتىنى، پارلاق ئىستىقبالنى يارىتالايدۇ. كىشىلەردە ئەگەر گۈزەل غايە-نىشانلا تىكلىنىپ، ئۇلار ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق بولمىسا، ئەتىنىڭ گۈزەل ۋە پارلاق

بولۇشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. كىشىدە ئىجادچانلىق، ئىزدىنىش روھى كەمچىل بولغاندا ھۆرۈنلۈق، زەئىپلىك قاپلاپ كەتكەن زۇلمەتكە قالىدىغانلىقى؛ ھاياتنى قەدىرلەش، سۆيۈش ئۇياقتا تۇرسۇن بەلكى ئۇنى بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلىپ، ھەقىقىي ئادەمدەك ياشاش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس. شائىرنىڭ بىزگە ئىلتىجا قىلىۋاتقىنى ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئەتىگە قاراش ياكى زەئىپلىك، ھۆرۈنلۈق ھارۋىسىدا سۆرەلمىلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش بولماستىن، بەلكى كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ئۈمىد نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان بۈگۈنكى تىرىشچانلىقىمىز ئارقىلىق ئەتىنى كۈتىۋالىدىغان روھ بولۇش كېرەك. شۇڭا بۇ شېئىرنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشى شېئىردىكى جەڭگىۋارلىقنى، جۇشقۇنلۇقنى ھېس قىلماي قالمايدۇ. ھەم ئەتىگە بولغان ئىشەنچ، ئۈمىد، بۈگۈنگە بولغان ھاياتنى قەدىرلەش تۇيغۇسى ئاشماي تۇرالمايدۇ. غەلىبە تىرىشقانلارغا مەنسۇپ، ئىجادچانلىق ئىزدەنگۈچىلەرگە، تىنىم تاپماي كۈرەش قىلغۇچىلارغا، ئەتىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن باققانلارغا مەنسۇپ. بىزدە ئەتىگە بولغان ئۈمىد، ئىشەنچ نۇرلىرى چاقناپلا تۇرىدىكەن. بۈگۈنكى نەتىجىلىرىمىز، غەلىبىلىرىمىز ئارقىلىق ئەتىنىڭ ئىشىكىنى، غەلىبە دەرۋازىسىنى چېكەلەيمىز! شېئىرنىڭ بىزگە بېرەلەيدىغان ئېستېتىك زوقى، كۈچ-قۇدرىتىمۇ دەل مۇشۇ بولسا كېرەك.

ئىنسان ئۈمىد بىلەن ياشىشى كېرەك. ئۈمىدكە تولغان ئەتە ئىنساننى جاسارەت بىلەن ياشاشقا ئۈندەپ تۇرىدۇ. بىز شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدىن پارتىيىمىزنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەتىسىنىڭ چوقۇم گۈزەل بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىمىز. شائىر ئۆز شېئىرىدا ئۆزىنىڭ بۇ ئىشەنچىسىنى

ئابستراكت ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ساقلىنىپ، ئۇنى خەلقىمىزدىكى ئىنتىلىشچان روھ بىلەن، توختىماي ئالغا باسىدىغان قەدەم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇقەررەرلىك نۇقتىسىدىن چىقىپ ئوتتۇرىغا قويغان.

شۇڭا شائىرنىڭ ئەتە ھەققىدىكى غايىسى بىزگە زور جاسارەت ۋە ئىلھام ئاتا قىلىدىغان غايە بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

# 8. ئىتتىپاقلىق جان، ئىناقلىق دەرمان

## — «ئىتتىپاقلىق ناخشىسى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

شېئىرنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەڭرىتاغدىن ئىبارەت بۇ قوينى كەڭ، ھەيۋەت زېمىندا ئۇزاق يىللار داۋامىدا مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق-ئېجىل ئۆتكەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخ ئەسلىنىدۇ. ئىككىنچى كۇپلېتىدا، ھەر مىللەت خەلقى قول تۇتۇشۇپ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ھەمكارلىشىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ ئەل-ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن قان-تەر، ئاققۇزۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئېسىل مەنزىرە ئىپادىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى كۇپلېتىدا، شائىر ئىتتىپاقلىق جان، ئىناقلىق دەرمان، ئىتتىپاقلىق كۈچ، دېگەن ھەقىقەتنى گۈزەل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بىلەن ئوبرازلىق ئىپادىلەشكە تىرىشىپ، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئىتتىپاقلىق ھاسىل بولىدىغان بەختلىك ھايات مەنزىرىسىنى نامايان قىلىدۇ.

شېئىردا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ئىناقلىق مەدھىيىلەنگەن بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتۈپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە ئالغا ئىلگىرىلەشكە، شىنجاڭنىڭ پارلاق كەلگۈسىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق يارىتىشقا چاقىرغان.

شېئىرنىڭ تىلى خەلق تىلىغا يېقىن ھەم چۈشىنىشلىك بولۇپ كىتابخانىغا يېقىملىق تەسىرات بېغىشلايدۇ. بولۇپمۇ، ئاممىباب خەلق تىلى قوللىنىلغاچقا شېئىرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ئاشۇرۇلغان.

مەسىلەن:

ئىتتىپاقلىق جان،
ئىناقلىق دەرمان.
ئىتتىپاقلىق كۈچ،
ئەل ئۈچۈن زەپەر.
بولۇپ ئىتتىپاق، ماڭدۇق مەنزىلگە،
شۇڭا بەختىمىز،
ئىچتۇق بىز كەۋسەر.

بۇ مىسرالاردا ئىتتىپاقلىقنى جانغا، ئىناقلىقنى دەرمانغا، كۈچكە ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىتتىپاقلىشىپ بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە بولسىلا كەلگۈسىنىڭ پارلاق بولىدىغانلىقىنى ئىخچام چوڭقۇر پەلسەپىۋى يۈكسەكلىكتە يورۇتۇپ بەرگەن.

شائىر بۇ شېئىرى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىگە ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت بۇ كۈچنىڭ ئاستىغا زىچ ئۇيۇشۇش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. شۇنداقلا ئىتتىپاق ئۆتكەندىلا ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىپ، كۆزلىگەن نىشان-مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

پارس شائىرى ئابدۇقادىر بېدىل: «ئىتتىپاق كۈچىدىن غاپىل بولما ھېچ، تاشنى تالقان قىلىدۇ بىرلىشىپ چىش» دەپ يازغان ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ، ئىتتىپاقلىق ئۇ بۈگۈنكى زاماننىڭ

يۈزلىنىشى، دەۋرنىڭ تەلىپى، خەلقىمىز ئەزەلدىن ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئىناقلىقنى ئىشلىرىمىزغا بەرىكەت ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارىغان. ئىتتىپاقسىزلىقنى «يەككىلى بولمايدىغان دۈشمەن» دەپ ھېسابلاپ، كىشىلەرنى ئىتتىپاقلىققا ئۈندىگەن. شائىرمۇ ئۆز شېئىرىدا ئىتتىپاقلىقنى بۈگۈنكى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ياخشى سۆيىتى، دۆلەتنىڭ روناق تېپىشىنىڭ كاپالىتى، دەپ ھېسابلىغان. شۇنداقلا ئىتتىپاقلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرگەن. ئىتتىپاقلىقنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئورتاق يۈزلىنىش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يەنە شۇنداق دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى، شائىر ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق توغرىسىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى، كۆزقاراشلىرىنى گۈزەل، يارقىن مىسرالارغا سىڭدۈرۈش ئارقىلىق تەڭرىتاغ باغرىدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىناقلىق مارشىنى ياڭرىتىپ، بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەپ، گۈزەل كەلگۈسى يارىتىشقا، باياشات تۇرمۇش بەرپا قىلىشقا چاقىرغان. ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ئىناقلىقنى قەدىرلەپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدىن بولۇپ، تەڭرىتاغدا ئىتتىپاقلىق ناخشىسىنى كۈيلەپ، گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىش ئۈچۈن مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ تىرىشىش كېرەكلىكىدىن ئىبارەت بۈيۈك ئارزۇنى تەشەببۇس قىلغان. بىزنى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىن ئىبارەت بىر چوڭ ئائىلىنىڭ گۈللىنىشى، ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇرغان. ئومۇمەن، شېئىر بىزگە ئىناق-ئىجىل بولۇپ ھەرقايسى مىللەتلەر قولنى-قولغا تۇتۇشۇپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ تىرىشقاندىلا ئاندىن ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت بۇ

مەڭگۈلۈك نىشانىنىڭ تۈرتكىسىدە تاغدەك جاپا-مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەي، گۈزەل ئەتە يارىتالايدىغانلىقىدەك بىر ھەقىقەتنى ناھايىتى روشەن يورۇتۇپ بەرگەن.

شائىرنىڭ بۇ شېئىرنى ئۆزى بىلەن تېما جەھەتتە ئوخشاش بولغان باشقا شېئىرلارغا سېلىشتۇرغاندا ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، شائىر ئالدى بىلەن ئۆز شېئىرىغا ئۆزىنىڭ دوستلۇق، ئىتتىپاقلىقنى سۆيۈشتەك قىزغىن ھېسسىياتىنى چوڭقۇر سىڭدۈرگەن. شېئىر باشتىن-ئاخىر گويا بىر پارچە دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق مارشىدەك تۇيغۇ بىلەن سۇغۇرۇلغان. ئۇندىن باشقا شېئىر يەنە شەكىل جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىپ، مىسرالارنى تەڭداش ئىشلەتكەن. بۇنىڭ بىلەن شېئىرنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە تەسىرچانلىقى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. شائىر ئۆز پىكىرلىرىنى ۋە مۇددىئاسىنى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويماي، بەلكى ئوبرازلىق شېئىرىي مىسرالار ئىچىگە سىڭدۈرۈپ ئىپادىلىگەن. شۇڭا شېئىر ئۆزىدە شېئىرىي گۈزەللىكنى تولۇق نامايان قىلغان.

# 9. شائىر ئىپتىخارى

## —«تەڭرىتاغ سۆيگۈسى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

شىنجاڭ، تاغ-دەريالىرى كۆپ، ئويمانلىقلىرى بوستانلىقلار بىلەن بېزەلگەن، دەريا ۋادىلىرى ئوتلاق بىلەن قاپلانغان بىپايان بىر جاي، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كۇئىنلۇن، قاراقۇرۇم تاغلىرى شىنجاڭنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرىدۇ. تارىم ۋە يورۇڭقاش دەريالىرى ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۇ يەردىن چىققان قاشتېشى دۇنياغا مەشھۇر. ئالتاي تاغلىرى شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مۇھىم بىر تەبىئىي گۈزەللىك بولۇپ، ئالتۇن كۆپ چىقىدۇ. شۇڭا قەدىمدىن تارتىپ بۇ تاغ، «ئالتۇنتاغ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

شەرقتىن غەربكە سوزۇلۇپ ياتقان تەڭرىتاغ تاغلىرى شىنجاڭنى تەبىئىي ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ دەپ ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدۇ. شىنجاڭ يەر شەكلى جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۈچ چوڭ تاغ ۋە ئىككى چوڭ ئويمانلىقتىن تۈزۈلگەن. تيانشاننىڭ شىمالىدا جۇڭغار ئويمانلىقى، جەنۇبىدا تارىم ئويمانلىقى بار. تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 530 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى ھېسابلىنىدۇ. جەنۇبقا سۇرۇلگەنسېرى قۇملار توختىماي كۆچۈپ، غەلىتە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تەكلىماكان قۇملۇقى بار. بۇ قۇملۇق 330 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى

چوڭ قۇملۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تېگىدە نېفىت زاپىسى ئىنتايىن مول. ئۈچ چوڭ تاغ تىزمىسىدىن باشلانغان دەريالار ئۆزىنىڭ ئىنتايىن مول سۇ بايلىقى بىلەن ئىككى قاسناقتىكى مۇنبەت بوستانلىقنى سۇغۇرۇپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد باتۇر، ئەمگەكچان ھەر مىللەت خەلقىنى بېقىپ، ئۇزاق تارىختا ئىگە پارلاق قەدىمكى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغان. ئېرتىش دەرياسى ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي جەنۇب ئېتىكىدىن باشلىنىپ، شەرقتىن غەربكە قاراپ ئاقىدۇ. دەريانىڭ ئىككى ياقىسى ئوت ۋە سۇيى مول. نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ مۇھىم پائالىيەت مەيدانى بولۇپ كەلگەن بىر گۈزەل جايدۇر.

تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلىنىدىغان ئەڭ چوڭ داڭلىق دەريا ئىلى دەرياسى بولۇپ، بۇ دەريا غەربكە قاراپ ئېقىپ بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. دەريانىڭ ئىككى ياقىسى ئۆزىنىڭ مۇنبەت ئېتىزلىرى، مول ئوت-سۇيى ۋە ئېقىنلىرى بىلەن ئەزەلدىن «سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى جياڭنەن» دەپ نام ئالغان.

تيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىن باشلىنىدىغان ئاقسۇ دەرياسى ۋە كوئىنلۇن تاغلىرىدىن باشلىنىدىغان يەركەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى قاتارلىق نۇرغۇن دەريالار بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى بولغان تارىم دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

تارىم ئويمانلىقىدا، ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت تۈپەيلىدىن ھاۋا قۇرغاق بولۇپ، ھۆل-يېغىن ئاز ياغىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل يېغىن مىقدارى 80 مىللىمېتىرغا ئاران يېتىدۇ. ئەمما تيانشان، كوئىنلۇن تاغلىرىدىن باشلىنىدىغان دەريالارنىڭ سۇ بايلىقى مول، تارىم دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرىنىڭ ئىككى ياقىسى ياپيېشىل بوستانلىقلار بىلەن قاپلانغان. يىراق قەدىمكى

دەۋردىن باشلاپلا ھەر مىللەت خەلقى مۇشۇ بوستانلىقلاردا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن. ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك بىلەن غەرب ئەللىرىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرغان چوڭ يول «يىپەك يولى» تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىي تەرەپلىرىنى بويلاپ شەرقتىن غەربكە سوزۇلۇپ، بوستانلىق ۋە قەدىمىي شەھەرلەردىن ئۆتۈپ، پامىر ئېگىزلىكى ئارقىلىق غەربكە سوزۇلۇپ، قەدىمكى زاماندىكى ھەرقايسى ئەل، ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان بەلۋاغقا، شۇنىڭدەك دوستانە بېرىش-كېلىش ۋە ماددىي ئەشيا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدىغان مۇھىم يول بولۇپ قالغان.

شائىرنىڭ «تەڭرىتاغ سۆيگۈسى» ناملىق بۇ شېئىرى بىز يۇقىرىدا تەرىپىنى قىلغان ئاشۇ گۈزەل زېمىندا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغ—تەڭرىتاغقا ئوقۇلغان مەدھىيە بولۇپ، شېئىر ئىنتايىن چوڭقۇر سىمۋوللۇق تۈسكە ئىگە.

شېئىردا تەڭرىتاغنىڭ شىنجاڭنىڭ ئالتۇن بۆشۈكى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدا غايەت زور ئېگىزلىكلەرنىڭ بارلىقى، ناھايىتى گۈزەل يايلاقلىرى، بوستانلىقلىرى بارلىقى؛ نېفىت، كۆمۈر زاپىسىنىڭ ناھايىتى موللۇقى، قاشتېشى، ئالتۇن قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكى، بۇ ماكاندا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىناق-ئىتتىپاق، بىر-بىرىدىن ئۆگىنىپ، مېۋىنى-مۇرىگە تىرەپ ياخشى ياشايدىغانلىقى، ئالتاينىڭ ئالتۇن رەڭ يايلاقلىرى، تارىمنىڭ كەڭ كەتكەن ساھىلى ۋە بوستانلىقلىرى، بۇ ماكاندا تەڭرىتېغىنىڭ ھەسەن-ھۈسەندەك كۆكتە چاقناپ تۇرىدىغانلىقى، شىنجاڭنىڭ كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلىپ، گۈللەپ ياشناۋاتقانلىقىدەك جۇشقۇن مەنزىرە ناھايىتى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

uyghurkitap.com

شېئىردا ھېسسىيات تەبىئىي، راۋان ئىپادىلىنىپ، پۈتۈن شېئىر مىسرالىرى رەڭدار ۋە بىر گەۋدە بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ شېئىر ئاجايىپ كەڭ ۋە چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن شائىرنىڭ تەڭرىتاغقا بولغان چىن قەلبىنى، پۈتمەس مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ، تەڭرىتاغ ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان، مەردانە قىياپىتىنى ئۇلۇغلىغان.

شائىرنىڭ تەڭرىتاغقا بولغان دېڭىزدەك چەكسىز، چوڭقۇر مۇھەببىتى، شېئىردىكى مىسرالاردا تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمىدە سەممىمىي ئىپادىلەنگەن. شېئىردا يەنە مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش، سۈپەتلەش قاتارلىقلار ناھايىتى جايىدا قوللىنىلىپ، شېئىرنىڭ بەدىئىيلىكى تېخىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

مەسىلەن:

تەڭرىتاغ—
شىنجاڭنىڭ ئالتۇن بۆشۈكى،

بۇ يەردە ئوخشىتىش قوللىنىلغان بولۇپ، تەڭرىتاغنى شىنجاڭنىڭ ئالتۇن بۆشۈكىگە ئوخشاتقان.

ھەممىلا يېرىڭ مول مەدەن مەنبەسى،
كۆمۈرنىڭ، نېفىتنىڭ دېڭىزى چەكسىز.
قوغۇنلار تارتىدۇ سەيلىچىلەرنى،
قاشتېشى، ئالتۇننىڭ داڭقىمۇ شەكسىز.

شائىر بۇ يەردە كۆمۈر ۋە نېفىتنىڭ زاپىسىنىڭ كۆپ ۋە مول

ئىكەنلىكىنى مۇبالىغە ۋاسىتىسى ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

ئالتاينىڭ ئالتۇن رەڭ يايلاقلىرى ۋە
تارىمنىڭ ساھىلى، بوستانى بويلاپ،

بۇ مىسرادا سۇپەتلەش قوللىنىلغان بولۇپ، ئالتاينىڭ يايلاقلىرى ئالتۇندەك دەپ سۇپەتلەنگەن.

تۇرسەن تەڭرىتاغ ئۆزرە ھالقىغان.
بىر ھەسەن-ھۇسەندەك كۆكتە چاقنىغان

بۇ مىسرادا تەڭرىتاغنىڭ ئاسمان-پەلەك مەغرۇر ھەم گۈزەل قىياپىتىنى ھەسەن-ھۇسەنگە ئوخشاتقان.

بىز شائىرنىڭ «تەڭرىتاغ سۆيگۈسى» ناملىق بۇ شېئىرىغا قارايدىغان بولساق، يەنىلا شائىرنىڭ ئانا تاغ تەڭرىتاغقا بولغان ئوتلۇق ھېسسىياتىنىڭ جۇلالىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. ئاپتور بۇ شېئىردا ئۆز يۇرتىدىن ئېپتىخارلىنىش ھېسسىياتىنى تەڭرىتاغ تەسۋىرى ئارقىلىق كونكرېتلاشتۇرۇپ ئىپادىلىگەن.

شېئىردىكى تەسەۋۋۇر بوشلۇقىنىڭ كەڭلىكى بىزنى ئانا يۇرت ھەققىدىكى تاتلىق ئويلارغا باشلايدۇ. شائىر ئانا يۇرتنىڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ ھەربىر گىياھ، ھەربىر نېمىسىدىن پەخىرلىنىشنى ھېچقاچان ئېسىدىن چىقارمىغان.

يۇرت مۇھەببىتى قەلبىدە لاۋۇلداپ تۇرغان قەلەم ساھىبى ئۈچۈن شۇ سۆيۈملۈك تۇپراقتىكى ھەربىر تىنىش ۋە ھەربىر زەررىچە تۇپراق، ھەرقانداق بىر شەيئى ۋە ھادىسە مەيلى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ نەزىرىدە گويا تۇتىيا بىلىنىدۇ.

شائىر ئۇچۇن ئەڭ ئاددىي ۋە ئەڭ كىچىك بىر ەرشەيئى ۋە ئاۋازلارمۇ ھەرقاچان قەلبىنى غىدىقلاپ، ئۇنىڭغا زور ئىلھام ئاتا قىلالايدۇ. شائىر تۆمۈر داۋامەت بۇ شېئىرىدا تەڭرىتاغدىن ئىبارەت پۈتكۈل شىنجاڭغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە شۇ رايوندىكى خەلقنىڭ خاراكتېرى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شەيئىنى تاللىۋېلىپ، ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇش ئارقىلىق سۆيۈملۈك يۇرت شىنجاڭغا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىغا بولغان چەكسىز سۆيۈنۈشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، شىنجاڭ تىلغا ئېلىنسا تەڭرىتاغ تىلغا ئېلىنىدۇ. تارىختىن بېرى تالاي شائىرلار تەڭرىتاغ تەسۋىرى ئارقىلىق بۇ گۈزەل ماكانغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. شائىرنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، تەڭرىتاغ شىنجاڭنىڭ ئوبرازى، ھەم پەخرى. شۇڭا شائىرنى، تەڭرىتاغنى مەدھىيىلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋەتەننى مەدھىيىلەش ئارزۇسىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك يەتكەن، دېيىشكە بولىدۇ. دېمەك، بىز شائىرنىڭ «تەڭرىتاغ سۆيگۈسى» ناملىق بۇ شېئىرىدىن چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئالىمىز ھەم شائىرنىڭ تەڭرىتاغ مېھرى بىلەن تولغان سەممىي قەلبىنى كۆرۈۋالالايمىز.

شېئىر مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، تەسەۋۋۇرىنىڭ ئاجايىپلىقى، ئوخشىتىشنىڭ جانلىقلىقى بىلەن كىتابخاننىڭ ھاياجىنىنى قوزغاپ، شېئىرىي جەڭگىۋارلىقتىن سۆيۈندۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ شېئىردىن شائىرنىڭ تەڭرىتاغ مېھرى بىلەن تولغان گۈزەل قەلبى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. شائىرنىڭ بۇ قەلبى ئانا يۇرت، ئانا ۋەتەن سۆيگۈسى ئىپادىلەنگەن يەنە باشقا شېئىرلاردىمۇ گويا ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ، بىزنىڭ قەلبىمىزنى ئۆزىگە مەھكەم تارتىدۇ. شائىر تۆمۈر داۋامەت قولىغا قەلەم ئالسىلا ئۆز يۇرتىنى كۆز ئالدىغا

كەلتۈرىدىغان، ئۆز يۇرتىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىنى مەدھىيىلەيدىغان شائىر. ئۇ مەيلى چەت ئەلدە بولسۇن، ياكى بېيجىڭدا بولسۇن شېئىرىي ئىلھامغا تولۇپ قولىغا قەلەم ئالغاندا، ئاۋۋال يازىدىغىنى يۇرتى تەڭرىتاغ توغرىسىدىكى تەسۋىرلەردۇر. ئۇ ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان يۇرتىنى، ئۇ يەردىكى خەلقلەرنى ھەردائىم كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئۆز يۇرتىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىدىن ھاياجانلىنىش ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتىدىن ئىپتىخارلىنىش دەل ئۇنىڭ شېئىر يېزىشتىكى ئىلھام مەنبەسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

# 10. دېھقانغا بېغىشلانغان قەلب ئىزھارى

## —«دېھقان دوستۇمغا»ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

مەلۇمكى، شېئىر شائىرنىڭ رېئاللىقتىن ئالغان تەسىراتىنىڭ قايناق، جۇشقۇن ئىپادىسى. شېئىر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كۈچلۈك ھېسسىيات ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە سۈرەتلەيدۇ. چىن ھېسسىيات— شېئىرنىڭ جېنى. ھېسسىياتسىز، لىرىكىسىز شېئىرنى، شېئىر دېيىشكە بولمايدۇ. شائىرنىڭ «دېھقان دوستۇمغا» ناملىق شېئىرى، شائىر قەلبىدىكى دېھقانغا بولغان چىن سۆيگۈ ھېسسىياتىنى ئاجايىپ جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن شېئىر ھېسابلىنىدۇ. شېئىردا ھېسسىيات بىلەن مەنزىرە گىرەلىشىپ كەتكەن ئىستېتىك يۈكسەكلىك جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

شېئىردا ئالدى بىلەن «مەن» نىڭ دېھقان دوستىغا بولغان ھۆرمىتى ۋە سېغىنىشى ئىپادىلىنىدۇ. دېھقان دوستى بىلەن قەلبداشلىق ھېسسىياتىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ھەم چوڭقۇر ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇ يەردىكى چىن ھېسسىيات كىشىنى بەكلا تەسىرلەندۈرىدۇ. شائىر تۆمۈر داۋامەت ئازادلىقتىن ئىلگىرى، كەمبەغەل دېھقان پەرزەنتى سۈپىتىدە بايلارنىڭ ئىتىزلىرىدا ئىشلىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن ئازاد بولغان دېھقانلار قاتارىدا سوتسىيالىستىك ئەمگەك قايناملىرىغا چۆكۈپ، ئېتىزلاردا دېھقانلار

بىلەن ئەمگەك قىلغان. ئۇ ئەنە شۇ ئەمگەك جەريانىدا ئىشلەپ، چېنىقىپ چىققان رەھبەر، شۇڭا ئۇنىڭ دېھقان دوستلىرى كۆپ.

ئۇنىڭ دېھقانلارغا بولغان مۇھەببىتىمۇ ئىنتايىن قويۇق. ئۇنىڭ دېھقانلارغا بولغان سۆيگۈسىنىڭ يىلتىزىمۇ ئىنتايىن چوڭقۇر.

بۇ شېئىرنى ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق پەۋقۇلئاددە ھېسسىياتىنىڭ ئۇرغۇپ تېشىش نەتىجىسىدە يېزىلغان دېيىشكە بولىدۇ. شائىر شېئىرنىڭ بېشىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئەي دېھقان، سەن مېنىڭ دوستۇم قەدىردان،
ئېتىزدا بىز بىللە چوڭ بولغان ئىشچان.
دىلىمىز رىشتىسى چىگىلگەن بىللە،
كەل، سىرداش بولايلى يەنە مېھرىبان.

ئاندىن شائىر دوستىغا مۇنداق مۇراجىئەت قىلىدۇ:

سوغ نەپەس، سوغ تەلەت قىش كەتتى ئەنە،
باھارنىڭ شاملى ئويغاتتى يەرنى.
ياسىنىپ تارىنار ۋادىلار، باغلار،
كۈيلىدى نەغمىچى قۇشلار سەھەرنى.

بۇ يەردە شائىر بىر پەسىلنى، شۇنىڭدەك سىمۋوللۇق مەنىدە بىر زاماننى ئىپادىلىگەن. قىش كېتىپ باھار كەلگەنلىكىنى، ئېتىز-ئېرىقلاردا راسا ئىشلەيدىغان پەسىلنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى تەسۋىرلەپ، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا باھار پەسلىنى نامايان

قىلىدۇ. بىز ئەنە شۇ مەنزىرە ئىچىدە شائىرنىڭ شېئىرىي تەسەۋۋۇرى ئىچىگە شۇڭغۇپ، دېھقانلىرىمىز ئۇچۇن ھەقىقىي قۇچاق ئېچىپ كەلگەن يېڭى بىر ئىللىق زاماننى ھېس قىلىمىز. ئېلىمىزدە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت مۇدھىش «قىش» ئۆتۈپ، ئىسلاھات دەۋرىدىن ئىبارەت ئىللىق باھار يېتىپ كەلدى. شائىر قەلبىدىكى باھار، دەل يېڭى دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان باھار ئىدى. بۇ باھار خۇددى شائىر ئېيتقاندەك باي بولىدىغان، روناق تاپىدىغان باھار ئىدى. شائىر شېئىرىدا يەنە مۇنداق يازىدۇ:

خۇش پۇراق تارقاتتى ئەتراپقا شامال،
قىزىلگۈل بۇلبۇلدىن ئالدى خەۋەرنى.
تۇر ئەمدى قەدىناس، قىزىت ئەمگەكنى،
ئېتىزلار سېغىندى مەرۋايىت تەرنى.

شائىر بۇ مىسرالاردا، يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىنى، ئەمدىلىكتە «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دېگەن ھەقىقەتنىڭ ئەمەلىيلىشىدىغانلىقىنى دەبدەبىلىك ھالدا جاكارلايدۇ. دېھقانلارنى ئۆز ئەمگىكى ۋە تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىشقا چاقىرىپ، دېھقاننىڭ ئىشچان، باتۇر، ئەمگەك سۆيەر روھىغا مەدھىيە ياغدۇرىدۇ.

دېمەك، ئاپتور بۇ شېئىردا يېڭى زامانغا بولغان ئىشەنچى ۋە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقى بىلەن دېھقاننىڭ ئەمگەكچانلىقى ۋە ئىشچانلىقىغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ. دېھقانلىرىمىزنىڭ ئۆز جاسارىتىنى، ئاكتىپلىقىنى ئەمدى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، گۈزەل كەلگۈسىنى ئۆزى يارىتىدىغان دەۋرنىڭ يېتىپ



www.uyghurkitap.com

كەلگەنلىكىنى جاكارلايدۇ.

شۇڭا شۇنى ئېنىق دەيمىزكى، بۇ شېئىر دەۋر ساداسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ياخشى شېئىردۇر، دېھقان خىسلىتى ۋە دېھقان ھاياتىنى يورۇتۇپ بەرگەن مۇنەۋۋەر شېئىردۇر! بىز شېئىرنى ئوقۇپ كۆرسەك، شېئىردا ھەرگىزمۇ چۈشىنىكسىز، مۈرەككەپ سۆزلەرنى ئۇچراتمايمىز. شائىر چۈشىنىشلىك، ئىخچام، ئاددىي ئەمما جانلىق، ھەممىگە ئورتاق بولغان خەلق تىلىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھىنى ۋە قايىناق ھېسسىياتىنى ناھايىتى يۇقىرى ماھارەتتە بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن شېئىرنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى جانلىقلىقى ۋە ئۆزگىچىلىكى تېخىمۇ يارقىن بولغان.

شېئىردا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، مەسىلەن: سۈپەتلەش، جانلاندۇرۇش، سىمۋول، رىتورىك خىتاب قاتارلىق ۋاستىلەر ناھايىتى جايىدا قوللىنىلغان. «سوغ نەپەس»، «سوغ تەلەت»، «مەرۋايىت»، «نەغمىچى» دېگەندەك سۈپەتداشلار قوللىنىلغان بولسا، «ياسىنىپ تارىنار»، «ئويغاتتى يەرنى» دېگەنلەردەك جانلاندۇرۇشلار قوللىنىلغان.

«قىزىلگۈل بۇلبۇلدىن ئالدى خەۋەرنى» دېگەنلەردە مېتافورا قوللىنىلغان. «تۇر ئەمدى قەدىناس، قىزىت ئەمگەكنى، ئېتىزلار سېغىندى مەرۋايىت تەرنى» دېگەن مىسرالاردا رىتورىك خىتاب قوللىنىلغان. شائىر بۇ خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى دەل جايىدا ئۇستىلىق بىلەن ئىشلىتىش ئارقىلىق شېئىر تىلىنى تېخىمۇ جانلىق، ئوبرازلىق، كونكرېت ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى شېئىرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ناھايىتى روشەن يورۇتۇپ، شېئىرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يۇكسەك دەرىجىدە ئاشۇرغان. بۇ خىل

ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئېچىمۇ جانلىق، كونكرېت قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

ئومۇمەن شائىرنىڭ «دېھقان دوستۇمغا» ناملىق بۇ شېئىرى قىسقا ھەجىمدە يېزىلىشىغا قارىماي، ناھايىتى مول ۋە ئاكتۇئال مەزمۇننى ئۆزىدە ھەقىقىي تۈردە ئەكس ئەتتۈرگەن شېئىردۇر. شائىر شېئىردا دېھقانغا بولغان قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئوتلۇق ھېسسىياتنى ناھايىتى جانلىق، ئاددىي، ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق مەدھىيىلەش بىلەن بىرگە، كەڭ دېھقانلارغا قاپقارا بۇلۇتلارنىڭ تارقىلىپ، يېپيېڭى باھارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، راسا ئىشلەپ باي بولۇش پۇرسىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى زوق بىلەن جاكارلايدۇ. دېھقانلىرىمىزنى دەۋرگە ماسلىشىپ، يېڭى دەۋردە يېڭىچە روھ بىلەن ئەمگەكنىڭ قاينام تاشقىنلىق سىمفونىيىسىنى ياڭرىتىپ ئۆز ھالال ئەمگىكى بىلەن گۈزەل باياشات تۇرمۇش بەرپا قىلىشقا ئاكتىپلىق بىلەن چاقىرغان. شائىر يەنە دېھقاننىڭ ئىشچان، ھارماس-تالماسلىقتەك يۈكسەك روھىنى قىزغىن مەدھىيىلەش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا چىن قەلبىدىن ئاپىرىن ئوقۇغان. دېھقان ئاددىي-ساددا، ئەمما قورقۇمسىز، باتۇر، ئىككى قولى بىلەن دۇنيانى ئۆزگەرتىدۇ، ئۇ پۈتكۈل كائىناتنى شادلىق گۈللىرى بىلەن ئورايدۇ، ئۆزىنىڭ ئاچچىق تەرلىرىنى مۇنبەت تۇپراققا سىڭدۈرۈپ، ۋەتەننى، خەلقنى جۇملىدىن ئەتراپىمىزنى ئوراپ تۇرغان ئەزىز سۆيۈملۈك يۇرتىمىزنى گۈللەندۈرۈشتە، ئۇنىڭ ئۈن-تىنسىز تۆھپە قوشۇشتەك روھى چاقناپ تۇرىدۇ. شائىر ئۆز شېئىرىدا دېھقان خاراكتېرىنى جانلىق سۈرەتلەپ، كىشىلەرگە دېھقاننىڭ ئۇلۇغ ئىنسان ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى قەدىرلەش، ئەمگىكىنى ھۆرمەتلەشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرگەن. دېھقاننىڭ

جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسىنى شائىر چىن قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان قايناق ھېسسىياتى بىلەن يۇغۇرۇپ تەسۋىرلەپ، دېھقانغا بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرغان، قەلبىمىزدىكى دېھقاننىڭ پاك، غۇبارسىز ئوبرازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 11. ئانا يەر قەسىدىسى

## ——«تارىمغا بېغىشلانغان ناخشا» شېئىرى توغرىسىدا

شېئىردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، يۇرتىمىز شىنجاڭدا يۈز بەرگەن مىسلىسىز ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات، تارىم نېفىتلىكىنى ئېچىشتىن ئىبارەت تېما ئۇستىگە مەركەزلەشتۈرۈپ يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ، بىز شېئىردىن غالىبلارچە تەرەققىيات ئىستىقبالىغا قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان يېڭى دەۋرنىڭ يېڭىچە قىياپىتىنى كۆرىمىز.

شېئىر شائىرنىڭ تارىمدىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس زېمىنغا بولغان ئوتلۇق سۆيگۈسىنى ئىپادىلەشتىن باشلىنىدۇ. ئاندىن تارىمنىڭ سۆيۈملۈك، باي بىر ماكان ئىكەنلىكى، تارىمنىڭ كۆكلەرنى مايىل قىلىدىغان، دۇنيانى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، تارىمنىڭ قوملۇق دېڭىزى، نېفىتلىك ئويمانلىقى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قوينىدا ياشىغۇچى ئەمگەكچان خەلق ئەمدى بۇ ماكانىنى گۈللەندۈرۈشكە ئىرادە باغلىغانلىقى قاتارلىقلار شېئىردا ئوبرازلىق سۆزلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

شائىر ئۆز شېئىرىنىڭ بېشىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئەي تارىم،
ئەي سۆيۈملۈك تارىم،
سەن نېمانچە باي بىر ماكانسەن،
كۆڭۈللەرنى ئەجەب تارتىسەن.
سەن دېڭىزسەن،
قۇملۇق باياۋان،
مۇنبەت ئېتىز-
دالا چاقنىغان،

شائىر بۇ مىسرالاردا ئانا يەرگە ۋە ئۇنىڭ پەرزەنت قەلبىدىكى ئورنىغا بولغان يۈكسەك قىممىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئانا يەرنىڭ قوينىدا ياشىغۇچى ھەربىر قەلب ئىگىسىدە قوزغايدىغان چەكسىز سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن شائىر ئانا يەرگە بولغان مۇھەببىتىنى ئۇنىڭ ئۆز خەلقىگە ئاچقان مول بايلىق بىلەن تولغان قوينىنى مەدھىيىلەش بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ. مەسىلەن:

سەن ئوتلاقسەن،
نېفىتلىك ئوكيان.
سەن بوز يەرسەن، گۆھەر ئويمانلىق،
چېكىگە كۆز يەتمەس بىپايان.

شائىر شېئىردا يەنە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىلگىرىكى قاباھەتلىك ئۆتمۈشىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ ئاتالغانلىقىنى يازىدۇ. دېمىسىمۇ كونا جەمئىيەتتە خەلقىمىز پەن-تېخنىكىدا قالاق، سانائەتتە ئارقىدا بولغاچقا تەبىئەت

قوينىدىكى بايلىقلاردىن پايدىلىنىشقا كۈچى يەتمەيتتى. تەبىئەتنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى. تارىم ئويمانلىقى ئۇلار ئۈچۈن بايلىق ماكانى ئەمەس بەلكى كىرسە چىقالمايدىغان بورىنى بىلەن دائىم تەھدىت سېلىپ تۇرىدىغان خەتەرلىك جاي ھېسابلىناتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلقىمىز يېڭى ھەم زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن قوراللاندى، تەبىئەت قوينىدىكى بايلىقلاردىن تەرەققىيات ئۈچۈن پايدىلىنىشقا باشلىدى. ئەمدى تارىم «ھالاكەت دېڭىزى» ئەمەس بەلكى تەرەققىيات گۈللىنىش يولىدىكى بايلىق دېڭىزىغا ئايلاندى.

شائىر شېئىردا تارىمنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەرەققىيات مەنزىرىسىگە بولغان ئارزۇسىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

تارىم، سېنىڭ بايلىق-گۆھىرىڭ
تەكشۈرۈلەر، ئېچىلار ئەمدى.
تارىم، سېنىڭ گۈزەل مەنزىرەڭ
ئادەملەرنى مەست قىلار ئەمدى.
تارىم، سېنىڭ مۇبارەك نامىڭ
ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۆچمەيدۇ پەقەت.
ئىستىقبالىڭ، پارلاق كەلگۈسىڭ
نۇر چاچىدۇ يۇلتۇزدەك ئەبەت.
...........

دېمەك، شېئىرغا شائىرنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا بولغان ئىشەنچىسى، مۇشۇنداق گۈزەل ماكاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىگە بولغان پەخىرلىنىش ھېسسىياتى چوڭقۇر

سىڭدۈرۈلگەن.

قىسقىسى، شائىر تارىم ئويمانلىقىدىن ئىبارەت ئانا يەرگە بولغان مەدھىيە ناخشىسى ئارقىلىق، يېڭى دەۋرگە بولغان مەدھىيىسىنى، خەلقىگە، دۆلىتىگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. بۇ ئارقىلىق ئەۋلادلارنى ئانا يەرنى سۆيۈشكە، ئانا يەردىن پەخىرلىنىشكە، ئانا يەرنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا چاقىرغان.

شېئىرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدا مۇنداق بىرنەچچە تەرەپتىن توختىلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

1. تىلى جانلىق، ئوبرازلىق، چۈشىنىشلىك، ئاددىي بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە جۇشقۇنلۇق، شادلىق ۋە ھاياجانلىق ھېس-تۇيغۇسىنى بېغىشلىيالايدۇ. بولۇپمۇ، ئاددىي سۆزلەر بىلەن چوڭقۇر مەنانى ئىپادىلەش ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

2. ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۇختىتىش، سۈپەتلەش، جانلاندۇرۇش قاتارلىقلار قوللىنىلغان بولۇپ، شېئىرىي پىكىرنىڭ ئوبرازچانلىقى كۈچەيتىلگەن، تەسىرچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. مەسىلەن: شائىر شېئىردا تارىمنى قۇملۇق دېڭىزغا، نېفىتلىكنى ئوكيانغا ئوختىتىدۇ. ئۇندىن باشقا: «ئەي تارىم، سەن گۈزەل قىز—جانان، ئاشىق تېخى بايقاپ بولمىغان» دېگەن مىسرالىرىدا سۈپەتلەشنى تولىمۇ ئورۇنلۇق قوللانغان. شائىر يەنە «قانچە ئەسىر ئۇخلىغىنىڭنى»، «نام ئېلىپمۇ قويمىغىنىڭنى»، «سوزۇلۇپ ياتقان» دېگەن مىسرالاردا جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان.

شېئىردا بۇ خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ قوللىنىلىشى بىر تەرەپتىن، شىنجاڭنىڭ پەخرى بولغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى، تارىخىنى، بۈگۈنىنى،

كەلگۈسىنى كۆرسىتىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن شائىرنىڭ دىمەكچى بولغان ئوي-پىكرىنى ناھايىتى جانلىق، ئوبرازلىق قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى قىممىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. جەلپ قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. شېئىر تىلىنىڭ ئاددىي، ئەمما جانلىق، ئوبرازلىق، گۈزەل، نەپىس بولۇشى ئوقۇرمەنلەرگە نىسبەتەن شېئىرنىڭ تەسىرچانلىق خۇسۇسىيىتىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ شېئىردا قوللىنىلغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر شېئىرنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەر كۆڭلىگە يېقىشلىق تەسىر بېرىدۇ. بۇ شېئىردا ئىپادىلەنگىنى ئاساسلىقى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات ۋە تارىمنىڭ شان-شۆھرىتى بولۇپ، شائىر تارىمدىن ئىبارەت بۇ جاي ئارقىلىق ئانا يەرنى ئۇلۇغلىغان. بولۇپمۇ، ئاددىي شېئىرىي تىللار بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ تۈنۈگۈنى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئانا دىيارىمىز شىنجاڭ گۈزەل بىر ماكان، خەلقى ئىشچان، ئەمگەكچان، چېۋەر، ئاددىي-ساددا. شىنجاڭنىڭ يەر بايلىقى مول، تارىم ئويمانلىقى شىنجاڭدىكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان ئەڭ چوڭ ئويمانلىق. تارىم ئويمانلىقىدا كۆمۈلۈپ ياتقان يەر ئاستى بايلىقى مول. تارىمنىڭ يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان بايلىقلار بۈگۈنكى كۈندە بايقىلىپ ھەر مىللەت خەلقىغە بەخت ئېلىپ كەلمەكتە. ئۆتمۈشتە بايقالمىغان، ئويقۇدا ياتقان تارىم ئويمانلىقى، يېڭى دەۋرگە كەلگەندە ئىلغار پەن-تېخنىكىنىڭ ياردىمىدە قايتىدىن باش كۆتۈردى. دۆلىتىمىز ھازىر تارىم ئويمانلىقىدا كۆمۈلۈپ ياتقان يەر ئاستى بايلىقىنى قېزىپ چىقىشقا ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. تارىم

ئويمانلىقنى ئېچىش، ئۇنى تەرەققىيات ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇۋاتىدۇ. تارىم ئويمانلىقى ئۆزىدىكى بايلىق ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىدە زور رول ئويناۋاتىدۇ.

شائىر مۇشۇ تارىم ئويمانلىقى جايلاشقان ماكاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولغاچقا، ئۆزىنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى، قايىللىق تۇيغۇسىنى ئۆتكۈر قەلىمى ئاستىدا نامايان قىلىپ بەرگەن، شائىرنىڭ قەلىمى ئاستىدا نامايان قىلىنغان تارىم، ھاياتىي كۈچكە تولغان گۈزەل ماكان سۈپىتىدە كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ.

«تارىمغا بېغىشلانغان ناخشا» ناملىق بۇ شېئىر مەيلى مەزمۇنى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئىدىيە جەھەتتىن بولسۇن ناھايىتى جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولۇپ، يۇقىرى ئېستېتىك ئۇنۇمدارلىققا ئىگە شېئىردۇر.

شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ناھايىتى چوڭقۇر، شېئىردا بىر تەرەپتىن شائىرنىڭ تارىمغا بولغان مەدھىيىسى ئىپادىلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن گۈللىنىش ئىچىدىكى تەرەققىيات مەنزىرىسى ئىپادىلەنگەن. تارىمنىڭ ھازىرقى رېئاللىقى بىلەن كەلگۈسى تەرەققىياتى بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلەنگەن ۋە كۈيلەنگەن.

شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى بولسا شېئىرىي مەزمۇننى يارقىنلاشتۇرۇشقا خىزمەت قىلدۇرۇلغان. ئەمدى شېئىرنىڭ ماۋزۇسىنىڭ قۇرۇلۇشى توغرىسىدا ئازراق توختىلايلى:

ماۋزۇ، يازماقچى بولغان ئەسەرنىڭ ياخشى-يامان چىقىشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ماۋزۇنىڭ قانداق قويۇلۇشى ئەسەرنىڭ يېزىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. مۇۋاپىق بولغان ماۋزۇ تاللاش ئەسەر يېزىشنىڭ ئاملى، شۇنداقلا ئەسەر ئىدىيىسىنى

گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشتىكى مۇھىم ھالقىلارنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، بۇ شېئىرغا قويۇلغان ماۋزۇنى ناھايىتى جانلىق ۋە دەل جايىدا قويۇلغان دېيىشكە بولىدۇ. «تارىمغا بېغىشلانغان ناخشا» دېگەن ماۋزۇنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر ئوقۇرمەن شېئىردىكى مەزمۇننى ئالدىن كۆرەلەيدۇ. ماۋزۇنى ئوقۇپلا شېئىردا تارىم ئويمانلىقىغا مەدھىيە ئوقۇلىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ ۋە ئىختىيارسىزلا شېئىرنى ئوقۇش تۇيغۇسىغا كېلىدۇ. بۇ يەردە شېئىرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شېئىرنىڭ ماۋزۇسى زىچ باغلانغان. بىر-بىرىگە ماس كەلگەن. شېئىر خۇددى لىرىك ناخشىغا، يېقىملىق مېلودىيىگە ئوخشاش كىشىگە ھاياجانلىق تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ. بۇ شائىرنىڭ تارىمنى مەدھىيىلەپ، كۈيلەپ ئېيتقان يېقىملىق ناخشىسى، ھەتتا شائىرنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل خەلقىمىزنىڭ ناخشىسىدۇر. بۇ ناخشا تارىمنىڭ تۈنۈگۈنى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، تارىمنى گۈللەندۈرۈش، تارىمنى ئېچىش ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىۋاتقان ئەمگەكچان خەلقنىڭ يۈرەك ساداسى، ئومۇمىي خورى ئەلۋەتتە!

شېئىر ناھايىتى ياخشى يېزىلغان بولۇپ، شېئىردا شائىرنىڭ قەلەم كۈچى نامايان قىلىنغان ھەم تارىمنىڭ سېھرىي كۈچى نامايان قىلىنغان. تارىمنى ئاڭلىغان، لېكىن كۆرمىگەن كىشىلەرگە تارىمنىڭ ماھىيىتىنى، قىممىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. تارىمنى كۆرمىگەن كىتابخانلار بۇ شېئىرنى ئوقۇش جەريانىدا خۇددى تارىم ئويمانلىقىنى كۆرگەندەك، تارىمنىڭ تارىخىنى كۆرگەندەك، تارىمنىڭ كەلگۈسىنى كۆرگەندەك بولىدۇ. تېخىمۇ قىممەتلىكى، تارىمنىڭ ھاياتىي كۈچكە تولغان يېڭى قىياپىتىنى كۆرگەندەك بولىدۇ.

شائىر تۇمۇر داۋامەت شېئىرلىرىدا بىزگە شۇ نەرسە ئېنىقكى

ئايانكى، شائىر ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر ئىجادىيەت جەريانىدا ئىلھام مەنبەسىنى ئۆز ۋەتىنى، ئۆز يۇرتىنى سۆيۈش بىلەن چەمبەرچاس باغلىغان. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا ئانا يۇرتىنىڭ سىمۋولى بولغان تەڭرىتاغ، تارىم، تەكلىماكان، كوئېنلۇن، ئالتاي تاغلىرى، قاراقۇرۇم، ئىرتىش، ئىلى دەريالىرى... ھەردائىم تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ، مەدھىيىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا شائىرنىڭ شېئىرلىرى يۇرت مۇھەببىتى بىلەن تولغاندەك، شائىر ئۆزى يۇرت ئىشقىدا سايراۋاتقان كۆيچى بۇلبۇلدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. دېمەك، شائىر تارىمغا بېغىشلىغان بۇ شېئىردا ئۆتكۈر، جانلىق، دەل جايىدا ئىشلىتىلگەن سۆز-جۈملىلىرى، يارقىن مىسرالىرى ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق ماكاننى بەدىئىي جەھەتتىن سۈرەتلەش ئارقىلىق بۇ ئانا ماكانىنىڭ گۈزەل كارتىنىسىنى سىزغان، ھەم دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياستى ئارقىسىدا تارىمدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق زېمىندا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، ئۆزىنىڭ «سىرلىق ماكان»، «ئۇخلاپ ياتقان دېڭىز» دەپ نام ئالغان بۇ ئانا ماكانغا مەدھىيە ناخشىسىنى ياڭراتقان. شۇنداقلا بۇ سىرلىق ئانا تۇپراقتا ياشاۋاتقان ئەمگەكچان، تىرىشچان خەلققە بولغان پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى ناھايىتى روشەن ئىپادىلىگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يەرنى ئۇلۇغلاش، شۇ زېمىندا ياشىغۇچى ھەربىر ئىنساننىڭ ۋىجدانى، غۇرۇرى. شائىر تۆمۈر داۋامەت ئەنە شۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىننى زور ئىپتىخار بىلەن مەدھىيىلىگەن. شائىر ئەنە شۇ تارىم ئويمانلىقىدا ياشاۋاتقان ئەمگەكچان خەلقنىڭ پەرزەنتى بولغاچقا، ئۆز شېئىرىدا ئەڭ ئالدى بىلەن نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا كۆمۈلۈپ ياتقان بۇ سىرلىق تىلسىمدىكى سىرلارنى ئاچقۇچىلارغا قەلبىدىن

ئۇرغۇپ چىققان ئوتلۇق ھېسسىياتى ئارقىلىق مەدھىيە ئوقۇغان. يارقىن شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق بۇ گۈزەل زېمىنغا بولغان مەدھىيە ناخشىسىنى ياڭراتقان. شېئىر مەيلى قۇرۇلما جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن.

# 12 . مۇقام ئېپتخارى

## —«زەرەپشان بويىدا شادلىق» نامىلىق شېئىرى توغرىسىدا

«زەرەپشان بويىدا شادلىق» نامىلىق شېئىردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇنەۋۋەر مىراسلىرىمىزدىن بىرى بولغان مۇقام سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى، قۇرغۇچىسى، تارقاتقۇچىسى، بېيىتقۇچىسى بولغان ئامانىنساخېنىم (1526—1560) مەدھىيىلەنگەن.

قەدىمكى پارلاق مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن مېۋىسى ھېسابلىنىدىغان «ئون ئىككى مۇقام» تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىغا، ئىجتىمائىي ھاياتىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ خەلقىمىزنى ئالغا بېسىشقا، ئەركىنلىككە تەلپۈنۈشكە چاقىرىپ، پاك مۇھەببەت، گۈزەل ئەخلاق ۋە گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ كەلگەن.

ئۇ زامان-زامانلاردىن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى شادلاندۇرۇپ كەلگەن. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، خەلقىمىز تەكلىماكاندىن ئىبارەت سىرلىق ۋە پىنھان ماكاندا يازنىڭ سالقىن ئاخشاملىرى ۋە قىشنىڭ ئۇزاق تۈنلىرىنى مەشرەپ-باراۋەت ئويۇنلىرى بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپ، ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزگەن. مانا شۇ جەرياندا مۇقام-مەشرەپلىرىمىز خەلقىمىزنىڭ كۆلكىسىگە جور بولۇپ، غەم-قايغۇلىرىغا ھەمدەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ

ئازابلىرىنى يېنىكلىتىپ كەلگەن.

ئەسىر چاقى 16-ئەسىرگە كەلگەندە، دىيارىمىزدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى بولغان يەركەن دىيارىدىكى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەلتەنەت ساھىبلىرىدىن بولغان سەئىدخان، ئابدۇرەشىتخانلاردەك مەرىپەتپەرۋەر، ئىلىم سۆيەر خانلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ۋە خانىش ئامانىساخېنىم، مۇزىكا ئۇستازى قىيدىرخانلاردەك ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ قول سېلىپ ئىشلىشى جەريانىدا مۇقام رەتلىنىپ، تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، بەدىئىي ۋە ئاھاڭ جەھەتتە تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈلۈپ مۇقامنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە ئوخشۇشلۇق يېتىپ كېلىشىگە ناھايىتى ياخشى ئاساس يارىتىلغان.

خەلقىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق سەنئەت ئادىتىنىڭ جەۋھىرى ۋە مۇجەسسىمى بولغان مۇقامىمىز ئۆزىنىڭ شەكلى، بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئىلمىيلىقى، شۇنىڭدەك ئاممىۋىلىقى، جەڭگىۋارلىقى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا يۇقىرى شۆھرەتكە ئېرىشىپ، يۈكسەك ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەلمەكتە. 2005-يىل 11-ئايدا «ئون ئىككى مۇقام» دۇنيا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. شائىر بۇ شېئىرىدا مىللىتىمىزنىڭ پارلاق ئەنئەنىسىنىڭ ۋارىسى بولغان «ئون ئىككى مۇقام»نى مەدھىيىلىگەن، ھەمدە «ئون ئىككى مۇقام» ۋەكىللىكىدىكى مىللىي سەنئەت بايلىقىمىزنى زوق بىلەن كۈيلىگەن. شائىر بۇ شېئىرىنى مۇقامشۇناس ئامانىساخاننىڭ ھەيكىلىنىڭ ئورنىتىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان بولۇپ، شېئىردا خەلقىمىزنىڭ مۇقامنى سۆيۈش، مۇقامدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتى چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

مۇقام ئەھلى بولۇپ جەم كۆلدى بۇ قۇتلۇق ماكان شۇنچە،
زەرەپشان چايقىدى ئالتۇن، ئېقىپ ئويناق راۋان شۇنچە.

مانا بۇ مىسرادا سەنئەتخۇمار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇقام شادلىقىغا جەم بولۇپ، شادلىققا چۆمگەنلىكى، زەرەپشان دەرياسى بويىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئەنە شۇ مۇقام تەنتەنىسىدە پۈتكۈل مۇقام ئەھلىلا ئەمەس بەلكى شۇ مۇقام تەنتەنىسىگە جور بولۇپ سۆيۈملۈك زەرەپشان دەرياسىنىڭمۇ شۇ شادلىققا قارىتا ئۇسسۇلغا چۈشكەنلىكى ئوبرازلىق تىللار ئارقىلىق يارقىن ئىپادىلەنگەن.

مۇبارەك ھەيكىلىڭىز ئەي مۇقامغا پىر ئامانىسا،
گويا سىز چىقتىڭىز يەردىن تېپىپ قايتا جان، شۇنچە.

بۇ مىسرالاردا ئەنە شۇ شادلىق ئىچىدە پۈتكۈل مۇقام ئەھلىنىڭ ئۇلۇغ مۇقامشۇناسى، مىللىي سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ پەخرى بولغان ئامانىساخېنىمغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش، ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى مەڭگۈ ياد ئېتىش ئىرادىسى ئىپادىلەنگەن. بىزگە مەلۇم، ئامانىساخېنىم بىزنىڭ مۇقام سەنئىتىمىزگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنى ئوتتۇرا ئەسىر خۇراپاتلىق، سوپىزم كۆچلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىدىن ساقلاپ قالغان. «ئون ئىككى مۇقام»نى تېكىست ۋە كۈي شەكلى جەھەتتىن ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنىڭغا يېڭى قان بېغىشلىغان. ئۇنى زامان بىلەن تەڭ راۋاجلاندۇرغان. شائىرنىڭ بۇ شېئىرى يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا ئامانىساخاننىڭ ئەنە شۇنداق ئۆلمەس ئوبرازىنى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا قايتا نامايان قىلىپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. بولۇپمۇ

شائىرنىڭ:

گويا سىز چالدىڭىز تەمبۇر، مۇقام، ناخشا قاناتلاندى،
لەۋەن، لەرزان ئاھاڭلاردىن سۇزۇلدى ئاسمان شۇنچە.

دېگەن مىسراسىدا، شۇ دەمدە ھۇزۇر بېرىۋاتقان مۇقام نەغمىلىرىنى، خۇددى ئۇلۇغ مۇقام ئانىسى ئامانىنىساخان مۇقام ئەھلىلىرىگە چېلىپ بېرىۋاتقاندەك ھاياجانلىق ھېسسىيات ئەكس ئېتىدۇ.

كۆڭۈلدە چاقنىدى سۆيگۈ، چېچىپ يالقۇن يانار تاغدەك،
ناۋاكەش، نەغمىچى ئەل بىز، زامانلاردىن-زامان شۇنچە.

بۇ مىسرالاردا سەنئەتخۇمار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەنئەت ئارقىلىق خۇشاللىق تاپىدىغانلىقى، سەنئەت بىلەن ئۆزىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىدىغانلىقى، تۇرمۇشىدىكى خۇشاللىق، قايغۇلىرىنى سەنئەت ئارقىلىق ئىپادىلەپ، سەنئەت ئارقىلىق يەتكۈزۈپ كەلگەنلىكىدەك مىللىي خاراكتېرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

تۆۋەندىكى مىسرالاردا شائىر، مۇقامنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سەنئەت گۆھىرىمىز ئىكەنلىكى، مۇقامنىڭ خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ، مەڭگۈلۈك بىرلىشىپ يىلتىزداش بولۇپ كەتكەنلىكىدەك ئالاھىدە ئورنىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ئېتىزدا، چۆلدە، يايلاقتا مۇقام ئېيتىلمىغان كۈن يوق،

مۇقام بايلىق، مۇقام شەربەت، مۇقام دەريا-قىيان شۇنچە.

شېئىردا مۇقام، قايناق ھېسسىيات، لىرىكا، ماھارەت، خەلق تىلى قاتارلىقلار ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. شېئىردا قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار مۇقام ئەنئەنىسىگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ، ئوخشىمىغان شەكىل ۋە ئۇسۇللار بىلەن مۇقامنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ كەلگەنلىكى، مۇقامشۇناسلارنىڭ يېتىشىپ چىقىپ، مۇقامنى تولۇقلاش، رەتلەش، ساقلاش، تارقىتىش ئىشلىرىپ بېرىپ، مۇقام ئۈچۈن تۆھپە قوشقانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇقامنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدەك مەركىزىي مەزمۇن ئوبرازلىق تىللار ئارقىلىق ناھايىتى جانلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن. بۇ شېئىر بەدىئىيلىك جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، شېئىرىي تىل ۋە ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. تىل ئىشلىتىش جەھەتتىن ئاپتور بۇ شېئىردا جانلىق تىللارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق شېئىرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئاشۇرغان بولۇپ، شېئىر ناھايىتى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك يېزىلغان.

شائىر ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە قاتارلىقلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. مەسىلەن، شېئىردا مۇقامنى تاتلىق شەربەتكە، دەريا-قىيانغا ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەن. شائىر شېئىر يازغاندا ئۇنىڭ قەلبى ھامان تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر بوشلۇقىدا ئۈچۈپ يۈرىدۇ. شائىرنىڭ ئىلھامى تاشقان ئەنە شۇنداق شارائىتتا، شائىر تىلىدىن ئەڭ گۈزەل ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر تۆكۈلىدۇ. شائىرنىڭ «زەرەپشان بويىدا شادلىق» شېئىرىدىمۇ خېلى كۆپ ئىستىلىستىكىلىق

ۋاسىتىلەر قوللىنىلغان بولۇپ، شېئىرنىڭ جەلپكارلىقى ۋە بەدىئىي قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. بىز تېكىستتىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ گۈزەللىكى، جايىدا قوللىنىلغانلىقىدىن بۇ شېئىرغا نىسبەتەن رازىمەنلىك تۇيغۇسىغا چۆمىمىز ھەم مۇقاملىرىمىزنىڭ ئورنى، رولى ۋە قىممىتى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە بولالايمىز.

مۇنداقچە ئېيتقاندا شېئىردىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر شائىر قەلىمىنىڭ بەدىئىي ئىقتىدارىنىڭ يارقىن ئەينىكى ھېسابلىنىدۇ.

مۇقام ئۆزىگە مۇزىكا، ناخشا، ئەدەبىياتنى مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، كۆپ شەكلى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ ئۆز ئالدىغا سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەن، ئاھاڭلىرى مول، قۇرۇلمىسى پۇختا سەنئەتتۇر. مۇقام ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان تارقىلىپ كېلىۋاتقان مول مەزمۇن، خىلمۇخىل شەكىل ۋە ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان چوڭ تىپتىكى مۇزىكا قامۇسى. شۇنداقلا قىممەت باھالىق ئەدەبىيات بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. مۇقامنى مەدھىيىلەش، مۇقامنى سۆيۈش بىزنىڭ ئىپتىخارىمىز. شۇنداقلا شېئىرىيىتىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق شانلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئاغزاكى خاتىرىلەنگەن ناھايىتى زور قامۇسى بولۇپ، ئۇ بىزنى ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالىغا دائىر ناھايىتى مۇھىم ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. مۇقام تېكىستلىرى ۋە مۇقام ئاھاڭ-كۈيلىرىنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتى ناھايىتى زور بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم مەدەنىيەت ئامبىرىدۇر.

تارىختىن بۇيان مۇقاملىرىمىز نۇرغۇنلىغان

ئىسسىق-سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ بۈگۈنگە ئۇلىشىپ كەلدى. مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مۇقاملىرىمىز دۆلىتىمىز ئىچىدىلا ئەمەس، چەت ئەللەردىمۇ ناھايىتى زور ئالقىشقا ئېرىشتى. زور ئابرۇيغا، ئورۇنغا ئىگە بولدى. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، شائىرنىڭ يۇقىرىقى شېئىرى بىز ئۈچۈن ناھايىتى زور ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە.

دېمەك، مۇقاملىرىمىز نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىپ، بۈگۈنكى دەۋردە پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئاغزاكى غەيرىي ماددىي مىراسلىرى قاتارىغا كىرىپ، پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدا مانا مۇشۇنداق قەدىرلىنىۋاتقان، ئۇلۇغلىنىۋاتقان شارائىتتا، بىزنىڭ ئۇنى تېخىمۇ قوغداپ، ئاسرىشىمىز زۆرۈردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# 13 . ئىلىم-پەنگە ئوقۇلغان مەدھىيە

## —«بىلىم نۇرى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

شائىر بۇ شېئىرىدا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئىلىم-پەننى مەدھىيىلەپ مۇنداق يازىدۇ:

ئادەملەر بىلىمسىز تاپالماس روناق،
تەبىئەت قۇياشسىز بولغاندەك خاراب.
پەن-ئىلىم مەنۋى ئوزۇق
ئۇنىڭسىز،
كۆڭۈلنى قاراڭغۇ تۈن ئالار ئوراپ.

نادانىنىڭ دىلى كور، كۆرمەس يىراقنى،
بىلىم نۇرى دىللارغا، ئەقىلگە قانات.
بىلىمدە يېشىلەر تىلسىملار سىرى،
ياشنايدۇ ۋەتەن ھەم گۈللىنەر ھايات.

شائىرنىڭ بۇ شېئىرى 1985-يىلى سېنتەبىردە يېزىلغان بولۇپ، ئىلىمىزدە ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن، ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئىگەللەشكە بولغان يول داغدام ئېچىلىپ، جەمئىيەتتە ئىلىم-پەن ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. بىلىمنى قەدىرلەيدىغان كىشىلەرگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان، ئۇلارغا پۈتمەس-تۈگىمەس روھىي ئازابلارنى ئېلىپ كېلىدىغان زامان

كەلىمەسكە كېتىپ، خەلق، دىل ئارامىلىقى بىلەن ئىلىم-پەنگە يۈزلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان، ھەممە جايىنى مەرىپەت قاپلاپ، خەلقنىڭ قەلبىدە بىلىم ئۆگىنىشكە بولغان گۈزەل ئارمانلار چېچەكلەشكە باشلىغان، ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئۆگەنگەندىلا ئاندىن تارىخ سەھنىسىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن ئېلىپ، ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزغىلى، مىللەتنى تونۇتقىلى، كىشىلىك قەدىر-قىممەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان شارائىتتا يېزىلغان.

شېئىر، بىلىمنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى، ئىنسانىيەتكە، جۈملىدىن ئادەملەرگە ئېلىپ كېلىدىغان ياخشىلىقلىرىنى، بىلىمدىن ئادەمنىڭ دىلى يورۇپ، قەلبى يايراپ، نىجاتلىق تاپالايدىغانلىقىنى، بىلىم ئارقىلىق خەلقنى ئاسايىشلىقتا ئىگە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، بىلىم ئارقىلىق ئادەملەرنى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى، ناۋادا بىلىم-مەرىپەت بولمىغاندا، خۇددى قۇياش بولمىسا ھاياتلىق بولمىغاندەك بولىدىغانلىقى، ئادەم كۆزى ئۇچۇق قارىغۇلۇقنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتىدىغانلىقىنى، كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى بۇرمىلاپ، ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغانلىقىنى، پەقەت بىلىم بولغاندىلا ۋەتەن قۇدرەت تېپىپ، گۈللەپ-ياشنايدىغانلىقىنى، بىلىم ئىگەللىمىگەن كىشىنىڭ بىر ئۆمۈر خار-زارلىقتا ئۆتۈپ، جەمئىيەت ئۈچۈن ئەرزىمەس يۈك بولۇپ ئۆتىدىغانلىقىنى، بۇنداق كىشىنىڭ تارىختا ھېچقانداق بىر نام-ئاتىقى قالماي، بۇ دۇنيا بىلەن ئىز-دېرەكسىز خوشلىشىدىغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ھەرقانداق بىر ئىنساننى بىلىمدىن ئىبارەت مۇستەھكەم قورالدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى قوغداپ ۋە قوراللاندۇرۇپ، بۇ چەكلىك ھاياتتا

ھەقىقىي «كۆزى ئوچۇق» ئادەم بولۇپ ياشاشقا چاقىرىدۇ. ئىلىم-پەن ئۆگىنىش دۇنياۋى قىزغىنلىقتا كۆتۈرۈلگەن، ئىلىم-پەن، ئۇچۇر ئۆز قىممىتىنى تېپىپ، ھەقىقىي بايلىققا ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە مەيدانغا كەلگەن «بىلىم نۇرى» ناملىق بۇ شېئىر، بىزنىڭ بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە بىلىمنىڭ قەدرىگە يەتمەي، ھۈنەر-كەسىپ ئۆگەنمەي، جەمئىيەتتە لاغايلاپ يۈرگەن بىر قىسىم تەييارتاپ ياشلىرىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ شېئىر ئۇلاردا مۇئەييەن بىلىم قارىشى ۋە تەپەككۇر قارىشى تۇرغۇزۇپ ئۇلارنى ئويغىتىدۇ. بۇ شېئىرنىڭ بىلىمنى ئۇلۇغلاش خاھىشى كىشىدە بىرخىل رازىمەنلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. كىشىنى ئويغىتىدۇ ۋە سەگەكلەشتۈرىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، بۇ شېئىر يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئىلىم سۆيەرلىكى، ئىلىم-مەرىپەتنى قەدىرلەيدىغانلىقىدەك ئېسىل خاراكتېرىنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شېئىردا، شائىر بىلىمنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە بۈيۈكلۈكىنى جانلىق، ئىخچام، رىتىملىق، ئاددىي تىللارنىڭ ياردىمى بىلەن ناھايىتى روشەن ئىپادىلەپ، بىرخىل ئىلىم سۆيەر روھقا مەدھىيە ئوقۇغان.

مەزكۇر شېئىر مەزمۇن جەھەتتىن لىرىك شېئىر تۈرىگە كىرىدىغان بولۇپ، ئۆزىگە ناھايىتى چوڭقۇر ئىدىيىنى مۇجەسسەملىگەن. شېئىردا بىلىم ئېلىش ئۇلۇغلىنىپ، تەرەققىيات مەدھىيىلەنگەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەم بىلىم ئىگەللىگەندىلا، تەرەققىي تاپالايدىغانلىقى، بىلىم ئارقىلىق ھايات تىلسىملىرىنىڭ سىرلىرىنى ئاچقىلى بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ، بىلىم ئېلىشنىڭ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇلۇغلىغان. ئۇلۇغ شائىر ئەھمەد يۈكنەكى، بىلىم ئىگەللەش توغرىسىدا توختىلىپ: «ئىلىم-پەننى سۆيۈشىمىز لازىم،

ئىنسانلاردا پەندىنمۇ كۈچلۈك ۋە تەڭداشسىز كۈچ بولمايدۇ» دېگەن ئىدى. پارس شائىرى ئابدۇراخمان جامىمۇ: «ئىلىم ھەممە قۇلۇپقا چۈشىدىغان ئاچقۇچ» دېگەن ئىدى.

شائىرنىڭ شېئىرى يۇقىرىقىدەك چوڭقۇر مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۆزىگە خاس بەدىئىيلىكىمۇ ئىگە. مەزكۇر شېئىر مەزمۇن جەھەتتىن ئىلغار بولۇپ، ئوقۇغان كىشىدە چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ بىلىمگە ئىنتىلىش روھىنى ئۇرغۇتىدۇ. ئىلىم ئىگەللەپ نەتىجە يارىتىش غايىسىگە ئىلھام بېرىدۇ.

لىرىك شېئىر شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى، ئىدىيىسى، كۆزقارىشى، تەسىراتى، چۈشەنچىسىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، شائىر ئۇنىڭدا ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان سىنىپ ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ ھەر خىل سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىن ئالغان تەسىراتى، كۆزقارىشى ۋە ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. لىرىك شېئىردا، تىپىك ھېسسىيات، باي تەسەۋۋۇر ۋە جانلىق تىل ئارقىلىق شائىرنىڭ ھېس-تۇيغۇسى بىۋاستە بايان قىلىنىدۇ. شېئىر توق قاپىيە شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىش ئورنى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتىن ئوخشاش قاپىيىدىن تۈزۈلگەن، يەنى بىرىنچى كۇپلېتىكى «خاراب بىلەن ئوراپ»، ئىككىنچى كۇپلېتىكى «قانات بىلەن ھايات» توق قاپىيە شەكلىدە كەلگەن. شېئىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتى شەكلىنىڭ مۇرەببە تۈرىگە كىرىدىغان بولۇپ، ھەربىر كۇپلېتى تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەن. بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى مىسرالىرى قاپىيىسىز، ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى مىسرالىرى قاپىيىداش بولۇپ، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن بارماق ۋەزنىنىڭ شېئىرنىڭ تەڭ بوغۇملۇق شېئىر شەكلىدە يېزىلغان. شېئىرنىڭ تىلى ئاددىي، چۈشىنىشلىك، قاتلاملىرى ئېنىق بولۇپ،

ئوقۇغان كىشى ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن تولۇق خەۋەردار بولالايدۇ.

مەزكۇر شېئىردا يەنە ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، سىمۋول قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر قوللىنىلغان بولۇپ، تىلنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، مەركىزىي ئىدىيىنى ئىپادىلەشتە، ئەسەرنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى بىرپۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىپ، كىتابخانلارنىڭ شېئىرنى بىرلىپ ئوقۇشىغا ئىمكان يارىتىشتا ئالاھىدە رول ئوينىغان. نەتىجىدە، شېئىردا ئىپادىلىمەكچى بولغان ئاساسىي مەزمۇن ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مەقسەت تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

ئىلىم-پەن مەنىۋى ئوزۇق
ئۇنىڭسىز،
كۆڭۈلنى قاراڭغۇ تۈن ئالار ئوراپ.

دېيىلگەن مىسرالاردا ئوخشىتىش قوللىنىلغان بولۇپ، ئىلىم-پەننى مەنىۋى ئوزۇققا ئوخشاتقان. بىز بۇ مىسرالاردىن بىلىم غايەت زور بايلىق، بىلىمى بولمايدىكەن، ھەرقانداق ئادەمنىڭ مال-مۈلكىنىڭ تاغ كەبى بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ روھىيىتىنىڭ قۇرۇق بولىدىغانلىقى، ئادەم، ئەتراپىنى خىلمۇخىل بېزەك چىراغلار بىلەن بېزەپ، ھەر خىل نۇرلارنى چاقناتقان بىلەنمۇ، بىلىم بولمىسا ئۇنىڭ روھىنىڭ يەنىلا مەجرۇھ بولىدىغانلىقىنى، قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرغان بىلەنمۇ، ئۇنىڭ شۇ نۇرنى ھېس قىلالىغۇدەك، بايقىيالىغۇدەك كۆڭۈل كۆزىنىڭ بولمايدىغانلىقى، كۆڭلىرى مەڭگۈ قاراڭغۇلۇقتا ئۆتىدىغانلىقىدەك پىكىرلەرنى ھېس قىلىمىز. شائىر نادانلىقنى «يىراقنى كۆرەلمەيدىغان كورلۇق» دەپ قاراپ، ئىلىم نۇرى ئارقىلىق قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتۇشنى

تەشەببۇس قىلىدۇ.

شائىر بۇ يەردە ئادەم بالىسىنىڭ قىممىتى بىلىمدە ئىكەنلىكى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىلىمنى ئاساس قىلىدىغانلىقى، باشقا ئەل خەلقلىرى ئالدىدا قەددىمىزنى تىك تۇتۇپ مېڭىشىمىز ئۈچۈن بىزدە بىلىم بولۇشى لازىملىقىنى تەكىتلەپ، پەقەت بىلىمنىڭلا بىزنى دىل قاراڭغۇسىدىن تارتىپ چىقىرىپ، ئىنسانلىق قىممىتىمىزنى ھېس قىلدۇرالايدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى تەپەككۇرىمىزغا سۇنغان.

بىلىمدە يېشىلەر تىلسىملار سىرى،
ياشنايدۇ ۋەتەن ھەم گۈللىنەر ھايات.

بۇ مىسرالاردا ئوخشىتىش قوللىنىلغان بولۇپ، بىلىمنىڭ تىلسىملار سىرىنى ئاچقۇچى ئالتۇن ئاچقۇچ ئىكەنلىكىنى، بىلىم ئارقىلىق گۈزەل مەقسەتلەرگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى، ئىنسانلار بىلىم بىلەن ھاياتنى يېڭى مەنالار بىلەن بېزەيدىغانلىقىنى، ۋەتەننىڭ روناق تېپىشى، قۇدرەتلىك بولۇپ چىقىشى، تىنچ ھەم ئاسايىشلىق بولۇپ، خەلقنى ئەمىنلىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن بىلىمنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ تەڭداشسىز ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

بۇ شېئىردا يەنە سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولۇپ، بىلىمنى ھاياتلىققا نۇر ئاتا قىلغۇچى قۇياشقا سىمۋول قىلغان. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، شائىر شېئىردا قوللانغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر شېئىرغا تېخىمۇ جان كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئېستېتىك قىممىتى ۋە بەدىئىي قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. ئوقۇرمەنلەرگە بىرخىل راھەت، يەڭگىل تۇيغۇ بېرىپ، ئۇلاردا مۇئەييەن بەدىئىي زوق پەيدا قىلغان.

www.uyghurkitap.com

دەرۋەقە قۇياش كائىناتقا ئىسسىقلىق ۋە نۇر ئاتا قىلغۇچىدۇر. قۇياشسىز ھايات مەۋجۇت بولمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئىلىم-مەرىپەتسىز ئىنسانىيەتمۇ روناق تاپالمايدۇ. گۈللىنەلمەيدۇ. ئۆز ئىپادىسىنى تاپالمايدۇ. بىلىمنى قورال قىلماي تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى نامايان قىلالمايدۇ. تارىخ سەھنىسىدىن ئورۇن ئېلىپ، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن شانلىق سەھىپىلەرنى قالدۇرالمايدۇ. دېمەك، شېئىر مەزمۇن ۋە باشقا جەھەتلەردىن ئادەمنى چوڭقۇر قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، بىلىمنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئۇلۇغلىنىپ، تەرەققىيات مەدھىيىلەنگەن ياخشى شېئىردۇر. شېئىردا ناھايىتى ئېنىق ھالدا، ھاياتلىقتىكى ھەرقانداق مەۋجۇدات ئىچىدە بىلىمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن. بىزنى ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئىرىشىپ ئۆگىنىپ ئىنسانىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا چاقىرغان. پەن-تېخنىكا، پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرى ئارقىلىق ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىملىقىنى ئەسكەرتىپ، بىلىم ئېلىشقا، بىلىم ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا دالالەت قىلغان. شېئىر، بىلىم دېمەك ئىستىقبال دېمەك، بىلىم دېمەك تەرەققىيات دېمەك، بىلىم دېمەك مىللەتنىڭ كەلگۈسى دېمەك دېگەندىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئۆزىنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلغان بولۇپ، بىز شېئىرنى ئوقۇش جەريانىدا، بىلىم ۋە ئىلىم-مەرىپەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۇنىڭ پايدىسىنى ئېنىق بىلىۋالالايمىز ھەمدە بۇ جەھەتتە مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز. شېئىرنىڭ مانا مۇشۇ تەرىپى بىزنى ئېخىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ.

# 14. بىلىم—ھايات چىرىغى

## —«ياشلار، ئوقۇ ياشلىقىڭدا» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

بىزگە مەلۇم، شائىرنىڭ بەدىئىي ماھارىتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ پسىخىك دۇنياسىنى، غايە ۋە ئىنتىلىشىنى، تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. ئىگىلىمىگەنلىكىدىن ھەم ئىگىلىگەن ماتېرىياللاردىن ئۆز تەسىراتلىرىنى تاۋلاپ، ئۇنى بەدىئىي ئەسەرگە ئايلاندۇرۇشتا نامايان قىلىنىدۇ. دېمەك، شائىر «ياشلار، ئوقۇ ياشلىقىڭدا» دېگەن بۇ شېئىردا ياشلارغا بىلىم ئېلىش زۆرۈرىيىتىنى تونۇتىدۇ. يەنى شائىر جەمئىيەتنىڭ ھازىرقى دەۋرىدە بىلىمنىڭ ياشلار ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن يارقىن مىسرالار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىدۇ. شۇنداقلا پەسىللەر ئىچىدە باھار ئەڭ گۈزەل پەسىل بولغىنىدەك، ئادەم ئۈچۈنمۇ ياشلىق دەۋر تولىمۇ گۈزەل ئىكەنلىكى، ئادەم بۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆزىنى بىلىم ئارقىلىق قوراللاندۇرغاندىلا ئاندىن كەلگۈسى بەختىيار ئىستىقبالغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنداق، ياشلىق ئادەمنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزگىلى، بۇ چاغدا ھەربىر كىشى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، تىرىشىپ بىلىم ئېلىش كېرەك. ناۋادا ئۇنداق بولمايدىكەن ئادەم مەڭگۈلۈك پۇشايمانغا قالىدۇ. بۇ ھەقتە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئۈگۈت ۋە نەسىھەتلىرى

تولىمۇ كۆپ. يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن مەشھۇر جەڭگىۋار شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ «ياشلىق، ئۆگەن» ناملىق شېئىرىدىمۇ بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن ئىدى.

بىز ئاپتورنىڭ بۇ شېئىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق ياشلىقتا تىرىشىپ بىلىم ئىگىلەش، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا مەجبۇر بولىمىز. ياشلىقتا بىلىم ئىگىلەش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىش بىر ئەنئەنىۋى تېما، ئۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەنئەنىسى سۈپىتىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. بىز ھەرقايسى دەۋرلەرگە ئائىت ماتېرىياللارنى ئاختۇرساق بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلار كۆپ ئۇچرايدۇ. ھەتتا خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ بۇ خىل مەزمۇن نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

شائىر تۆمۈر داۋامەت بۇ شېئىرىدا ئاشۇ ئەنئەنىۋى تېمىنى يازغان بولسىمۇ، بىراق يېڭىچە كەيپىيات، يېڭىچە روھ بىلەن چۈشەنىشلىك، ئاممىباب قىلىپ ئىپادىلىگەن، ئاپتورنىڭ بۇ ھەقتىكى سەممىمىي سۆزلىرى بىزنى ياشلىقنى لاغايلاپ يۈرۈپ بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىككە، تىرىشىپ بىلىم-ھۈنەر ئىگىلەپ ياراملىق ئادەم بولۇشقا چاقىرىدۇ. قىسقىسى، شائىر شېئىرىدا كەلگۈسىدىكى خۇشاللىق ئىستىقبالغا ئېرىشىشنىڭ، شۇنداقلا ۋەتەنگە شەرەپ كەلتۈرۈشنىڭ يەنىلا ياشلىقتا بىلىم ئېلىش ئارقىلىق كېلىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۆزىنى يامان يولدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى بىلىم ئېلىش ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەتنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. «قەدىرلىك بولاي دېسەڭ بىلىم ئال» دېگەن دانا پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ. شائىر ئۆز شېئىرىدا ئوخشىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ياشلىقنى باھارغا ئوخشىتىش ئارقىلىق ياشلىق دەۋرىنىڭ ئادەم ئۆمرىنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئېسىل چاغلىرى ئىكەنلىكىنى، ئادەمنىڭ كېيىنكى ئۆمرىگە ئەنە شۇ ياشلىق

دەۋرىدىن ئۆل سىلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. شېئىردا شائىر ياشلىق مەزگىلىنىڭ زادى قانداق ئۆتۈش كېرەكلىكىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، ياشلارنى پەقەت مەنىۋى ھاياتقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئىلىم ئارقىلىق مەنىۋى كامالەتكە يېتىش يولىنى تاللاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ياشلارنى بىھۇدە ۋەسۋەسە ۋە ئورۇنسىز ئىشلارنى قويۇپ، چەكسىز مەنىۋى ۋە ماددىي بايلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن بىلىم ئىگىلەپ، بۇ ئارقىلىق ئۆز قەدىر-قىممىتىنى تىكلەپ، ئۇلۇغۋار غايە تۇرغۇزۇپ، خەلق ۋە مىللەت ئۈچۈن، ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، جۇڭخوا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشى ئۈچۈن شان-شەرەپ ئېلىپ كېلىشكە چاقىرىدۇ. شائىر شېئىردا يۇقىرىقىدەك ئىلغار ھەم قىممەتلىك پىكىرلىرىنى مۇنۇ مىسرالىرىدا ئىپادىلىگەن:

ياشلىق دېگەن باھاردۇر ئۆمۈرنىڭ،
يىلنىڭ ئىشى باشلىنىدۇ باھاردىن.
قۇرۇق گەپ، ئوي، ۋەسۋەسىگە بېرىلمە،
يول ئېگىز-پەس، پۈتلىشىسەن بىكاردىن.

تاپار ياشلىق چەكسىز بايلىق بىلىمدىن،
تاپار ۋەتەن مېھرىدىن ھەم زەرەپشان.
ساقلار بىلىم ياشلىقنىڭمۇ قەدرىنى،
غايە چىراغ ياشلىق ئۈچۈن ھەرقاچان.

شېئىر ئىدىيىۋى مەزمۇن، ھېسسىيات، بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە بىر قەدەم يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. شېئىر ھازىرقى

www.uyghurkitap.com

جەمئىيەتنىڭ مۇرەككەپ قايناملىرىدا گاڭگىراپ قالغان ياشلارنىڭ بىلىم ئارقىلىق ئۆزىنى نۇرلاندۇرۇپ جەمئىيەتتە ئۆز قىممىتىنى يارىتىشقا يۈرۈش قىلىشىدا مۇھىم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

13-ئەسىردە ياشىغان كلاسسىك شائىرىمىز ئەھمەد يۈكنەكى ئەۋلادلارغا: «سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ، بىلىم ئال سائادەت يولىنى ئاچ» دەپ نەسىھەت قالدۇرغان ئىدى. شائىر تۆمۈر داۋامەتمۇ ئۆز شېئىرىدا ئەۋلادلارغا بىلىم ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى خىتاب قىلغان. ئۇ كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ بايانلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنى بۈگۈننىڭ تەلىپى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئىپادىلەپ بەرگەن. بىلىمنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدىكى قاراشلارنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغان، چوڭقۇرلاشتۇرغان.

ياشلىق توغرىسىدا يېزىلغان نۇرغۇن شېئىرلارنى ئوقۇغان بولساقمۇ، بۇ شېئىردىن يەنە ئۆزگىچە ھېس ۋە ئىلھاملارغا تولۇپ ھاياجانلىنىمىز. ئومۇمەن، شائىر تۆمۈر داۋامەت بۇ شېئىرىدا ياشلىقنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر باسقۇچ ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ھەربىر ئىنسان مۇشۇ پەيتنى چىڭ تۇتماي ئۇنى بوش ئۆتكۈزۈپ، ئويۇن-تاماشا، كۆڭۈل ئېچىشقا سەرپ قىلسا، ھامان بىر كۈن پۇشايمان قىلىدىغانلىقىنى، شۇڭا ھەربىر كىشىنىڭ ۋاقىتنى قەدىرلەپ، ياشلىقىدا ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ، كەلگۈسى ئۈچۈن ياخشى ئۇل سېلىش لازىملىقىدەك بىر مۇھىم بولغان مەزمۇننى ئىپادە قىلغان. ئاپتور بۇ شېئىردا ئىپادە قىلغان مەزمۇن ھەرقانداق دەۋر، ھەرقانداق شارائىتتا قىممىتىنى يوقاتمايدىغان بولۇپ، ھەرقانداق دەۋر ئۈچۈن ئوخشاشلا مەڭگۈلۈك قىممەتكە ھەم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# 15. ھەقىقەت، ئۇ خەلق ئالدىدىكى كەمتەرلىكتە

## —«ھەقىقەتنى مىزان قىل» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

ھەقىقەتنى مىزان قىل،
ساختىلىقتا بېرىلمە.
كەمتەرلىكتە ئۆرلەيسەن،
خەلق ئالدىدا كېرىلمە.

بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق، ۋىجدان بىلەن غۇرۇر، كەمتەرلىك بىلەن تەكەببۇرلۇق، شان-شەرەپ بىلەن ئار-نومۇس، ۋاپادارلىق بىلەن ساختىلىق توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ھەرقانداق شارائىتتا خەلق بىلەن بىر مەيداندا تۇرۇپ خەلقنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يۆلەنچۈكى قىلىپ ياشاشنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك روھ ئىكەنلىكى جانلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شائىرنىڭ: «ھەقىقەتنى مىزان قىل، ساختىلىقتا بېرىلمە» دېگەن مىسرالىرىدىن بىز ھەقىقەتنىڭ ھامان رەزىللىك ۋە ساختىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىنى، ساختىلىقنىڭ سۈنئىي نىقاب ئىكەنلىكىنى، ھەقىقەت نۇرى ئاستىدا ئۇنىڭ رەزىل ماھىيىتىنىڭ ھامان ئاشكارىلىنىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. شائىر يەنە: «كەمتەرلىكتە ئۆرلەيسەن، خەلق ئالدىدا كېرىلمە» دېگەن

مىسرالىرىدا تەكەببۇرلۇققا قامچا ئۇرۇپ، كەمتەرلىكتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق پەزىلەتكە مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقەتنى سۆيۈپ ياشاش ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر. كلاسسىك شائىرىمىز ئەلىشىر نەۋائى ھەقىقەتنى: «كىشىلەرنىڭ ياخشى سۈپىتىدۇر» دەپ تەرىپلىگەن ئىدى. ھەقىقەت ئۇ خەلق بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇشتا، سەن خەلق ئالدىدا ئۆزۈڭنىڭ بىر خەلق پەرزەنتى ئىكەنلىكىڭنى تونۇپ، ئاشۇ خەلقنىڭ سېنى ئۆز قوينىدا ئۆستۈرگەنلىكىنى بىلىپ ياشىساڭ، مانا بۇ سېنىڭ تېخىمۇ زور ھەقىقەتنى تونۇغانلىقىڭ بولىدۇ. سەن شۇندىلا ئەل مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆرەش قىلالايدىغان ھەقىقىي ئوغلانغا ئايلىنالايسەن. شائىر ئۆز مىسراسىدا بۇ پەلسەپۋى ھېكمەتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان.

شائىر يەنە: «ئېنىق بولسۇن ھەر ئىشتا مۇھەببىتىڭ، نەپرىتىڭ» دېگەن مىسرادا ھەربىر كىشىدە مەقسەت-نىشان بولىدىغانلىقى، شۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن چوقۇم توغرا بولغان ھەقىقەت قارىشى، مۇھەببەت-نەپرەت قارىشىنىڭ ئېنىق بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ. كىشى مەيلى قانداق ئىش قىلسۇن، قەيەردە بولسۇن چوقۇم ئۆز ۋىجدانىغا سادىق بولۇپ، كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنى ساقلاپ، ھەقىقەتنى سۆيىدىغان، رەزىللىككە قارشى تۇرىدىغان ئىدىيىنى جارى قىلدۇرالىسىلا بۇنداق ئادەمنىڭ قەلبىدە ھەققانىي بۇرچ ۋە سەمىمىيەت تۇيغۇسى يالتىراپ تۇرىدۇ. خەلقنىڭ ھىمايىسى ۋە قەدىرلىشىگە ئېرىشىدۇ.

شېئىردا يەنە كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىرىنچى ۋە ئەڭ ئاخىرقى كۇپلېتتا، «ھەقىقەتنى مىزان قىل، ساختىلىققا بېرىلمە، كەمتەرلىكتە ئۆرلەيسەن، خەلق ئالدىدا كېرىلمە» دەپ يېزىش

ئارقىلىق، بىزنى ھەقىقىي ياشاشقا، كەمتەر بولۇشقا، خەلقىمىز ئالدىدا كەمتەرلىك بىلەن، ۋىجدان ۋە غۇرۇر بىلەن ياشاشقا چاقىرغان. «سەندە جۈپ كۆز بار، خەلقتە مىڭ كۆز بار» دېگەندەك، ئەگەر بىز خەلق ئالدىدا ساختىلىق ۋە ھىيلىگەرلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزسەك خەلقنىڭ نەزىرىدە ھامان ئاشكارىلىنىپ قالىمىز-دە، خەلقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايمىز. شۇڭا قەلبىمىزدە خەلقپەرۋەرلىك روھىنى مەھكەم ئورنىتىپ، ئۆزىمىزنى خەلق بىلەن بىردەك سانىساق، ئۇ ھالدا ئىشلىرىمىزدا غەلىبىسىرى ئالغا بېسىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىمىز.

شائىر يەنە:

كۆرەشلەردە كاراپ بول،
دولقۇن يېرىپ ئالغا باس.
خەلقىڭ ئۈچۈن جان تىكسەڭ،
شەرەپ، زەپەر ساڭا خاس.

دەپ يېزىپ، خەلقنىڭ ئارزۇ-ئارمىنى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغاندىلا، ئۆز ۋىجدانىغا يۈز كېلەلەيدىغانلىقىنى، ھەر ۋاقىت خەلق ۋە خەلقنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن تەييارلىق ھالەتتە تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

شائىر يەنە:

ياۋغا ئوق قىل قەھرىڭنى،
ئەلگە ياغسۇن شەپقىتىڭ.

دېگەن مىسرادىمۇ كۆچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھەرقانداق بىر ئىشتا كىشىنىڭ ئېنىق مەيدانى بولۇشى، غەزەپ-نەپرىتىنىڭ ئېنىق بولۇشى لازىملىقىنى، شەخسىي پايدا-مەنپەئەتنى دەپ ئەلگە زىيان يەتكۈزمەسلىك، خەلق ئوغلانىغا خاس بولغان مەسئۇلىيەت ۋە يۈكسەك بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن ياشاشنى، ھەرقانداق ئىشتا ئاۋۋال خەلق مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شائىر يۇقىرىقىدەك ئىلغار ئىدىيە ۋە قاراشلىرىنى تۆۋەندىكى مىسرالاردا تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ مۇنداق يازىدۇ:

دەرەخ ئۆسمەس تۇپراقسىز،
مەدەتكارىڭ ئەل ھامان.
ئەلدىن مەڭگۈ ئايرىلما،
بولماس چىرايىڭ سامان.

شېئىردا شائىر تۇپراقسىز دەرەخنىڭ مەۋجۇت بولالمايدىغانلىقىدەك ھېكمەت ئارقىلىق، ئىنساننىڭمۇ كىشىلىك ھاياتتا ھەقىقىي ئادەمدەك ياشايمەن دېسە، ھەقىقەتنى بوينىغا تۇمار قىلىپ ئېسىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھەربىر قەدىمىنىڭ ئۆلچىمى قىلىش كېرەكلىكى، ھەم ھەقىقەت ئۈچۈن تىنماي كۈرەش قىلىشى لازىملىقىدەك ئىنتايىن مۇھىم بىر مەزمۇننى تەكىتلىگەن. شائىرنىڭ: «ھەقىقەتنى مىزان قىل» ناملىق بۇ شېئىرى پەقەت تۆت كۇپلېتتىنلا تەركىب تاپقان بولۇپ، شېئىرنىڭ ھەجمى تولىمۇ قىسقا، تىلى ئاددىي، ئاممىباب، قۇرۇق تەسۋىرلەردىن خالىي بولۇپ، ئاپتور ئارتۇقچە سۆز ئويۇنى قىلمىغان. بەلكى بۇ تۆت كۇپلېت، ئاپتورنىڭ كىشىلىك ھايات توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنى

نــاھــايىتى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشكە تامامەن يەتكەن. مۇنداقچە ئېيتساق، ئاپتور مۇشۇ تۆت كۇپلېت شېئىرى ئارقىلىق نەق ھەم ھەق گەپنى قىلغان.

بىز بۇ شېئىرنى ئوقۇساق كىشىلىك ھاياتتا ھەقىقەتنى مىزان قــىــلــىــپ ياشاشنىڭ تولىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى، ھەقىقەتتىن ئــايــرىــلــغان ساختا شان-شۆھرەتنىڭ هامان قومۇش پۆپۈكىدەك ئــۆزلۈكىدىن توزۇپ كېتىدىغانلىقىنى، شۇڭا خەلق مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ ۋىجدان، غۇرۇر بىلەن ياشاش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. ئاپتورنىڭ داغدۇغىسىز، تەبىئىي، چىن يۈرەكتىن ئېيتقان سەمىمىي خىتابى بىزنى ئۆزلۈكسىز رازىمەنلىك تۇيغۇسىغا باشلايدۇ.

دېــمــەك، ئــاپتور بۇ شېئىردا ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ چەكلىك ھەم قىممەتلىك ھاياتىدا توغرا، ھەق يول بىلەن مېڭىپ، ھــالال ياشاپ، ئۆزىگە ۋە خەلقىگە يۈز كېلەلىگۈدەك، ھەقىقەت ئــالدىدا يۈزى قىزارماي تىك تۇرالىغۇدەك ياشاش كېرەكلىكىنى تــەكــىتلەپ، ئىنسانىي بۇرچ ۋە ئالىيجاناب خىسلەت، ۋىجدان، غۇرۇرنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بايلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا خەلق مەنپەئەتى ۋە ۋەتەن مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىش روھىنىڭ چاقناپ تــۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئادەملەرنى ئاق كۆڭۈللۈك، كەڭ قورساقلىق بىلەن، توغرا ياشاشقا چاقىرغان. ھايات يولىدا ئــومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، خەلق تەرەپتە تــۇرۇپ يــاشــاش كــېــرەكــلــىــكــىــنــى، ئــىــكــكى يۈزلىمىلىك، شەخسىيەتچىلىك ئىللەتلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، توغرا يول، توغرا مەيداندا تۇرۇپ ياشاشنى تەشەببۇس قىلغان. شائىرنىڭ بۇ شېئىرى بــىــزگە ئادەم بولۇش تەربىيىسى بېرىشتە زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# 16. پاك قەلب ناخشىسى

## —«تۇت ئېسىڭدە» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

شائىر «تۇت ئېسىڭدە» ناملىق شېئىرىدا رەھبىرىي كادىرلارنى پاك-دىيانەتلىك بولۇپ جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا، خەلقنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاقىدىغان، ئاۋام خەلقنىڭ دەرد-ھالىغا يېتىدىغان، ھەقىقىي ئەل سۆيەر، ساپ دىل رەھبىرىي كادىرلاردىن بولۇشقا چاقىرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلگە خىزمەت قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى پاكلىقتا، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ شېئىردىمۇ پاكلىق بىلەن خىزمەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە تەكىتلەنگەن.

خەلق ئاممىسى رەھبىرىي كادىرلارغا قانداق تەلەپ-پىكىرلەرنى بەرسە رەھبىرىي كادىرلار ئەستايىدىللىق بىلەن قوبۇل قىلىشى، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ھەر خىل تەلەپ-پىكىرلەرنى ئورۇنداپ بېرىشى، تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلەرنى توغرا ئىجرا قىلىپ، خەلقنىڭ قوللىشىغا، ئالقىشىغا سازاۋەر بولىدىغان، خەلقنى تېزرەك بېيىش يولىغا باشلايدىغان، خەلقنىڭ ھەقىقىي چاكىرى بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدەك رەھبىرىي كادىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە ئىلغارلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشى، يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلىشى، تۈزىتىشى كېرەك. مانا

بۇ بۈگۈنكى دەۋردىكى رەھبىرىي كادىرلاردا بولۇشقا تېگىشلىك روھ. شائىر شېئىردا بۇ خىل روھنى ئۇلۇغلاش بىلەن بىرگە، بۇ خىل روھقا يات قىلمىشلاردىن ئاگاھ بولۇشنى تەكىتلىگەن.

شائىرنىڭ شېئىرىدا، قانداق ھوقۇق تۇتۇش، ھوقۇقنى كىم ئۈچۈن تۇتۇش، دېگەن مەسىلىدە قىممەتلىك قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ خىل قاراشلار نۆۋەتتە رەھبىرىي كادىرلىرىمىزنىڭ بۇ مەسىلىدىكى ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، پاك دىيانەتلىك بولۇش ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم ئاكتىپ قىممەتكە ئىگە.

شائىر رەھبىرىي كادىرلىرىمىزنى ئاۋۋال ئەلگە مېھرىبان بولۇشقا، كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇشقا چاقىرىدۇ. ئاندىن پاك دىيانەتلىك بولۇپ ئۆزىگە ھېچقانداق يات ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالماسلىقنى ئەسكەرتىدۇ. مۇشۇنداق رەھبىرىي كادىرلارنىڭلا ئەلنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. دېمەك، شائىرنىڭ بۇ خىل قاراشلىرى مەيلى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرى نۇقتىسىدىن بولسۇن، ياكى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى تەشەببۇسى نۇقتىسىدىن بولسۇن، ناھايىتى زور ئىلغارلىققا ئىگە قاراشلاردۇر.

شېئىر يېزىلغان دەۋر نۇقتىسىدىن ئالغاندا، 90-يىللاردا بىر قىسىم كادىرلاردا ھوقۇقنى كىم ئۈچۈن يۈرگۈزۈش قارىشى سۇسلاپ، شەخسىي ھالاۋەتكە بېرىلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلگەن ئىدى. بۇنداق كادىرلار خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۇنتۇغان، خەلق بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ساقلىماي، خەلقنىڭ ھالىغا يەتمەي ئۆزىنى ئويلايدىغان بولۇپ كەتكەن، تۈرلۈك چىرىكلىشىش يوللىرىغا مېڭىپ، پارىخور نەپسانىيەتچى ئەمەلدارلارغا ئايلانغان

ئىدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئەمەلدارلىقنى خەلقنى بېيىتىشنىڭ، ۋەتەن-ئەلنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يولى ھېسابلىماي، ئەكسىچە ئۆزى باي بولۇشنىڭ دەستىكى قىلىپ، خەلقنىڭ چاكىرى ئەمەس، مۇتتەھەم خوجايىنى بولۇۋېلىپ، ئەمەلدارلىقنى سېتىۋەتكەن ئىدى. ئۇنداقلار ھە دىسە پارا-سوۋغات تەلەپ قىلىپ كىچىككىنە ئاددىي ئىشلارنىمۇ نۇرغۇنلىغان رەسمىيەتلەر ئارقىلىق بېجىرىدىغان، خىزمەت جەريانلىرىنىمۇ خەلقتىن پۇل ئۇندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغان ئىدى. نەتىجىدە بۇنداق كادىرلارنىڭ قىلمىشى پارتىيىمىزنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئورنىغا زىيان يەتكۈزگەن ئىدى.

شائىر تۆمۈر داۋامەت ئۆزىمۇ بىر رەھبەر بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، پارىخور مۇناپىقلارنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىگە قاراپ تۇرالماي، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ نەپرىتىنى بىلدۈرگەن ھەم ئۆزىنىڭ بۇ نۇقتىدىكى ئېنىق مەيدانىنى بۇ شېئىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلغان. ئەمەلىيەتتىمۇ تۆمۈر داۋامەت ئۆزى باشلامچى بولۇپ پاك، دىيانەتلىك بولۇش ۋە توغرا يول تۇتۇشنىڭ ئۈلگىسى بولغان، ھەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق باشقىلارنى، بولۇپمۇ پارىخور، نائىنساپ كادىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى چېلىپ بەرگەن ئىدى.

مۇشۇنداق شارائىتتا، بىر چوڭ رەھبەرنىڭ ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، چىرىكلىك ۋە خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇشى ھەم شېئىر يېزىپ ئۇنداق كىشىلەرنى ئەيىبلىشىنى ئەلۋەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە تۆھپە، دەپ قاراشقا بولىدۇ. شائىرنىڭ بۇ شېئىرىنى چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇپ، پاك دىيانەتلىك تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشتا ئەينى يىللاردا ئۆز قىممىتىنى جارى قىلدۇرغان، دەپ قاراش بىلەن بىرگە، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ ئاكتۇئال قىممەتكە ئىگە، دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى

خەلقپەرۋەرلىك سۆيگۈسى مەڭگۈلۈك سۆيگۈ. خەلقنى ئۇلۇغلاپ، خەلق ئالدىدىكى بۇرچىنى ئورۇنداشقا چاقىرىش، ئەدەبىياتنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى. بىز شېئىرغا قاراپ باقايلى:

رەھبەر بولساڭ ئەل كۆڭلىگە ياقار بول ھامان،
مېھرىبانلىق قىل خەلقىڭگە شاپائەت بىلەن.
كەمتەر، پاك بول، ئەل ھالىغا يەتكىن ھەر زامان،
ئاۋام دىلى يايرىسۇن نۇر، سائادەت بىلەن.

شائىر بۇ مىسرالاردا، ئەل ئۇچۇن خىزمەت قىلىش، ئەل بەختىنى ئۆز شەخسىي بەختىنىڭ ئۈستىگە قويۇش قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ، دەۋر ئۇچۇن قىممەتلىك بولغان پاك قەلب ناخشىسىنى ياڭرىتىدۇ.

شائىر يەنە مۇنۇ مىسرالاردا تېخىمۇ جاراڭلىق قىلىپ:

ۋەتەن ئۇچۇن بارلىقىڭنى قىلىپ بەخشەندە،
ياشاپ ئۆتسەڭ ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن؛
ئۆچمەس قىلىپ يېزىلسەن تارىخ بېتىگە،
نام-تۆھپەڭنى يادلار ئەۋلاد چىن ھۆرمەت بىلەن.

دەپ يېزىپ، پاك-دىيانەتلىك بىلەن خەلقنىڭ خىزمىتىنى قىلغانلار، ئەۋلادلار تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك يادلىنىپ، قەدىرلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شائىرنىڭ بۇ شېئىرى خەلق ئۇچۇن، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۇچۇن پىداكارلىق بىلەن ئىشلەش كۈيىنى ياڭراتقان بولۇپ، ئۇ بۈگۈنكى ھەر مىللەت كادىرلىرىمىزنى، جۈملىدىن رەھبىرىي كادىرلىرىمىزنى خەلق ئۇچۇن خىزمەت قىلىش ئېڭى ۋە

تەشەببۇسكارلىقى بىلەن تەربىيىلەشتە قىممەتلىك رول ئوينايدۇ.

دېمەك، بىز شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ «تۇت ئېسىڭدە» ناتىق بۇ شېئىرىنى شائىر ئۇچۇن ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى، رەھبىرىي كادىرلار ئۇچۇن ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمىز. چۈنكى شائىر ئۆزى بىر رەھبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنتايىن ئالدىراشلىق ئارىسىدىن يەنە ۋاقىت چىقىرىپ، ئۆزى قەلەم تۇتۇپ شېئىر يېزىپ، خەلققە ئۆزىنىڭ سەممىيىتىنى بىلدۈرگەن. باشقا رەھبىرىي كادىرلار ئۇچۇنمۇ خەلق ئالدىدا ئەنە شۇنداق سەممىيەت بىلدۈرۈپ ياشىشى لازىملىقىنى كۆرسەتكەن.

# 17. ياخشىلىقتىن يورۇقتۇر ئالەم

## —«ياخشىلىق» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

شائىر «ياخشىلىق» دېگەن بۇ شېئىردا ياخشىلىق، گۈزەللىكتىن ئىبارەت ياخشى، ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتكە مەدھىيە ئوقۇغان. بىزگە مەلۇمكى، ئىنسانلار جەمئىيىتى، تەبىئەت دۇنياسى ياخشىلىقتىن ئايرىلالمايدۇ. ئىنسانلار بىر-بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، بىر-بىرىگە كۆيۈنۈش، ئۆزئارا مېھىر-مۇھەببەت يەتكۈزۈش ئارقىلىقلا بۇ ئالەمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، يورۇقلۇقىنى ھېس قىلىدۇ. ئازغىنە، كىچىككىنە ياخشىلىقتىن كۆڭۈللەرنىڭ، دىللارنىڭ ئېلىلىپ، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قويۇقلىشىدۇ. ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك ئارقىلىق كىشىلەر ئۆزئارا گۈللىنىپ، جەمئىيەت روناق تاپىدۇ. خەلقىمىزدە ئەزەلدىن ياخشىلىققا، ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش، ھەتتا يامانلىققىمۇ ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشتەك ئېسىل-پەزىلەتلەر داۋاملىشىپ كەلگەن.

بىزدە مۇشۇنداق بىر ماقال بار: «ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشى، يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشى»، مۇشۇنىڭدىنمۇ بىلىۋالالايمىزكى خەلقىمىز ئەزەلدىن ياخشىلىقنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ كەلگەن. ياخشىلىق ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەنئەنىۋى تېما، ئۇ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن تارتىپ، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىغىچە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ كەلدى، 11-ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئالىم

www.uyghurkitap.com



يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شاھانە ئەسىرى: «قۇتادغۇبىلىك» تىمۇ، ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشتەك بۇ مەزمۇن ئالاھىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنەنگەن. شائىرنىڭ: «ياخشىلىق» نامىلىق بۇ شېئىرى ناھايىتى ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە شېئىر بولۇپ، ھەممە نەرسە پۇل ۋە مال دېگەندەك ماددىي نەرسىلەرنى ئاساس قىلىۋاتقان، ئۆزئارا دوستلۇقتا پەقەت پايدا ۋە زىياننى ئۆلچەم قىلىۋاتقان بەزى كىشىلەر ئۈچۈن مۇھىم تەربىيە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ياش-ئۆسمۈرلەرگە پايدىلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. بىز بۇ شېئىر ئارقىلىق كىشىلىك جەمئىيەتتە ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشتىن ئىبارەت چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرالايمىز، بۇ شېئىر «ياخشىلىق» تىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك تېمىنى مەركىزىي ئىدىيە قىلغانلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە ئالاھىدە تەسىر قىلىدۇ ۋە قىممەتلىك تۇيۇلىدۇ. دېمەك، ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە ياخشىلىق قىلىشنى ئۆزئارا ئىناق ياشاشنىڭ ئۆلچىمىگە ئايلاندۇرۇپ، بۇنى ئاڭلىق مىزان سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش، بۇ شېئىرنىڭ تۈپكى ئىدىيىۋى مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ.

تۆۋەندىكى مىسرالار پىكرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. مەسىلەن:

ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىش
ئەجدادلاردىن قالغان ئەنئەنە.
ياخشىلىققا ياڭرىتار ئالقىش
پۈتۈن ئالەم قىلىپ تەنتەنە.

خەلقىمىز ئەزەلدىن بىر-بىرىگە كۆيۈمچان، بىر-بىرىگە ئۆزئارا

مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك مەسئۇلىيىتى، دەپ قاراپ كەلگەن خەلق. خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرىدا ياخشىلارنىڭ، ياخشىلىققا ئىنتىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەر ۋاقىت ۋۇجۇدىنىڭ ياخشىلىق، گۈزەللىك بىلەن تولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

شائىر بۇ شېئىردا خەلقىمىزنىڭ ئەنە شۇ خىل ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرىغا ياندىشىپ ھالدا، ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىپ، ياخشىلىق، ئۆزئارا كۆيۈمچانلىق، ئىناق-ئىتتىپاقلىق بار يەردە ھەرقانداق جەبىر-جاپا مۇشەققەتلەرنى يەڭگىلى، ئېغىرنى يېنىكلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە بۇ قاراشنى ناھايىتى ئاددىي، ئىخچام، ئوبرازلىق، چۈشىنىشلىك ئىبارىلەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

خىسراۋدېھلەۋى ياخشىلىقنى: «ياخشى ئىشلارنىڭ گەۋدىسى، گۈزەل ئىشلارنىڭ ئاساسى» دەپ تەرىپلىگەن ئىدى. ئىنسان ھاياتىدا ئازراق بولسىمۇ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. شائىر بۇ شېئىردا ئىنسانلار جەمئىيىتىنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان نەرسىنىڭ مېھىر-مۇھەببەت ئىكەنلىكى، ئىنسانلار دۇنياسىنىڭ ماھىيىتى پەقەت، مېھىر-مۇھەببەت، ياخشىلىق، گۈزەللىك ئىكەنلىكى، ئەگەر ئىنسانلار مېھىر-مۇھەببەتتىن، ياخشىلىقتىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئۆزىنىڭ ئورنىنىمۇ يوقىتىپ قويىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئىنسانلار بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىشنى، دۇنيانىڭ ياخشىلىق بىلەن گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئاڭلىق تونۇپ ياشىشىنى ئۈمىد قىلغان. شائىر بۇ شېئىردا ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق شېئىرنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇپ شېئىرنى تېخىمۇ نەپىسلىككە ۋە جانلىقلىققا ئىگە قىلغان.

مەسىلەن:

مەۋج ئۇرار دەريا-دېڭىزدەك،
ياخشىلىق دەپ يۈرەك دولقۇنى.
ئېرىتىدۇ مۇز تاغلارنىمۇ،
ياخشىلىقنىڭ ئاتەش-يالقۇنى.

شائىر بۇ مىسرالاردا كۈچلۈك مۇبالىغە، سۈپەتلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەسىرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكىنى تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرگەن. شېئىر يەنە شائىرنىڭ مەنتىقىي تەپەككۇرىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شائىر مول مەزمۇننى مەنتىقىي تەپەككۇر يولى بىلەن ئىخچاملاپ، كىچىككىنە بىر شېئىرغا سىڭدۈرگەن. شېئىر ناھايىتى جۇشقۇن ھەم جەڭگىۋار يېزىلغان بولغاچقا، ياخشىلىقتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقىي-پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشكە دەۋەت قىلىشتا ئاكتىپ قىممەتكە ئىگە. شېئىردىكى پەلسەپىۋى پىكىر، شېئىرىي ھېسسىيات ئىچىگە چوڭقۇر سىڭگەن بولغاچقا، مەنتىقىلىق بىلەن ئوبرازچانلىق زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. نەتىجىدە، شائىر ياخشىلىق بىلەن گۈزەللىك بىردەكلىككە ئىگە بولۇشتەك ماھىيەتنى دەل، توغرا، چوڭقۇر ئېچىپ بەرەلىگەن.

بۇ شېئىرنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى، پىكىرنى شېئىرىي ھېسسىيات ئارقىلىق جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. شېئىرىي ھېسسىيات دېگىنىمىز—روھىي ۋە ئىچكى دۇنيا ھادىسىلىرىنى مەزمۇن قىلغان گۈزەل، تەسىرلىك، يۈكسەك ھېسسىياتقا قارىتىلىدۇ. شېئىرىي ھېسسىياتسىز، ھەقىقىي شېئىرنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ھەقىقىي ھېسسىياتتىن

بارلىققا كەلگەن ئىدىيىۋى يۇكسەكلىكلا ياخشىلىق، گۇزەللىك ۋە مېھر-مۇھەببەتنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىنىڭ ئىخچام سۇرەتلىنىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇرغان بولىدۇ.

شائىرنىڭ بۇ شېئىردا ياخشىلىق، گۇزەللىك قاراشلىرى چىن ھېسسىيات بىلەن ئۆزئارا جىپسىلاشتۇرۇلغان. شائىرنىڭ قاينام-تاشقىنلىق ھېسسىياتى كىتابخانلارنىڭ كۇچلۇك ھاياجىنىنى قوزغايدۇ. شېئىردا ئاساسلىق ئىپادىلەنگىنى تەبىئەت ھالىتى بولماستىن بەلكى ھېسسىيات ھالىتى، شائىرنىڭ ھېسسىياتىنىڭ جانلىق، كونكرېت بولۇشىنى شېئىرنى كۇچلۇك تەسىرچانلىققا ئىگە قىلغان تۇپ ئامىل دېيىشكە بولىدۇ.

شېئىرنىڭ تىلى چۇشىنىشلىك، ئاددىي بولۇپ، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان بولغاچقا، شېئىرنىڭ تەسىرچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ھەرقانداق بىر كىتابخان بۇ شېئىرنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن تېمىنىڭ ئەدەبىيلىكىگە، ھېسسىياتنىڭ جۇشقۇن، چىن ۋە نەپىسلىكىگە تەبىئىي قايىل بولماي قالمايدۇ. دېمەك، شائىر بۇ شېئىردا ئىنسانلارنى ھەرقانداق ئەھۋالدا، ھەرقانداق شارائىتتا، سەممىي، ئاق كۆڭۈل بولۇپ، ھالاللىق بىلەن ياشاشقا چاقىرىدۇ. ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ ئەل ئالدىدا يۇزى يورۇق بولۇپ، يۇز-ئابرۇيغا ئىگە بولىدىغانلىقى، شۇنىڭ ئۇچۇن ھەربىر كىشىنىڭ ياخشىلىق قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەكلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

شۇنداق، ياخشىلىق كىشىلەر قەلبىدىكى تۇگىمەس دېڭىز، بىز بۇ دېڭىزنى قانچە تەرىپلىسەك شۇنچە ئەرزىيدۇ. بەلكىم تېخى ئاز بولۇپ قالار، بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا پەقەت ياخشىلىق ئارقىلىق گۇللەپ ياشنايدۇ، ياخشىلىق ھەممە ئادەمنىڭ چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا قىلىدۇ. ياخشىلىق ئۇ ئاجىز، غېرىب-مۇساپىرلارنىڭ

تۇرمۇش كاپالىتىگە ئىگە بولۇپ، خاتىرجەم ياشىشىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ياخشىلىق مەۋجۇت يەردە ئادەم خاتىرجەم ئۆز ئىشىنى قىلالايدۇ. ياخشىلىق بىلەن جەمئىيەت ئىناقلىقىنى چۈمبەلۇ شۇنداق دەپ خۇلاسىلەشكە بولىدۇكى، ياخشىلىق ئالەمنىڭ گۈل تاجىدۇر، پەقەت ياخشىلىق ئارقىلىقلا ئىنسان قەلبى ئىللىپ، قۇياشتەك نۇر چاچىدۇ. ياخشىلىق بۇ ئالەمنى گۈل-چېچەكلەرگە پۈركەيدىغان ئالىيجاناب خىسلەتتۇر.

# 18. باھار كۈيى—ئۈمىدكە تولغان كۈي

## —«باھار كەلدى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

تەبىئەت دۇنياسىدا ھەرقايسى پەسىللەرنىڭ ئۆزىگە خاس جىلۋىدارلىقى بولغىنىغا ئوخشاش، باھار پەسلىمۇ قىش پەسلىنىڭ ئاخىرلىشىپ ياز پەسلىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەرگۈچى ئاجايىپ خاسىيەتلىك پەسىلدۇر. شېئىردا خاسىيەتلىك باھار قىياپىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، شائىر ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان ھايات گۈزەللىكىنى مەدھىيىلىگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شېئىردىكى باھار ئىلھامى مەلۇم ئىجتىمائىي مەناغا ئىگە قىلىنغان ھالدا تەسۋىرلەنگەن. دۆلىتىمىزنىڭ 1977-يىلى 11-نۆۋەتلىك ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. مۇدھىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت زۇلمەتلىك قەھرىتان قىش ئاخىرلىشىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ نەۋباھارى يېتىپ كەلدى. خەلقنىڭ ئەركىن، دېموكراتىك، باياشات زامانغا ئېرىشكەندىن كېيىنكى چوڭقۇر مۇھەببىتى قايناپ تاشتى. مانا بۇ مەزكۇر شېئىردىكى ئىككىلەمچى مۇھىت تەسۋىرىدۇر. شائىر شېئىردا باھارنى مۇنداق جانلىق تەسۋىرلەيدۇ:

زېمىستان قىش ئۆتۈپ كەتتى،
توڭمۇ ئېرىپ پۈتۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرىسى

نەۋباھاردا ئىللىق شامال،
سوغ ھاۋانى سۈرۈپ كەتتى.

باھار كەلدى، خۇش چاغ كەلدى،
شاۋقۇنلاندى يەنە ھايات.
دېھقان كۆچتى ئېتىز-قىرغا،
ئېتىز-بازار، ئېتىز ئاۋات.

شائىر شۇ دەۋردە ھەر مىللەت دېھقانلىرىمىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى، يەر تېرىشتا ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇپ، مول-ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن شاۋقۇنلۇق كۈيلىرىنى ياڭرىتىپ، ئىش-ئەمگەككە كىرىشىپ كەتكەنلىكىدەك يېڭىچە مەنزىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىسلاھات شاملى ئېلىپ كەلگەن ئىللىق باھارغا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇيدۇ. شېئىرنىڭ كېيىنكى مىسرالىرىدا شائىر ئۆز پىكرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ مۇنداق يازىدۇ:

نەم تۇپراقتا چۈشتى ئۇرۇق،
چۈشتى ئىشەنچ، چۈشتى ئارزۇ.
ساپ تەر بىلەن يازار داستان،
قويۇپ دېھقان يېڭى ماۋزۇ.

شائىر مانا بۇ مىسرالىرى ئارقىلىق دېھقان ئەمگىكىنىڭ ئاددىي ھالدىكى ئىش قىلىشلا ئەمەسلىكىنى، بەلكى دېھقان قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن بىرلەشكەن خاسىيەتلىك ئەمگەك ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. راست، دېھقان ئەمگىكى

هالال ئەمگەك، ئۇنىڭ ئىتىزغا تېرىيدىغىنى ئۇمىد، ئىشەنچ ئۇرۇقىدۇر. ئەنە شۇ ئۇمىد، ئىشەنچ ئۇرۇقىلا ئۇلارنىڭ ئېتىزىنى مەڭگۈ كۆكەرتىپ، هايات بېغىنى مەڭگۈ بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. دېھقان ئەمگىكى بىلەن پۈتۈن كائىنات كۆكىرىپ ياشىرىدۇ. دېھقان ئەمگىكى بىلەن بىزنىڭ ئەتىمىز تېخىمۇ باياشات، تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ. شائىر يەنە:

كۆمۈلىدۇ باقساڭ ئەتە،
گۈل-چېچەككە بار كائىنات.
بەرقۇت ياپار ئېتىزلارغا،
هالال ئەمگەك، چىن ئىجتىهات.

دەپ تەسۋىرلەپ، باهار پەسلىنىڭ دېھقان ئەمگىكى بىلەن تېخىمۇ مەنە تاپىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شېئىرنىڭ تىلى جەھەتتە، شائىرنىڭ شېئىردا ئىشلەتكەن تىلى ناھايىتى جانلىق، جۇشقۇن ھەم ئوبرازلىق بولۇپ، شېئىرنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى، شېئىردىكى شېئىرىي مۇھىتقا ناھايىتى ماس كەلگەن ھەم شېئىرنىڭ ئاھاڭدارلىقى، ۋە مۇزىكىلىقىنى ئاشۇرغان. مەسىلەن، شېئىردىكى: «قاتار-قاتار تۇرنا كەلدى، نەۋباھار دەپ مۇقام تۈۋلاپ» دېگەن مىسرالاردا ئاھاڭدارلىق تولىمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. يەنە: «دېھقان كۆچتى ئېتىز-قىرغا، ئېتىز بازار، ئېتىز ئاۋات» دېگەن مىسرالاردا شېئىرنىڭ جۇشقۇنلۇقى ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

شېئىر شەكىل جەھەتتە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى شەكلىنىڭ بارماق ۋەزنىلىك شېئىر شەكلى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، قاپىيە شەكلىمۇ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەم مۇشۇ ئارقىلىق

ئەسەرنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى كۈچلۈكلۈككە ئىگە قىلغان. شېئىرنىڭ تىلى ئاددىي، چۈشىنىشلىك ۋە راۋان بولۇپ، دەبدەبىلىك سۆزلەردىن خالىي. شائىر ئاددىي ئەمما يىقىشلىق خەلق تىلى بىلەن ئۆز پىكرىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن. بۇنىڭدىن، شائىرنىڭ سۆزلەردىن ئىنتايىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانغانلىقىنى ۋە تىل بايلىقىنىڭ خېلى موللۇقىنى كۆرۈۋېلىشىمىز تەس ئەمەس. شېئىردا ئىشلىتىلگەن ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ناھايىتى جايىدا قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق شېئىرنىڭ سېھرىي كۈچىنى، رەڭدارلىقىنى ئاشۇرغان. ئاپتور شېئىردا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن سىپلىشتۇرۇش، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش قاتارلىقلاردىن ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، بىر جەھەتتىن شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسىنى پۇختىلاپ ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرسە، يەنە بىر جەھەتتىن تىلغا ئالاھىدە ھۆسن قوشقان. شېئىرنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىمۇ خېلى ئۆزگىچە، شېئىر ناھايىتى ئاددىي ھەم تەرتىپلىك ئۇسۇل بىلەن، قىشنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن قار-مۇزلارنىڭ ئېرىپ، ئەگىز سۇلارنىڭ ئېرىق-ئۆستەڭلەردە ئېقىشىدەك، قۇشلارنىڭ خۇشال سايرىشىپ جەنۇبتىن ئۇچۇپ كېلىشى، ئاخىرىدا دېھقانلارنىڭ ئېتىز باشلىرىغا چىقىپ ھەممە يەرنىڭ باھار خۇشاللىقى بىلەن ئاۋاتلىشىپ كەتكەنلىكىدەك مەنزىرىنى سۈرەتلەيدۇ.

بۇ شېئىرنىڭ رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولى ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنى خېلى چوڭقۇرلۇقتا ئىگە دەپ قاراشقا بولىدۇ. شېئىردا، بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ باي-باياشات تۇرمۇشقا، گۈزەل كېلەچەككە ئىنتىلىشتەك بىر

يۈكسەك ئېڭى ۋە ئىرادىسى ئىپادىلەنگەن. «باھار كەلدى» ناملىق بۇ شېئىرنى مەيلى تىل ئىشلىتىشى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى بەدىئىي پىكىر جەھەتتە بولسۇن خېلى يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان شېئىر، دەپ قاراشقا بولىدۇ. شېئىردا: «قاتار-قاتار تۇرنا كەلدى، نەۋباھار دەپ مۇقام توۋلاپ» دېگەن ئاجايىپ بىر تەسۋىر بار. شائىر تۇرنىلارنىڭ ئاۋازىنى ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا نەقىقاسلايدۇ. بۇ يەردە تىلنىڭ ئوبرازچانلىقى، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە جەھەتتىكى يېڭىلىق كىتابخاننى تولىمۇ قايىل قىلىدۇ. شېئىرنىڭ مانا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۆزگىچىلىكى ئۇنى ئوقۇغان كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ ھەم كىشىنى جەلپ قىلىدۇ. شائىر، باھاردىن ئىبارەت يىلنىڭ بېشىدا پۈتكۈل كائىنات، يەر-جاھان زىمىستان قىش كېتىپ، ئېغىر ئۇيقۇلىرىدىن ئويغىنىپ، قۇياشنىڭ ئىللىق ئاپتىپى ئاستىدا كۈندىن-كۈنگە جانلىنىۋاتقان، كۆكىرىۋاتقان، تەبىئەت يېشىللىققا پۈركىنىۋاتقان، جان-جانىۋارلار ئۆچەكلىرىدىن چىقىپ كەڭ تەبىئەتكە تويماي بېقىۋاتقان مەنزىرىنى ئۆزىنىڭ مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئاساسەن ناھايىتى ماھىرلىق، ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، زىمىستان قاپلىغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت ئاپەتلىك يىللارنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىك، دېموكراتىيىگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان تەرەپلىرىنى بوغۇپ، ھەتتا ۋەيران قىلغانلىقى، دېھقانلىرىمىزنىڭ ئاكتىپلىقىنى بوغقانلىقى، دەپسەندە قىلغانلىقى، پەقەت پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، كەڭ دېھقانلىرىمىزغا باھار پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىپ، ئەركىنلىك، دېموكراتىيىگە ئوخشاش تەرەپلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىپ، يېڭىچە روھ بىلەن يۈرەكلىك ھالدا دەۋرگە ماسلىشىپ، تەرەپ-تەرەپلەردىن

باھار پەسلىدىكى قۇشلارغا ئوخشاش زوق-شوخ بىلەن سايراپ، ئەمگەكنىڭ قاينام تاشقىنلىق مېلودىيىسىنى ياڭرىتىپ، ئىش مەيدانلىرىدا يېڭىدىن-يېڭى ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقىدەك تۇرمۇش مەنزىرىسىنى جانلىق يورۇتۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلقىمىزنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق دەۋرىدە تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى، جاپا-مۇشەققەتلىرى ئاخىرلىشىپ يېڭى ھاياتنىڭ كەڭ قۇچاق ئاچقانلىقىغا، يېڭىچە قاينام-تاشقىنلىق تۇرمۇشنىڭ كىشىلەرگە ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىقلىرىغا بولغان قىزغىن مەدھىيىسىنى ياڭرىتىدۇ. دەرۋەقە بىز شائىرنىڭ شېئىرىدىن دېھقانلارنىڭ ئەمگەك ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ، ئېتىز-قىرلاردا ھالال تەرلىرىنى تۆكۈپ، ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقىدەك، يېڭى، توغرا ئىسلاھات شاماللىرى ئويغاتقان ئەمگەكچان دېھقانلىرىمىزنىڭ، پارتىيىنىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدە دەۋرگە ماسلىشىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆز ئىش مەيدانلىرىدا ھالال ئەمگەككە تايىنىپ، ئۈلۈكسىز ئالغا بېسىۋاتقانلىقىدەك، جاپا-مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، مۇستەھكەم ئىرادە، قەتئىي تەۋرەنمەس روھ بىلەن تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، باياشات، گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىش، ھاللىق سەۋىيىگە بالدۇرراق يېتىش ئۈچۈن دۆلىتىمىزنىڭ توغرا سىياسەت، فاڭجېنلىرىنىڭ روھىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، زوق-شوخ بىلەن ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقىدەك مەنزىرە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

# 19 . مەرىپەت مەشئىلىگە ئوقۇلغان مەدھىيە

## — «ئوقۇتقۇچى دوستۇمغا» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

ئوقۇتقۇچى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى. ئوقۇتقۇچىغا قانچىلىك مەدھىيىلەر ئوقۇساق ئازلىق قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ گۈزەل ھۆسنىنى سىزغۇچى رەسساملار. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى مائارىپتا. مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدا. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، دۇنيادىكى تەرەققىياتى ئۈستۈن دۆلەتنىڭ مائارىپى يۈكسەلگەن. مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈش، مائارىپنى ئالدىن راۋاجلاندۇرۇش، نۆۋەتتە دۆلىتىمىز ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىدۇر. تۆۋەندە ئالدى بىلەن شائىرنىڭ شېئىرىي مىسرالىرىغا قاراپ باقايلى:

ۋۇجۇدۇڭدا قارىغاينىڭ خىسلىتى،
ئېگىلمەيسەن جۇدۇندىمۇ تىك تۇرۇپ.
جاپا-مۇشكۈل ھېچ گەپ ئەمەس ئالدىڭدا،
توسقۇنلارنى بۆسۈپ ئۆتتۇڭ تىغ ئۇرۇپ.

ئەل ئىشقىدا گۈلخان كەبى يانىسەن،
مېھرىڭدە بار مىڭ قۇياشلىق ھارارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەندىن مىڭلاپ سەبىي دىللار نۇر ئېمىپ،
پەن كۆكىدە قۇچتى زەپەر، كارامەت.

ئۇستاز دېگەن ئۇلۇغ ئىنسان، شەرەپلىك،
قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان ھۆرمەتتە.
دىل يورۇتقان ئۇستازنى گەر قىلساق خار،
قالامدىمىز قاراڭغۇلۇق، غۇربەتتە؟!

شائىر شېئىردا ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچى روھىنىڭ جاپا-مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش يولىدا قەيسەرانە ئالغا باسىدىغان، ئۆز بەختىنى ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىدىن ئىزدەيدىغان ئالىيجاناب روھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شېئىرنىڭ ئىككىنچى كۇپلېتىنى ئوقۇغاندا، ئوقۇتقۇچى مېھنىتى ھەققىدىكى تەسىراتىمىز تېخىمۇ چوڭقۇرلايدۇ. بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت جاپالىق ئەمما ئۇلۇغۋار بىر ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان، كەلگۈسى ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز تىنىم تاپماي، ھاردىم-تالدىم دېمەي تىرىشىۋاتقان، دۇنيا خەلقى ئورتاق ھۆرمەتلەيدىغان، قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان سەبىي، گۆدەكلەرگە مېھرى ئاپتاپ بولىۋاتقان، نۇر ئىزدىگۈچىلەرگە شام بولۇپ يول ئېچىۋاتقان ئۇستازلار كېلىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، ئۇستازنى قەدىرلەش، ئۇلۇغلاش، قەلب تۆرىدىن ئورۇن بېرىش، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئەڭ ئۇلۇغۋارلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇستاز ئەجرىنى ھۆرمەتلىمەسلىك، ئۇلارنى قەدىرلىمەسلىكنىڭ ئاقىۋىتى خەلقنى، ۋەتەننى، مىللەتنى مەھكۇملۇققا، قاراڭغۇلۇققا، غۇربەتكە، نادانلىققا، نادامەتكە قالدۇرىدۇ. شۇڭا ئۇستاز ئەمگىكىنى، ئۇنىڭ ئىنسان روھىنى

يورۇتۇش رولىنى چۇشىنىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا شائىرنىڭ شېئىرى تولىمۇ قىممەتلىكتۇر. ئۇ بىزگە ئۇستاز ئەمگىكىنى قەدىرلەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شائىرنىڭ شېئىرغا ئىشلەتكەن تىلى ناھايىتى جانلىق، جۇشقۇن ھەم ئوبرازلىق بولۇپ، شېئىر تىلىنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشى، شېئىردىكى شېئىرىي مۇھىتقا ناھايىتى ماس كەلگەن بولۇپ، شېئىرنىڭ ئاھاڭدارلىقى، مۇزىكىلىقىنى ئاشۇرغان. مەسىلەن: ئىككىنچى كۇپلېتتىكى «سەندىن مىڭلاپ سەبىي دىللار نۇر ئىمىپ» دېگەن مىسرانى ئوقۇغان كىشىدە بىر خىل جانلىقلىق، شۇنداقلا تىلنىڭ ئوبرازلىقلىقىغا بولغان قايىللىق تۇيغۇسى ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ. يەنە شۇنداقلا: «دىل يورۇتقان ئۇستازنى گەر قىلساق خار، قالمامدىمىز قاراڭغۇلۇقتا، غۇربەتتە؟! » دېيىش ئارقىلىق شېئىرنىڭ جۇشقۇنلۇقىنى ئاشۇرغان ھەم شېئىردىكى مەنانى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلغان. شېئىرنىڭ تەسىرچانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

شېئىردا يەنە ئاددىي، راۋان تىل ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇسلۇبى ئىنتايىن يەڭگىل، شېئىردا بىز بىلمەيدىغان سۆزلەر ئۇچرىمايدۇ. شېئىرنىڭ تىلى ئىنتايىن راۋان بولۇپ، ئوقۇغان كىشىگە بىرخىل ئاسانلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ. دېمەك، شېئىرنىڭ تىلىنىڭ بۇنداق راۋان، ئاددىي بولۇشىدىن، شائىرنىڭ سۆزلەر دۇنياسىدىن ئىنتايىن ئەپچىللىك بىلەن تاۋلانغان، پىششىقلانغان، دېمەكچى بولغىنىنى ئىنتايىن ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغانلىقىنى ھەم سۆز تاللاشقا ماھىر ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. ئىشلىتىلگەن

ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ناھايىتى جايىدا قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق شېئىرنىڭ سېھرىي كۈچىنى، رەڭدارلىقىنى ئاشۇرغان، شېئىردا جانلاندۇرۇش، ئوخشىتىش، مۇبالىغە، سېلىشتۇرۇشتەك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر قوللىنىلغان بولۇپ، شائىر بۇ ۋاستىلەردىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق، بىر جەھەتتىن شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسىنى پۇختىلىسا، يەنە بىر جەھەتتىن تىلغا ئالاھىدە ھۆسن قوشقان. شۇنداقلا شېئىردىكى بىلىمنى ئۇلۇغلاشتەك مەركىزىي ئىدىيىنى ناھايىتى ئوبرازلىق، جانلىق يورۇتۇپ بەرگەن. مەسىلەن: شېئىردىكى «قارىغاينىڭ خىسلىتى، «توسقۇنلارنى بۆسۈپ ئۆتتۇڭ تىغ ئۇرۇپ» دېگەندەك مىسرالاردا سېلىشتۇرۇش، مۇبالىغە ۋاستىلىرىنى ئىشلەتسە، «سەندىن مىڭلاپ سەبىي دىللار نۇر ئىمىپ»، «مېھرىڭدە بار مىڭ قۇياشلىق ھارارەت» دېگەن مىسرالاردا مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش ئىشلىتىش ئارقىلىق شېئىرنى پەلەمپەي شەكىللىك قۇرۇلمىغا، سەكرەش خاراكتېرلىك مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلغان.

شېئىردا ھەرقايسى كۇپلېتلارنىڭ مەزمۇن ۋە قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ناھايىتى ماسلاشقان. بىرىنچى كۇپلېتتا، شائىر ئوقۇتقۇچى دوستىغا خىتاب قىلىدۇ. بۇنىڭدا ئوقۇتقۇچىنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىك ھايات يولىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ئىچىدە، جاپا-مۇشەققەتلەرگە باش ئەگمەي، قارىغاي كەبى تىك تۇرۇپ، توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ، ھەر ۋاقىت مەزمۇت تۇرىدىغانلىقىدەك خىسلەتكە ئىگە ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىدا ئوقۇتقۇچى ھەققىدە ھەقىقىي بىلىش ھاسىل قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىدىكى ئوقۇتقۇچى خىسلىتى، روھى ھەققىدە تەسىرلىك تونۇش شەكىللىنىدۇ. شېئىرنى بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەربىر

ئوقۇرمەنگە نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا قىلىپ شېئىرغا كىرىشكە، شېئىرنىڭ ئىشكىنى چېكىشكە تۈرتكە بولىدۇ.

ئىككىنچى كۈپلېتتا، شائىر ئوقۇتقۇچىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، خەلق قەلبىدىكى قۇياشقا ئوخشاش نۇرلۇق رولىنى ۋە سەبىي-گۈدەكلەر دىلىنى يورۇتقۇچى مەشئەل، ئەۋلاد تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈز ئۈستىگە ئالغان باغۋەنلىك رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەل-جامائەت، خەلق ئالدىدىكى ھۆرمىتى، قەدرىنى شۇنداقلا شان-شەرىپىنى ئۇلۇغلايدۇ.

ئۈچىنچى كۈپلېت شېئىرنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئۇستازلارنى مەدھىيىلەش، ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلەش كېرەكلىكىنى ھەم ئۇستازنىڭ پۈتكۈل دۇنيا ھۆرمەت قىلىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇستازغا قەلبلەر تۆرىدىن ئورۇن بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇستازلارنى قەدىرلىمەسلىك، ئۇلۇغلىماسلىق، قەدرىگە يەتمەسلىك، ھۆرمەتلىمەسلىكنىڭ ئاخىر بېرىپ بىزنى قاراڭغۇلۇق، نادانلىق، غورىبەتچىلىككە قالدۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى ناھايىتى جانلىق، ئىسپاتلىق، جاراڭلىق ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى قەدىرلەش، ئۇلارغا خەلق قەلبىدىن يۇقىرى ئورۇن بېرىشنىڭ ھەقىقەتەن زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن.

شائىر شېئىرنى كىتابخانلارغا خىتاب قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. شائىر بۇ خىل ئۇسۇلدا ئوقۇرمەنلەرنى شېئىرنىڭ بېشىدا ئىگە بولغان مەدھىيىلەش، كۈيلەش سادالىرى ئارىسىدا يەنە داۋاملىق كۈيلەش ھەم قەدىرلەشكە چاقىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇستازلارنى قەدىرلىمەيدىغان، ھۆرمەتلىمەيدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇتمۇ-يوق؟ ئەگەر مەۋجۇت بولسا قانداق قىلىش

كېرەك؟ قانداق ئەمەلىي ئىشلارنى قىلغاندا ئاندىن ئۇستازلارنى ھەقىقىي تۈردە قەدىرلىگىلى، ھۆرمەتلىگىلى، ئۇلۇغلىغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئوقۇرمەنلەرنى ئويلىنىپ بېقىشقا، تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىق قىلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، شائىر ھەم شېئىرىدىن ئېستېتىك زوق بېرىپ، ئوقۇرمەنلەرنى رازى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن سوئال قويۇش ئارقىلىق ئويلاندۇرۇش، تەپەككۇر قىلدۇرۇشقا يول ئاچقان. دېمەك، شائىر ئوقۇتقۇچىغا، يەنى دىللارنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق مەشئەلگە، كەلگۈسىنىڭ ئۈمىد شاملىرىنى يورۇتقۇچى تۆھپىكار باغۋەنگە، نادانلىق، قالاقلىق، جاھالەت يىلتىزلىرىنى كېسىپ تاشلىغۇچى مىننەتسىز، ئەل-يۇرت، ۋەتەن-خەلق ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز تىنىم تاپماي، ھاردىم-تالدىم دېمەي ئۆزىنىڭ پۈتكۈل زېھنىي قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ ئەۋلادلار دىللىرىنى يورۇتۇپ كېلىۋاتقان ئىنسانىنى، ئىنسان روھىنى ئويغاتقۇچى، قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتقۇچى ئوقۇتقۇچىدىن ئىبارەت ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ھۆرمىتى، شان-شەرەپكە ئېرىشكەن، ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ئاددىي، ئەمما تۆھپىسى زور بولغان ئىنسانىنى قايناق ھېسسىيات بىلەن كۈيلەش، مەدھىيىلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە، گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىشقا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىنى مەدھىيىلىگەن. شېئىر يەنە ئىخچام، ئوبرازلىق شېئىرىي تىل ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىنىڭ كەلگۈسى جەمئىيەتكە ئەۋلاد تەربىيىلەش ئارقىلىق قوشۇۋاتقان زور تۆھپىسىگە ھەم بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى خەلق قەلبىدىكى ئورنىغا يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيە ئوقۇغان. شېئىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىنى تەرىپلەش، مىننەتسىز تۆھپىلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇش، ئۇلارنى سۆيۈش، ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش توغرىسىدا كەڭ كىتابخانلارغا مۇراجىئەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلارنى

ھۆرمەتلىمەسلىك، قەدىرلىمەسلىكنىڭ ئىنسانىيەتكە، جۈملىدىن كەلگۈسى ئەۋلادلارغا، كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولغان ياش بوغۇنلارغا قىلغان زىيانكەشلىك، ئۆز مائارىپىمىزنىڭ گۈللىنىشىگە قىلغان توسقۇنلۇق بولىدىغانلىقى، ئۆزىمىزنى نادانلىققا، قالاقلىققا، قاراڭغۇ-زۇلمەتكە تاشلىغان بىلەن باراۋەر بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

شېئىرنىڭ ھازىرقى رېئال جەمئىيىتىمىزدىكى تەربىيىۋى رولى چوڭ. شائىر شېئىردا، ئوقۇتقۇچى ئوبرازىنى يارىتىش ۋە تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىنى ھۆرمەتلەشنى مەركەز قىلغان بىر قاتار چۈشەنچىلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، جەمئىيىتىمىزدە ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش بىلەن بىرگە يەنە ئايرىم ئادەملەردە ئوقۇتقۇچى ئەمگىكىنىڭ قەدرىگە يەتمەسلىك، ئۇنىڭغا ئېتىبار بىلەن قارىماسلىق، ئەڭ ئاددىيسى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىنسان روھىنى يورۇتۇش ھەم ئەۋلاد تەربىيىلەشتەك مۇشكۈل، جاپالىق ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ئىنسان ئىكەنلىكىدەك سالاھىيىتىگە كۆز يۇمۇشتەك ناچار خاھىشلار ساقلانماقتا. بۇنداق ناچار ئىللەت، ناچار ئىشلارنى تۈزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئۇلۇغۋار شەخسلىك ئورنىنى ھەممە كىشىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالدۇرۇش بىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزدىكى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرىدۇر. شېئىرنى ئوقۇغان ھەربىر كىتابخان بۈگۈنكى رىقابەت كەسكىنلىشىپ بېرىۋاتقان جەمئىيەتتە، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈشتە، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ئىستىقبالى ئۈستىدە ئويلىنىشتا، مائارىپ ئارقىلىق دۇنياغا يۈزلىنىشتە، مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چوقۇم ئوقۇتقۇچى روھىنى ئۇلۇغلاش ھەم ئۇنى تەشۋىق قىلىشنىڭ

زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلماي قالمايدۇ. كۆپچىلىككە ئايانكى، نۆۋەتتە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىش، دۇنيا مەدەنىيىتىگە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇش، شۇنىڭدەك ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا پائال ماسلىشىش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش، مىللەتنى، ۋەتەننى، خەلقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى جەمئىيەت، خەلق، ھەرقايسى تەرەپلەر ئورتاق قەدىرلەيدىغان كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ —ئۆز نۆۋىتىدە بىر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتىلاردىن ئالغاندا، شائىرنىڭ يۇقىرىقى شېئىرى تەشەببۇس قىلغان ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە تولىمۇ قىممەتلىكتۇر.

بىزگە مەلۇم، بىر دۆلەت، بىر خەلقنىڭ تەرەققىياتى ھەرگىزمۇ ئېگىز-ئېگىز بىنالار، گۈزەل مەنزىرىلىك جايلىرى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، بەلكى مائارىپىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. مائارىپتىن ئايرىلغان ھەرقانداق بىر خەلق نادانلىققا قاراپ يول ئالىدۇ. مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدا. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى مائارىپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. شۇڭا ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى قەدىرلەش، پۈتكۈل جەمئىيەت، پۈتكۈل ئەل-يۇرتنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان بۇرچى ۋە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسى خالاس.

# 20. ئەجدادلار خىسلىتىگە ئوقۇلغان مەدھىيە

## — «قىزىلگۈل» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

شائىرنىڭ بۇ شېئىرى ئىككى كۇپلېتتىن تەشكىل تاپقان ئىخچام شېئىر بولۇپ، ئىلگىرى سۈرۈلگەن مەزمۇنى ئىنتايىن چوڭقۇر، شېئىري پىكىرمۇ ئىنتايىن ئوبرازلىق. مەسىلەن: شېئىر مۇنداق يېزىلغان:

قىزىلگۈل، ھەر قارىسام بەرگىڭگە مەن،
زوقلىنىپ كۆزلىرىمنى ئۈزەلمەيمەن.
رەڭگىڭدە شەپەق ئەكسى تاۋلىنىدۇ،
شېخىڭغا بۇلبۇل بولۇپ قونسام دەيمەن.

ئازادلىق ئۈچۈن ئاققان قىزىل قانلار،
ساڭا رەڭ بەرگەچ چوغدەك كۆرۈنسەن.
ھەر باقسام، ئەجدادلارغا ئاشار مېھرىم،
يۈرىكىم ئالقىشىغا كۆمۈلسەن.

شائىر قايناپ تاشقان جۇشقۇن ھېسسىيات بىلەن، بۈگۈنكىدەك ئازاد كۈنلەر ئۈچۈن قۇربانلىق بېرىپ، جەڭلەرنى قىلغان قەھرىمان ئەجدادلىرىمىزنى مەدھىيىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ قىزىل قانلىرىنى قىزىلگۈل رەڭگىگە ئوخشىتىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ۋەتەننى

گۈللەندۈرۈش ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بىزگە ئايانكى، بىزنىڭ بۈگۈنكىدەك بەختىيار كۈنلىرىمىز قەھرىمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ جەڭلەردە قان ئاقۇزۇپ قۇربانلىق بېرىشلىرىنىڭ بەدىلىگە كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئازادلىق يولىدا ئاققۇزغان قىزىل قانلىرى، بۈگۈنكى كۈندە ۋەتەن زېمىنىدا قىپقىزىل گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇپ، ۋەتەن بېغىنى جۇلالاندۇرماقتا.

شائىر ئۆز شېئىرىدا قىزىلگۈلگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ ئۇنىڭ خۇش پۇراقلىق بولغانلىقىدىن ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئاشۇ ئەجدادلارنىڭ ئازادلىق ئۈچۈن ئاققۇزغان قىزىل قانلىرىنىڭ رەڭگى بىلەن رەڭداش بولغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق شائىر ئەجدادلار روھىغا بولغان مەدھىيىسىنى يۈكسەك تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمىدە ئوبرازلىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شېئىرنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلاردا قوزغايدىغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر. ئۇ بىزگە سائادەتلىك تۇرمۇشنىڭ قەدرىگە يېتىپ ياخشى ئۆگىنىپ، ئىنتىلىشچان، تىرىشچان ياش ئىزباسارلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىمىزغا، شۇنداقلا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان، دەۋر روھىغا باي، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش غايىسى كۈچلۈك ياشلاردىن بولۇپ چىقىشىمىزغا ئىلھاملاندۇرىدۇ. شۇنداقلا ياش-ئۆسمۈرلەرنى، كەڭ ستۇدېنتلارنى ئەجدادلىرىمىز ئېچىپ بەرگەن يول بىلەن مېڭىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىزدىنىش ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتىپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىش كۆرۈپ، ئەجدادلارغا ئوخشاش كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن بەختىيار مۇھىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، بۈگۈنكى ئىلىم-پەن بىلىملىرى بىلەن مۇستەھكەم، پۇختا قوراللىنىپ، ۋەتەننى، يۇرتىنى، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشقا، ئىنتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەشكە، ئەجدادلار قالدۇرۇپ

كەتكەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشتەك دەۋر روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، غەلىبىسېرى ئالغا بېسىشقا يېتەكلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

شائىر «قىزىلگۈل» ناملىق بۇ شېئىردا، يۇقىرىقىدەك مەزمۇنلارنى ئېچىلىپ تۇرغان قىزىلگۈلنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق كونكرېت، ھېسسىياتلىق ئېچىپ بەرگەن. شائىر شېئىردا يەنە يۇقىرىقىدەك ئەھەمىيەتلىك مەزمۇننى ئىپادىلەشتە سىمۋول، سۈپەتلەش قاتارلىقلاردىن باشقا يەنە ئوخشىتىش ئۇسۇلىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. خۇش پۇراقلىق، چىرايلىق بولغان، ھەر خىل گۈللەرنىڭ ئىچىدە جەلپكارلىقى، سەرخىلى ، پادىشاھى بولغان «قىزىلگۈل» رەڭگىنى ئەجدادلارنىڭ قىزىل قېنىنىڭ رەڭگىگە ئوخشىتىش ئارقىلىق ئوي-پىكرىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن. شېئىرىيىتىمىزدە قىزىلگۈلنى تەسۋىرلەپ يېزىلغان شېئىرلار ناھايىتى كۆپ، شائىرلىرىمىز قىزىلگۈلنى مۇھەببەت ۋە يار گۈزەللىكىنىڭ مەجازىي ۋاستىسى قىلىپ تەسۋىرلەپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە قىزىلگۈل تەسۋىرى بىرقەدەر ئەنئەنىۋىلىككە ۋە قېلىپلىققا ئىگە بولۇپ كەلدى. ئەمما شائىر تۆمۈر داۋامەت ئۆز شېئىرىدا ئىجادىي يول تۇتۇپ قىزىلگۈل تەسۋىرىگە يەنە بىر يېڭى مەنە قوشقان. قىزىلگۈلگە بولغان مۇھەببىتىنى ئەجدادلارنىڭ قەھرىمانلىق روھىغا بولغان مۇھەببىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەن. ئۇنىڭ قىزىل رەڭگىنى جەلپ قىلىدىغان ئوبيېكتىپ رەڭ دۇنياسىدىن ھالقىپ، سۇبيېكتىپ ھېسسىيات دۇنياسىغا كۆچۈرۈپ، ئۇنىڭغا مەنىۋى قىممەت ئاتا قىلغان.

قىزىلگۈل ھەققىدە شېئىر يازغان شائىرلىرىمىز ئۆز شېئىرلىرىدا ئىنسان ھاياتىغا گۈزەللىك ۋە زوق بېغىشلاپ تۇرغان بۇ شەيئى ئارقىلىق تۇرمۇشقا بولغان قىزغىن، ئەركىن مۇھەببىتىنى،

ئۇلۇغۋار غايىسىنى ۋە جۇشقۇن ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ كەلگەن بولسا، شائىر تۆمۈر داۋامەت بۇ شېئىردا گۈل رەڭگىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ سۈپىتىدە ئوبرازلاشتۇرۇپ، شېئىرىي پىكرىنى يالقۇنلۇق ھېسسىيات بىلەن تويۇندۇرغان.

شېئىرنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە كەلسەك، شېئىرنىڭ تىلى ھېسسىياتلىق بولغانلىقى سىرتىدا ناھايىتى جانلىق، راۋان، چۈشىنىشلىك. بىز شېئىردىكى «قىزىلگۈل ھەر قارىسام بەرگىنىگە، زوقلىنىپ كۆزلىرىمنى ئۈزەلمەيمەن» دېگەن مىسرالارغا قارايدىغان بولساق، شائىر بىر تەرەپتىن قىزىلگۈلنىڭ ئاشۇنداق گۈزەللىكىدىن مەنىۋى جەھەتتە ھوزۇرلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن قىزىلگۈل رەڭگىدىكى ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرىدىغان قىزىل رەڭدىن ۋەتەن قەھرىمانلىرىنىڭ ئازادلىق ئۈچۈن ئاققۇزغان قىزىل قانلىرىنى ئەسلەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئىزھار قىلىدۇ. بۇنداق تۇيغۇدىن ھەربىر يۈرەك يەنى ۋىجدانى، غۇرۇرى بولغان ھەرقانداق بىر كىشى زوقلانماي، ھاياجانلانماي تۇرالمايدۇ! راست، ئاشۇ قىزىل رەڭدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋەتەن، خەلق، يۇرت ئۈچۈن تۆككەن شەرەپلىك قانلىرىنىڭ نۇرانە شولىسى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

شۇنداق بولغانىكەن قىزىلگۈل بەرگىدىكى ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان قىزىللىقتىن، خەلق ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى يولىدا ئوت-تىنىمسىز تۆھپە قوشقان، جەڭلەردە ئىسسىق قېنى ئارقىلىق بىزگە بەخت-سائادەت ۋە پاراۋان تۇرمۇش يارىتىپ بەرگەن خەلق قەھرىمانلىرىنى يادىمىزغا ئالماي تۇرالمايمىز. ئەلۋەتتە.

رەڭگىدە شەپەق ئەكسى تاۋلىنىدۇ،
شېخىڭغا بۇلبۇل بولۇپ قونسام مەن.

بۇ ئىككى مىسرادا شائىرنىڭ ئېخىمۇ ئوتلۇق مۇھەببىتى ئىپادە قىلىنغان بولۇپ، شائىر قىپقىزىل گۈللەرگە قاراپ جەڭلەردە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان سەپداشلىرى، دوستلىرى ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلارنى يادىغا ئالىدۇ. ھەم چىن مۇھەببەت بىلەن ئۇلارنى ئەسلەيدۇ. ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭ بۇنداق بولۇشىدا، بىزنىڭچە رېئاللىقتا ئەجدادلارنىڭ قىزىل قېنى بىلەن قىزىلگۈلنىڭ بەرگىنىڭ رەڭگى ماس ھالدا ئوخشاشلىقا ئىگە بولۇپ، ئەنە ئاشۇ «قىزىل» دېگەن بۇ سۆز شائىرنىڭ تەپەككۇرىنى غىدىقلاپ، ئۇنىڭ شېئىرىي ئىلھامىنى قوزغىغان. شائىرنىڭ قىزىلگۈلنىڭ رەڭگىدىن ئىلھامغا كېلىپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق روھىنى مەدھىيىلىشى بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ.

شائىر ۋەتەننىڭ بۇلبۇلىدۇر، بولبۇلى بولغاندىمۇ «ۋەتەن» دەپ سايرايدىغان بۇلبۇلدۇر، بۇلبۇل قىزىلگۈل ئىشقىدا كېچە-كۈندۈز تىنماي سايرىغاندەك، شائىرمۇ ئەجدادلارنىڭ ئەجرى ۋە تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلەپ بۇلبۇل كەبى سايرايدۇ.

دېمەك، بىز شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ «قىزىلگۈل» ناملىق بۇ شېئىرىدىن ئەجدادلارنىڭ بۈگۈنكى پاراۋان تۇرمۇشنى يارىتىش جەريانى ھەققىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرگە ۋە تەسىراتلارغا چۆمىمىز.

ئومۇمەن ئالغاندا، شائىر «قىزىلگۈل» دىن ئىبارەت بىر شەيئىنىڭ «قىزىل» رەڭدە ئىكەنلىكىدەك ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، شېئىرىي قىلىپنى شېئىرىي ئوبراز ئىچىگە سىڭدۈرۈپ، ھەقىقىي مەنىدىكى شېئىرىي گۈزەللىكنى ياراتقان. شائىرنىڭ پىكىر جەھەتتىكى يېڭىچە ئۇسلۇبى بىزنى شائىرغا بولغان قايىللىق تۇيغۇسىغا باشلايدۇ.

تۇغقۇز كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 21. شېئىرىي پىكىر ۋە بەدىئىي ماھارەت

## —«باھار ئىلھامى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

ھەممىمىزگە مەلۇم، شېئىر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەڭ مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان، چوڭقۇر ئىدىيە، كۈچلۈك ھېسسىيات، باي تەسەۋۋۇر، جانلىق ۋە ئوبرازلىق تىل، بەلگىلىك ئاھاڭ ۋە رىتىمغا ئىگە بولغان ئەڭ ئىخچام ژانىردۇر. شېئىر ئىجادىيىتى ئۆزىگە خاس مۇستەقىل ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، ئىجادىي كۆزىتىش ۋە تەسەۋۋۇرنى شائىردىن تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، كىتابخانىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئاشۇ تەسەۋۋۇر ئاساسىدا قاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ. شائىرنىڭ «باھار ئىلھامى» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇغان ھەربىر كىتابخان ئۆزىگە خاس مەنىۋى ئوزۇق ئالماي قالمايدۇ. شائىر بۇ شېئىردا باھاردىن ئىبارەت كىشىگە ئىلھام، ئۈمىد ئاتا قىلىدىغان پەسىلنى ناھايىتى چۈشىنىشلىك، ئاددىي، ئىخچام تىلى بىلەن ھېسسىياتلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

بىرىنچى كۇپلېتتا، باھارنىڭ ئىللىق شامىلى يەر-جاھاننى سۆيۈپ كەلگەنلىكى، مۇز تۇتقان دەريالار سۈيىنىڭ ئويناقلاپ ئېقىشقا باشلىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئارقىلىق شائىر كىشىگە ئىلھام ئاتا قىلغۇچى تەبىئەتنى چىنلىق بىلەن كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەن.

ئىككىنچى كۇپلېتتا بولسا، باھارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە بەلگىسى بولغان يېشىللىقنىڭ يەر-جاھانغا يېشىل تون كىيدۈرگەنلىكى، نەتىجىدە تەبىئەتتە ئاجايىپ گۈزەل، جۇشقۇن

مەنزىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. شائىر تەبىئەتتىكى جانلىنىشنى رېئال ئىجتىمائىي ھايات ئۆزگىرىشلىرىگە تەدبىقلاپ، كىشىلىك ھاياتتا بارلىققا كېلىشكە باشلىغان ئۆزگىرىشلەرنى ۋاستىلىق مەدھىيىلىگەن. رېئال تەبىئەت مەنزىرىسىگە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتىنى سىڭدۈرۈپ ئىپادىلەپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش بارلىققا كەلگەن يېڭى دەۋر مەنزىرىسىگە مەدھىيە ئوقۇغان. زامانىمىزنىڭ خۇددى باھاردەك ئىللىق تۈس ئېلىشقا باشلاپ، ھەممە جايدا يېڭىلىق بەلگىلىرىنىڭ بىخ سۈرۈشكە باشلىغانلىقىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

مەسىلەن:

ئىللىق ئاپتاپ يايماقتا ئېتەك،
يېشىللىققا ئورالدى ھەر يان.
بۇ يېشىللىق ھايات بەلگىسى،
بۇ ئاجايىپ جۇشقۇنلۇق جەريان.

دېمەك، شېئىرنىڭ رىتىم ۋە قاپىيىلىرى بىر-بىرىگە ئورگانىك ھالدا ماسلىشىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، شېئىر تەبىئىي ئاھاڭدارلىقنى شەكىللەندۈرگەن.

شائىرنىڭ بۇ شېئىرى باھار مەنزىرىسى ھەققىدىكى تەبىئىي كۆرۈنۈشنى ئۆزىگە ھېسسىيات ۋە ئىلھام بۇلىقى قىلىپ تۇرۇپ، ئىلغار پىكىر ۋە مەزمۇننى ئىپادىلەپ بەرگەن. شېئىردىكى تەسەۋۋۇرمۇ ناھايىتى مول بولۇپ، ئوقۇغان كىشىدە ئېستېتىك زوق ھاسىل قىلىدۇ.

خۇلاسىلىغاندا، شائىر بۇ شېئىرىدا باھارنىڭ كېلىشى بىلەنلا ھەممە يەرنىڭ يېشىل تۈسكە كىرىپ، قۇشلار بەس-بەستە سايراشقا

باشلىنىشىغانلىقىنى، تەبىئەتكە ھۆسن قوشۇلۇپ دېھقانلارنىڭ ئېتىزلارغا جەڭ ئېلان قىلىپ يېڭى بىر يىللىق مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن ئىش باشلىغانلىقىنى قىزغىن ھېسسىياتى بىلەن تەسۋىرلەپ، كىشىلىك ھاياتتىكى يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى قىياپەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇغان. شائىر شېئىرىدا ھېسسىياتنى چىن ۋە ھەقىقىي كۆرۈنۈشلەردىن ھاسىل قىلغان بولغاچقا، بۇ شېئىر كىتابخانغا تولىمۇ جۇشقۇن كەيپىيات بېغىشلايدۇ. بىزگە مەلۇم، بەدىئىيلىكى تۆۋەن شېئىر مەزمۇنى ھەرقانچە ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ كىتابخانلاردا ھېچقانداق بەدىئىي زوق پەيدا قىلالمايدۇ. شېئىردىكى بەدىئىيلىك دېگىنىمىز، شائىرلارنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبى، ماھارىتى، ئەدەبىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى، ئېستېتىك تۇيغۇ-ھەۋەسلىرى، غايىسىنىڭ ئەسەردە ئىپادىلىنىشىدۇر. بۇ ئادەتتە تىل، ھېسسىيات قاتارلىقلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى دەل جايىدا قوللىنىلسا، شائىرنىڭ شېئىردا دېمەكچى بولغان ئوي-پىكرى، ئىدىيىسى تولۇق گەۋدىلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن شېئىرنىڭ كىتابخاننى زوقلاندۇرۇش كۈچىمۇ ئاشىدۇ.

شائىرنىڭ مەزكۇر شېئىرى تىلى ئىخچام، ئاددىي، ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك، ھېسسىياتلىق بولۇپ، بۇ شېئىرنى كىشى ئاپئاق قار جاھاننى قاپلىغان قىش كۈنلىرىدە ئوقۇسا ئۆزىنى خۇددى باھار پەسلىدە قۇشلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتقاندەك كەيپىياتتا ھېس قىلىدۇ.

شېئىرىي ماھارەت، شائىرنىڭ ئۆز يۇرىكىدە تاۋلىنىپ چىققان پىكرىنى ئېنىق، جۇشقۇن، ئىخچام ۋە ئاھاڭدار ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ. شېئىرىي ماھارەتنى گەۋدىلەندۈرگۈچى بۇ تۆت تۈرلۈك ئامىل شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. تۆۋەندە بۇ ھەقتە ئايرىم-ئايرىم توختىلىپ ئۆتەيلى:

1. ئېنىقلىق.

ئېنىقلىق— مەزمۇنغا قارىتىلغان بولۇپ، شېئىرنىڭ مەنىسى ئېنىق، روشەن بولۇش دېگەنلىكتۇر. شېئىردا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، شائىر ئۆزىنىڭ ئادىي، چۈشىنىشلىك تىلى بىلەن باھارنى، قايناق ئەمگەكنى، مول-ھوسۇل ئۈمىدىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. مەسىلەن:

ۋادىلارنى سۆيۈپ، ياشنىتىپ،
ئۆچۈپ ئۆتەر ئىللىق شامااللار.
قىرغاقلارغا چاچىدۇ ئۈنچە،
سۇيى ئوىناق دەريا-قانااللار.

شېئىرىيەتتىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر شېئىرىي تىلنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ راۋانلاشتۇرۇپ، ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر بۇ شېئىردا جانلاندۇرۇش، سىمۋول، ئوخشىتىش، سۈپەتلەش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىشتە ناھايىتى يۇقىرى ئۈنۈم ياراتقان. مەسىلەن:

جاراڭلايدۇ مېھنەت ناخشىسى،
ئېتىز گويا شاۋقۇنلۇق دېڭىز.
.........
كۆكۈچ ئاسمان، كۈمۈش بۇلۇتلار،
بۇلاقلاردا ئوينار جىمىرلاپ،

مانا بۇ مىسرالاردىكى «مېھنەت ناخشىسى»، «شاۋقۇنلۇق دېڭىز»، «ئوينار جىمىرلاپ» دېگەندەك سۆزلەر شېئىرىي مەزمۇننى تېخىمۇ يۇقىرى روشەنلىككە كۆتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

2. جۇشقۇنلۇق

جۇشقۇنلۇق — شېئىرىي ھېسسىياتقا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ شېئىرنى ئوقۇغان كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، ئۇنىڭ روھىنى ئۇرغۇتالايدىغان ۋە مەردانە كەيپىيات، جەڭگىۋارلىق روھ پەيدا قىلالايدىغان بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. تۆمۈر داۋامەت بۇ شېئىرىغا ناھايىتى جۇشقۇن ھېسسىياتنى ۋە ئۇمىدۋار روھنى سىڭدۈرگەن. بۇنى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن ھېس قىلغىلى بولىدۇ مەسىلەن:

بېغىشلايدۇ دىلغا زوق-ھۇزۇر،
قۇش-قاناتلار نەغمە-ناۋاسى.
ئايان بولار بۇنىڭدىن ئەلگە،
بۇ باھارنىڭ قەدرى-باھاسى.

يەر باغرىنى تىلىدۇ ساپان،
ئىشەنچ بىلەن چېچىلار ئۇرۇق.
نەۋباھاردىن سۆيۈنگەن دىللار،
كېپىللىك قىلار ھوسۇلغا تولۇق.

دېمەك شائىر ئۆز ھېسسىياتىنى ناھايىتى جۇشقۇن ئىپادىلەپ، باھار پەسلىدىكى ئەمگەكنى ھەمدە بۇ ئەمگەكتىن ئالىدىغان مول ھوسۇلغا بولغان ئۇمىدۋار روھنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

3. ئىخچاملىق

ئىخچاملىق — ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن سۇپىتىگە، ھەجمىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئەسەردىكى پىكىرلەر زىچ جىپسىلاشتۇرۇلۇپ ئارتۇقچە سۆز-ئىبارىلەر بولمىغان دېگەنلىكتۇر.

شائىر بۇ شېئىرنى يېزىشتا پىكىرنى ناھايىتى مەركەزلىك ھالدا يىغىنچاقلاپ، ئاز سۆز بىلەن كەڭ مەننى ئىپادىلەپ، شېئىردا ئىخچاملىقنى ئىشقا ئاشۇرغان. مەسىلەن:

نەم ھاۋانى ئۇرۇپ دىماغقا،
تاۋلىنىدۇ قارىيىپ ئېتىز.
جاراڭلايدۇ مېھنەت ناخشىسى،
ئېتىز گويا شاۋقۇنلۇق دېڭىز.

دېمەك، شائىرنىڭ بۇ بىر كۇپلېت شېئىرىدىن بىز باھارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، دېھقانلارنىڭ زور ئۈمىدلەر بىلەن ئېتىز ئىشلىرىنى باشلىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. بىر پۈتۈن شېئىردىكى ئىدىيىۋى مەزمۇن مۇشۇ بىر كۇپلېتقا يىغىنچاقلانغان دېيىشكە بولىدۇ.

4. ئاھاڭدارلىق

ئاھاڭدارلىق — شەكىلگە قارىتىلغان بولۇپ، شېئىرنىڭ ۋەزنى يەڭگىل، تۇراقلىرى ئېنىق، ئوقۇشقا راۋان بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. شائىر بۇ شېئىرنى يازغاندا ئاھاڭدارلىققا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئاھاڭدارلىقنىڭ مۇھىم شەرتى بولغان رىتىم ۋە قاپىيىگە دىققەت قىلغان. شېئىرنىڭ راۋان بولۇشىدەك بىرخىل ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئىللىق ئاپتاپ يايماقتا ئېتەك،
يېشىللىقتا ئۇرالدى ھەريان.
بۇ يېشىللىق ھايات بەلگىسى،
بۇ ئاجايىپ جۇشقۇنلۇق جەريان.

شائىرنىڭ بۇ شېئىرى باھار مەنزىرىسى ھەققىدىكى تەبىئىي كۆرۈنۈشنى ئۆزگىچە ھېسسىيات ۋە ئىلھام بۇلىقى قىلىپ تۇرۇپ، ئىلغار پىكىر ۋە مەزمۇننى ئىپادىلەپ بەرگەن. شېئىردىكى تەسەۋۋۇرلارمۇ ناھايىتى مول بولۇپ، ئوقۇغان كىشىدە ئېستېتىك زوق ھاسىل قىلىدۇ.

ئومۇمەن، شائىر ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى باھارغا بولغان قايناق ھېسسىياتىنى باھار پەسلىگە، بۇ گۈزەل كائىناتنى ئويغىتىپ يېڭى ھاياتتىن، يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان خاسىيەتلىك پەسىلگە بولغان بەدىئىي ئويلىنىشنى شېئىرىي پىكىر يۈكسەكلىكىدە ئوتتۇرىغا قويغان. قارىماققا بۇ شېئىر بىر باھار پەسلىگە بولغان شائىرنىڭ چوغدەك ھېسسىياتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئاددىيغىنا شېئىردەك تۇيۇلىدۇ، ئەمما، شائىر شېئىردا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن باھارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى بىلەن يېڭىچە دەۋرنىڭ، يېڭى شاد زاماننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئۆز-ئارا جىپسىلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەپ، شېئىرنى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئېنىقلىق، جۇشقۇنلۇق، ئىخچاملىق، ئاھاڭدارلىقتەك ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلغان.

شائىر ئۆز شېئىرىدا سىمۋوللۇق ئۇسۇل بىلەن ئۈمىد، ئىشەنچلەرگە تولغان، شۇنداقلا گۈزەل ئارزۇ-غايىلەر بىلەن تولغان زامانىمىزنى خۇددى باھارغا ئوخشاش يەر-زېمىننى يېشىللىققا تولدۇرۇپ، يۈرەكلەرنى ياشنىتىپ تۇرىدىغان ئۈمىدلىك پەسىل

قىياپىتىدە تەسۋىرلىگەن. زامانەم شادلىقنى ھەرقايسى جايلاردىكى بەس-بەس بىلەن مەيدانغا كېلىۋاتقان مول ھوسۇل شادلىقىغا، ئېتىز قىرلىرىدا سايرىشىۋاتقان قۇشلارنىڭ نەغمە كۈيلىرىگە، شۇنداقلا كەڭ تۇرمۇشنىڭ قاينام-تاشقىنلىرىدا ياڭراۋاتقان ئەمگەك ناخشىلىرىغا ئوخشىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ئىسلاھاتقا يېقىندىن ماسلىشىپ، بەلنى چىڭ باغلاپ، يۈرەكلىك ھالدا يېڭى دەۋرنىڭ ياڭراق ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، تىرىشىپ گۈزەل تۇرمۇش، بەختىيار زامان ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلىرى ئۈچۈن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تۆھپە قوشۇشقا چاقىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

# 22. ۋاپادارلىق ناخشىسى

## — «مۇھەببەت-سۆيگۈگە تولسۇن كەڭ ئالەم» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

شېئىردا شائىر چىن-پاك مۇھەببەتنى ئۇلۇغلىغان. ۋاپادارلىق، چىنلىق، سەمىمىيلىك ئۇستىگە قۇرۇلغان مۇھەببەت ئەڭ پاك، ئەڭ گۈزەل مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

شائىر شېئىرنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىدا، يېنىمدا بىر ۋاپادار نىگار بولسا، ئۇ سېنىڭ «بەخت-ئامىتىڭ»، ھەرقانداق ئىشتا «مەدەتكار تايانچىڭ» سېنىڭ ئەركىن پەرۋازىڭدىكى «سۇنماس قاناتىڭ»، مۇشكۇل سەپىرىڭدىكى «تاغدەك يار-يۆلىكىڭ» بولالايدۇ، دەپ يېزىش ئارقىلىق ۋاپادار نىگارنى بەخت-ئامەتكە، مەدەتكار تايانچىغا، سۇنماس قاناتقا، سەپەردىكى يار-يۆلەككە ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەن. شېئىرنىڭ ئىككىنچى كۇپلېتىدا، دىلىڭغا مېھىر-ۋاپا ئۇرۇقلىرى قانچە كۆپ چېچىلسا، سېنىڭ غەيرەت كۈچ مادارىڭ شۇنچە ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق جاپالارنى، توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ شان-شەرەپلەرگە ئىگە بولالايسەن، دېيىش ئارقىلىق مېھىر-ۋاپادىن سۇ ئىچكەن دىللارنىڭ غەيرەت، كۈچ-قۇدرەتكە تولىدىغانلىقى، ھەرقانداق جاپالىق توسقۇنلارنى يېڭىپ، يۈكسەك چوققىغا ئۆرلەيدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. شېئىرنىڭ ئۈچىنچى كۇپلېتىدا، سەن نىگارىڭنى ئەزىزلە، ئۇنى چىن دىلىڭدىن ھۆرمەتلە، ۋاپادار نىگارنى خار

ئېيلەش، ھەقىقىي يىگىتلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس، سەن قانچە ۋاپادار، چىن ئاشىق بولساڭ، بۇ دۇنيا شۇنچە گۈزەل ھەم ئىللىقلىققا تولىدۇ، دەپ يېزىش ئارقىلىق ئۆز يارىغا ۋاپادار بولغاندا، ھۆرمەتلەپ-ئىززەتلىگەندە، كۆيۈنگەندە چىن مۇھەببەت گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلىپ، كەڭ ئالەمنىڭ ئىللىقلىققا، سۆيگۈ-مۇھەببەتكە تولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت يارقىن تەسىراتنى ئىپادىلىنىدۇ. شېئىردا يەنە، ھەقىقىي، چىن مۇھەببەت ئىگىلىرى مەدھىيىلەنگەن ۋاپادارلىقنىڭ ئىنسان قەلبىنى نۇرلاندۇرۇپ، كىشىنى يېڭىلمەس كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقىدەك مېھرى كۈچ ئۇلۇغلانغان. شائىر ئۆز شېئىرىدا، ئوبرازلىق تىللار بىلەن بۇ كۆزقاراشنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

ۋاپادار نىگارىڭ بەخت-ئامىتىڭ،
مەدەتكار تايانچىڭ، سۇنماس قاناتىڭ.
سەپەردە بولسا ئۇ تاغدەك يار-يۆلەك،
ئېگىلمەس شەمشادتەك تىكتۇر قامىتىڭ.

دېمەك، رېئال تۇرمۇشتىكى ئىنسانلاردا بار بولۇشقا تېگىشلىك ۋاپادارلىق، سادىقلىق تۇيغۇلىرى شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدا ئاجايىپ مەنتىقىلىق ھەم تەسىرلىك قىلىپ سۈرەتلەنگەن. بۇ شېئىرنى ئوقۇغاندا ئابستراكت ئۇقۇملار گويا كونكرېت كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىپ، بىزگە ۋاپادارلىقنىڭ تاغ كەبى يۈكسەكلىكىنى نامايان قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىمىز. شائىر بۇ شېئىردا ۋاپادار نىگارنى بەخت-ئامەتكە، مەدەتكار تايانچىغا، سۇنماس قاناتقا، تاغدەك يار-يۆلەككە، ئېگىلمەس-سۇنماس شەمشادقا ئوخشىتىش ئارقىلىق شېئىرنىڭ جانلىقلىقىنى، ئوبرازچانلىقىنى، جەلپ قىلىش كۈچىنى

زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.

شېئىر يەنە مېھىر بۇلاقتىن سۇ ئىچكەن دىللارنىڭ ھەرقاچان كۈچ-قۇدرەتكە تولۇپ ھەرقانداق جاپا-مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، زەپەر قۇچىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ھەقىقىي چىن سۆيگۈ-مۇھەببەت، ۋاپادارلىققا مەدھىيە ئوقۇغان. بۇ شېئىر بىر پارچە گۈزەل مۇھەببەت لىرىكىسى بولۇپ، ئىنتايىن گۈزەل، تەسىرلىك ھېسسىيات تەلقىنلىرى بىلەن تويۇنغان. شېئىرنى ئوقۇش ئارقىلىق شېئىردا ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي، چىن، گۈزەل بولغان مۇھەببەتنى كۆرەلەيمىز. ۋاپادارلىقنىڭ، ساداقەتنىڭ، گۈزەللىكنىڭ كىشى قەلبىنى، شۇنداقلا پۈتۈن ئالەمنى نۇرلاندۇرىدىغانلىقىنى، سۆيۈندۈرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. شېئىردا تەسۋىرلەنگەن مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، ئىللىقلىق ھەقىقىدىكى سۆيگۈ ناخشىسى ئۆزىدىكى قايىل قىلىش كۈچىگە باي، تەسىرچانلىقى يۇقىرى بولغان پىكىرلىرى بىلەن بىزنى گۈزەل، يېقىملىق ھېس-تۇيغۇلارغا چۆمۈلدۈرىدۇ. شۇنداقلا بىزنى ھەقىقىي، چىن، ۋاپادارلىق يېغىغا باشلاپ كىرىدۇ. ۋاپادارلىق، سادىقلىق بىلەن رېئاللىقنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ ئىناق دۇنيا يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

مۇھەببەت مەڭگۈلۈك تېما، بىز ئۆزىمىزدىكى ۋاپادارلىق، ساداقەتمەنلىك، ئىللىقلىق گۈللىرىنى پورەكلەپ ئېچىلدۇرالىغان ۋاقتىمىزدىلا ھەقىقىي، چىن مۇھەببەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ھېس قىلالايمىز. شۇنداقلا شېئىردا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك، دۇنيانىڭ ئىللىقلىقىنى، گۈزەللىكىنى تونۇپ يېتەلەيمىز.

دېمەك، شېئىردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، ئىنسان مېھىر-ۋاپاغا موھتاج. شۇنداقلا يەنە مېھىر-ۋاپا، ساداقەتمەنلىك كۆرسەتكۈچىدۇر. مېھىر-ۋاپا ئىنسانلارنىلا

بىر-بىرىگە گۈزەل قىلىپ كۆرسىتىپ قالماستىن، يەنە پۈتكۈل ئالەمنىمۇ گۈزەللىككە پۈركىيەلەيدۇ. بىر-بىرىگە ھەقىقىي ۋاپادار، مەڭگۈلۈك ھەمراھلار چىن سۆيگۈ، چىن ئەقىدە ئۇستىگە مۇستەھكەم قۇرۇلغان پاك مۇھەببەتنى قەدىرلەپ، ساداقەتمەنلىك، ۋاپادارلىق بىغىدا ئۆزئارا كۆيۈنۈپ، بۇ قىسقىغىنا ئۆتەڭدىكى ھايات يوللىرىدا بىر-بىرىنىڭ تاغدەك يۆلەنچۈكى، ئېگىلمەس-سۇنماس قانىتى، مەڭگۈلۈك سىردىشى بولۇشى لازىم. ھاياتلىقتىكى جاپا-مۇشەققەتلەردە كۆرمىگىلىغان توسالغۇلارنى ئۆرۈپ تاشلاشتا مېھىر-مۇھەببەت بۇلىقىدىن سۇ ئىچكەن دىللىرىنى كۈچ-قۇدرەتكە تولدۇرۇپ، جاپا-مۇشەققەت داۋانلىرىدىن ھالقىپ، مۇۋەپپەقىيەت چوققىلىرىغا چىقىپ، غەلىبە، شان-شەرەپلەرنى بىرلىكتە تاقاشقا تەييار تۇرۇشى كېرەك. كىشى، ئەزىزى، ئاشىقى بولغان ۋاپادار نىگارىنى خار ئەيلىمەي، ئۇنى قەدىرلەپ، چىن دىلىدىن سۆيۈپ، ھۆرمەتلەپ، مېھىر-مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى، بەخت-ئامەت چېچەكلىرىنى كەڭ كائىناتقا، بۇ گۈزەل ئالەمگە چېچىشى، پۈتكۈل ئالەمنى سۆيگۈگە، مۇھەببەتكە چۆمدۈرۈش ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، شۇنداقلا مەڭگۈلۈك ھەمراھى بولغان ئەزىز ۋاپادارىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى تونۇشى، ئۇنى ئۇلۇغلاش ئارقىلىق پۈتكۈل ئالەمنى سۆيگۈگە تولدۇرۇشى كېرەك.

بىز چوقۇم ئالىيجاناب پەزىلەت تۇرغۇزۇپ بۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىنى مېھىر-مۇھەببەتكە، ۋاپادارلىققا، ساداقەتمەنلىككە چۆمدۈرۈشىمىز، بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىپ بىر-بىرىمىزگە مېھىر-مۇھەببەت ئاتا قىلىشىمىز، ئىناقلىقنى قەدىرلەپ، مېھىر-مۇھەببەت گۈللىرىنى ھەر ۋاقىت كەڭ ئالەمگە چېچىپ، ۋاپادار، ساداقەتمەن كىشىلەردىن بولۇپ، ھاياتىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشىمىز لازىم. مۇھەببەت ئۇ قەلب چىرىغى، ئۇنىڭ

ئوتى ئۆزىنى ھەم ھەرقانداق دىلنىمۇ يورۇتىۋېتىدۇ. بىز بۇ چىراغنى ئېگىز كۆتۈرۈشىمىز لازىم. شۇندىلا، ئىناق، گۈزەل، باياشات تۇرمۇش بەرپا قىلالايمىز.

دېمەك، ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن مەڭگۈلۈك تېما بولغان بۇ ئالەمنى، سۆيگۈ-مۇھەببەتكە تولدۇرۇشتىن ئىبارەت باش تارتىپ بولالمايدىغان ئىنسانىي بۇرچنى تەشەببۇس قىلىش، شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدىكى ئەڭ قىممەتلىك مەزمۇندۇر.

# 23. كۆكلەم سۈرىتى—ئۆزگىرىش سۈرىتى

## —«كۆكلەم ئاۋاتى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

شېئىر—ئالىيجاناب قەلبتىن ئېتىلىپ چىققان يالقۇندۇر. ئىنسان مەنىۋى كۈچىنىڭ مېھرى سۈتىدۇر، ئۇ ھاياتىمىزدىكى مەلۇم كەچمىشلەرنى قەلبلەرگە كۆچۈرۈپ جۇلالاندۇرغۇچى ھېسسىيات دۇردانىلىرىدۇر، ئۇ ئوبيېكتنىڭ سۇبيېكتقا تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان ھاياجان تۇيغۇسىدۇر. شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ «كۆكلەم ئاۋاتى» ناملىق شېئىرى ئەنە شۇنداق ئوتلۇق تۇيغۇ ئاساسىدا يېزىلغان گۈزەل شېئىردۇر.

بۇ شېئىر شائىر كۆرگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەزمۇن ۋە ماھىيىتىنىڭ شائىر سۇبيېكتىدا ئوبرازلىق ئەكس ئېتىشىدىن، شۇنداقلا رېئاللىقتىن سۇزۇۋالغان يېڭى-يېڭى پىكىرلىرىنىڭ لىرىك ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن يارقىن يورۇتۇلۇپ بېرىلىشىدىن بارلىققا كەلگەن. ھېسسىيات ۋە تەسەۋۋۇر شېئىرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى ھەم جېنىدۇر. ئۇنىڭ ھەممە ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە بەدىئىي قىممىتى ئالدى بىلەن ھېسسىيات تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا ھېسسىياتقا تويۇنۇش شېئىرنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىزگە مەلۇم، شائىر تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى كۆزەتكەن، ھاياتتىكى رېئال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەن، ئىزدەنگەن چاغلاردا ھامان تۇرمۇشنىڭ يۈرەكلەرنى سەگىتىدىغان، كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان ياكى مۇھەببەت-نەپرەت

تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان ماھىيەتلىك، تەسىرلىك بىر كۆرۈنۈشكە دۇچ كېلىدۇ. دەل مۇشۇنداق ئالاھىدە شارائىتتا، شائىرلىق ئىلھامى تېشىپ، كىشىنى قايىل قىلىدىغان ياخشى شېئىرلارنى تەۋەللۇت قىلىدۇ. مۇشۇنداق ھاياجانلىق ھېس-تۇيغۇ شائىرنىڭ بەدىئىي غايىۋى مەقسىتىنى، شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى، بەدىئىي مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بىز شائىرنىڭ «كۆكلەم ئاۋات» ناملىق شېئىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مىسرالاردا مال-چارۋىلارنىڭ پاراۋان ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ماللارنىڭ ياپيېشىل يايلاقلاردا توپ-توپ بولۇپ ئوتلاپ يۈرگەنلىكى، ماللارنىڭ سېمىز، تۆللىرىنىڭ ياخشى بولغانلىقى، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭمۇ ماللىرى ئاۋۇپ ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە بولغانلىقى ۋە ھەرقايسى جەھەتلەردىن تۇرمۇش ياخشى كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، چېھرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىدەك بەختىيار ھالەت تەسۋىرلەنگەن.

شائىر چارۋىلارنىڭ كۆكلەمگە قاراپ كۆچۈش ھالىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، كەڭ چارۋىچىلارنىڭ يېڭى سىياسەت، يەنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە باي بولۇپ، يېڭى سىياسەتنىڭ ئۇلارغا ئامەت ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان قاينام تاشقىنلىق مەنزىرىنى ئوبرازلىق تىللار بىلەن جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

شائىر چارۋىچىلارنىڭ خۇشاللىقى ئارقىلىق بىر پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىش ۋە خۇشاللىققا مەدھىيە ئوقۇغان. شائىر مال-چارۋىلارنىڭ كۆكلەمگە كۆچۈش مەنزىرىسىنى مۇنۇ مىسرالاردا تولىمۇ جانلىق ۋە سەممىيلىك بىلەن ئىپادىلەيدۇ:

پاھ، سۇرۇلگەندەك رەڭدار بولۇتلار،
كۆچمەكتە ماللار كۆكلەمگە قاراپ.
جاراڭلار خۇشال شاۋقۇن-سۈرەنلەر،
باھار پەيزىگە چۆمۈلدى ئەتراپ.

شائىر كېيىنكى مىسرالىرىدا مالچىلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ چېھرىدىكى تەبەسسۇملارنى، قەلبىدىكى خۇشاللىقنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

"مالىڭ ئامانمۇ؟" — بۇ گەپ كۆكلەمدە،
سالام ئورنىدا ئىززەت-ئېھتىرام.
مال ئۇچۇن كۆيۈپ يانغان دىللارنىڭ،
تەپتى شۇ سۆزدىن ئاياندۇر تامام.
ئاشۇ سۆز بىلەن دىلدىن دىللارغا،
ئېقىپ كىرىدۇ ئوتلۇق ھارارەت.
ئاشۇ ھارارەت يېڭىلمەس بىر كۈچ،
شۇ كۈچ ئەپكېلەر كۆكلەمگە ئامەت.

شېئىردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسلىق پىكىر، مالچىلارنىڭ خۇشاللىقىنى، ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇمنى يېزىش ئارقىلىق ئېلىمىز چارۋا رايونلىرىنىڭ قىياپىتىدىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ۋە قاينام-تاشقىنلىق بېيىش مەنزىرىسىنى مەدھىيىلەشتۇر. پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنى «جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش

توغرىسىدىكى قارارى»نى ماقۇللاپ، يېڭى تارىخىي دەۋردە، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكىدە تۇتقان ئالاھىدە مۇھىم ئورنى، رولى ۋە يۈكسەكلىكىنى ئىلمىي ئاساستا چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق شەرھلىدى، ھەمدە ئۇنىڭغا تارىخىي يۈسۈندا زور باھا بېرىپ، يېزا ئىگىلىكى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ قەددىنى رۇسلاپ، پۇت تىرەپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى، دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيەتلىك يىغىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى جۈملىدىن دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ قەلبىنى چەكسىز شادلىققا چۆمدۈردى. چارۋىچىلىرىمىز بۇ ياخشى سىياسەتتىن پايدىلىنىپ، مال-چارۋا بېقىش ۋە كۆپەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ ئېلىمىز يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىقىنى گۈللەندۈرۈشكە زور ھەسسە قوشتى. چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا باياشاتلىق مەنزىرىسى بارلىققا كېلىپ، بىرخىل جانلىنىش مەنزىرىسى يارىتىلدى. شائىر ئەنە شۇنداق مەنزىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا بۇ شېئىرنى يېزىپ چىققان.

دېمەك، شائىر بۇ شېئىرى ئارقىلىق چارۋىچىلىرىمىزدىكى ناھايىتى زور گۈللىنىش ۋە باي بولۇش ئەھۋالىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ، ئېلىمىز يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىقىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدەك مەنزىرىنى تەخىرسىزلىك بىلەن قەلەمگە ئالغان. رۇس شائىرى ماياكوۋىسكى، «بەزىدە بىر سۆز ئۈچۈن، سۆز كانلىرىدىن پاتمانلاپ سۆز قېزىشقا توغرا كېلىدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان ئىدى. شائىرىمىزمۇ بۇ شېئىردا سۆز تاللاشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، بىز شېئىرغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ئىشلىتىلگەن «مالىڭ ئامانمۇ؟» دېگەندەك چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا خاس سۆزلەرنى ئىشلىتىپ،

مال-چارۋىچىلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ يوسۇنلىرىدىن بىزگە خەۋەر بەرگەن.

شائىر چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى تەسۋىرلىگەندە شۇ خىل تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنى تاللاشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەچكە، شېئىرنىڭ مىللىي پۇرىقى ۋە ئوبرازچانلىقى تېخىمۇ ئاشقان. ئومۇملاشتۇرغاندا «كۆكلەم ئاۋات» ناملىق شېئىردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيە بىلەن ئىپادىلەنگەن مەنزىرە ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۇرۇلۇپ كىشىگە بىرخىل يېڭىچە تەسىرات ھەم يېڭىچە تۇيغۇ بېغىشلايدۇ.

شېئىرنى مالچىلارنىڭ خۇشاللىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقتىكى بىرلا كۆرۈنۈش ئارقىلىق بىر پۈتۈن رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى روشەن ھالدا ئېچىپ بەرگەن، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بۇ شېئىر مەيلى ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتىن بولسۇن ئۆزىگە خاس پۇراققا ۋە رەڭگە ئىگە شېئىر. جەمئىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمۇ مەزمۇن ھەم شەكىل جەھەتتىن كۆنسېرى يېڭىلىنىپ تۇرماقتا، سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ۋە خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ شېئىرىيىتىمىزنىڭ پىكىر جەھەتتىكى ۋە تىل جەھەتتىكى ساپاسىمۇ بارغانسېرى ئاشماقتا، شېئىرىيىتىمىز ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىۋى تېما قاتلاملىرى بولغان قاينام-تاشقىنلىق سىنىپىي كۈرەش ۋە ئىجتىمائىي كۈرەش دەۋرىگە ئائىت تېما قاتلاملىرىدىن ھالقىپ، بۈگۈنكى دەۋرنى، ھازىرقى زاماننى، رېئال تۇرمۇشنى، ھازىرقى كىشىلىرىمىزنىڭ پىكىر-ھېسسىياتلىرىنى، غايە-ئىستەكلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان

بىرقەدەر نازۇك تېما قاتلاملىرىنىمۇ شەكىللەندۈرمەكتە. بۇ شېئىر دەل مۇشۇنداق قاتلامدىكى ياخشى شېئىر ھېسابلىنىدۇ.

شېئىرىي ئەسەردىكى شېئىرىي پىكىر ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق پىكىر كۆپ ھاللاردا شائىرنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش، تەپەككۇر يۈرگۈزۈش، ھەقىقەتنى ئىزدەش نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ. شائىرنىڭ يۇقىرىقى شېئىرلىرىدا، شائىر مالچىلار تۇرمۇشىنى ئىنچىكە، تەپسىلىي، كۆزەتكەندىن سىرت يەنە مالچىلار تۇرمۇشىدا بارلىققا كېلىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى تەپەككۇر كۆزى بىلەن بايقىغان. ئاخىرىدا ئېلىمىز قىياپىتىدە بارلىققا كېلىۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن ئىبارەت ھەقىقەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلىگەن. شېئىردىكى شېئىرىي تىل نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شائىر بۇ شېئىردا ئوبرازلىق، ئىخچام، يېنىك تىللارنى قوللىنىش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە بىرخىل ئازادىلىك تۇيغۇسى بېرىدۇ. شېئىردا قوللىنىلغان تىل ئاددىي، خەلق تىلىغا يېقىن، يېقىملىق بولۇپ، شائىرنىڭ قايناق ھېسسىياتىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن ھەم شېئىردىكى بەدىئىي زوقنى كۈچەيتكەن.

# 24. گۈزەل غايە، شجائەتتىن ھاسىل بولىدۇ

## —«غايە ۋە شجائەت» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

غايە— ئادەمنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان نۇرلۇق مەشئەل. ئادەم ياشاش جەريانىدا چوقۇم مەلۇم نىشاننى ئۆزىگە غايە قىلىپ تاللايدۇ. ۋە شۇ غايىگە يېتىش ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلىدۇ. ئەمما ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ غايىسىگە يېتىشى ناتايىن. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئادەمدە غايە بولغان بىلەن شجائەت كەم بولسا بولمايدۇ. غايىسىز ئادەم قۇرۇق قاقشال دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئۇ يا كۆكلىمەيدۇ، يا ياشنىمايدۇ، ئاخىرى چىرىپ تۈگەيدۇ. لېكىن غايە بولۇپ شجائەت بولمىسا يەنىلا ئوخشاش نەتىجە بولمايدۇ. بۇ شېئىردا شائىر غايە بىلەن شجائەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ياخشى سۈرەتلەپ بەرگەن. ئادەمدە غايە بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنىڭدا چوقۇم غايىگە يەتكۈدەك شجائەت بولۇشى كېرەك. شائىر شېئىردا ئادەم توختىماي تىرىشقاندا، غەيرەت-شجائەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىگەندە، چوقۇم يەتمەكچى بولغان غايىسىگە يېتەلەيدۇ، دېگەن پەلسەپىۋى ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان. غايە— ئادەمنىڭ يەتمەكچى بولغان نىشان، ئارزۇسى، شجائەت بولسا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. ئادەمدە غايە بولۇپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان شجائەت بولمىسا، ئۇ غايە پەقەت غايە پېتى قېلىۋېرىدۇ، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

بىزدە «ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق» بولۇپ قالسا بولمايدۇ. ئوخشاشلا غايە بولۇپ، شىجائەت بولمىسا، ئۇنداق غايىنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئۇ پەقەت بىر خام خىيال بولۇپ قېلىشتىن خالاس!

غايە بىلەن شىجائەت ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇ ئىككىسى بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ. بىرسى كەم بولسا يەنە بىرسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئادەم تىرىشماي، شىجائەت كۆرسەتمەي، بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا ئېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن بىز شېئىرنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىغا قارايدىغان بولساق:

ئوڭ قانىتىڭ غايىدۇر، سول قانىتىڭ شىجائەت،
غايە بىلەن شىجائەت ئىقبالىڭغا كاپالەت.
تىكلىمىسەڭ چىن غايە قاراڭغۇدۇر نىشانىڭ،
ماڭساڭ ئەگەر نىشانسىز، باسار پېشكەل-پالاكەت.

بۇ شېئىرنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسىغا قارايدىغان بولساق، غايە ۋە شىجائەت ئادەمنىڭ ئوڭ ۋە سول قانىتىغا ئوخشىتىلغان. مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا غايە بىلەن شىجائەتمۇ ئادەمنىڭ ئوڭ ۋە سول قولىدەك ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. غايە بىلەن شىجائەت بولغاندىلا ئاندىن ئادەم ئۆمرىدە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى يارىتالايدۇ. كېيىنكى ئىككى مىسراسىغا قارايدىغان بولساق، شائىر چوڭقۇر قىلىپ، غايە ئادەمنىڭ نىشانى، ھەربىر ئادەم بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندىن باشلاپ، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا يەتمەكچى بولغان مەلۇم نىشان، ئارزۇ-ئارمىنى بولىدۇ. ئارزۇ-ئارمانسىز، نىشانسىز ئادەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئادەمدە نىشان بولمىسا، ئۇ قايسى ئىشنى قىلىپ، قايسىنى قىلماسلىقنى، قايسى يولدا

مېڭىش، قايسىدا ماڭماسلىقنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ. بۇنداق گاڭگىراش ئاخىرى ئادەمنى ھالاكەتكە، پېشكەللىككە باشلاپ بارىدۇ. گۈزەل غايە ھەمدە شۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان شىجائەت بولغاندا، كىشى شۇ غايىسى يولىدا توختىماي ئىرىشقاندا، چوقۇم گۈزەل ئەتىنى، كەلگۈسىنى يارىتالايدۇ. ئادەمدە گۈزەل غايە ھەمدە شىجائەت بولغاندا، ئۇنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ، دەيدۇ. ئادەمدە گۈزەل غايە بولسا، بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن توختىماي ئىرىشسا بۇ غايىسى ئەمەلگە ئاشماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ غايە ئەمەلگە ئاشتى دېمەك، ئۇنىڭ گۈزەل كەلگۈسى يارىتىلدى دېمەك. ئادەم ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت، خۇشاللىق بارمۇ؟

غايە شارائىتتىن ئۈستۈن تۇرۇندا تۇرىدۇ. لېكىن جەمئىيەتتىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالماي ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ.

مەسىلەن: شېئىرنىڭ ئىككىنچى كۇپلېتىغا قارايدىغان بولساق مۇنداق مىسرالار بار:

غايەڭ ئۈچۈن غەيرىتىڭ، شىجائىتىڭ بولمىسا،
يېتەلمەيسەن مەنزىلگە، قۇچالمايسەن سائادەت.
شۇڭقار كەبى ئۆرلىسەڭ قانات قېقىپ پەللىگە،
يۈز ئاچىدۇ ئالدىڭدا نى مۆجىزە—كارامەت.

غايە بىلەن شىجائەت بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ. غايە بولمىسا ئادەم ئۆز نىشانىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. نىشانسىز ئادەمنى چوقۇم پالاكەت باسىدۇ. شۇڭا ئادەمدە غايە بولۇشى كېرەك، لېكىن غايە

بولسىلا كۆپايە قىلمايدۇ. جەزمەن مۇشۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان يۈكسەك غەيرەت شىجائەت بولۇشى كېرەك.

ئادەم ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا توختىماي تىرىشقاندا، شىجائەت كۆرسەتكەندە جەزمەن يەتمەكچى بولغان مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. مۆجىزە يارىتىپ، شان-شەرەپ قۇچالايدۇ. يەنە شېئىرنىڭ ئۈچىنچى كۇپلېتىدا مۇنداق مىسرالار بار:

چىڭ باغلىساڭ بېلىڭگە چىن ئىرادە كەمىرى،
باش ئېگىدۇ قۇل بولۇپ مۇشكۇل دېگەن قاباھەت.
دەشت-چۆللەرنى باغ قىلساڭ، ئەل ئاغزىنى ياغ قىلساڭ،
ئۇنتۇمايدۇ، ئەجرىڭنى مەڭگۇ ئەسلەپ جامائەت.

بۇ كۇپلېتلارغا قارايدىغان بولساق، بۇنىڭدىمۇ ئادەم قەتئىي ئىرادىلىك بولۇپ، غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا توختىماي، تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، ھامان ھەرقانداق جەبىر-جاپا ۋە مۇشكۇللەردىن، قىيىنچىلىقلاردىن غالىب كېلىدۇ. ئۆز نىشانى-غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئەل-جامائەت ئۈچۈن ئازراق تەر تۆكۈپ، ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنىڭ خەلق قەلبىدىن مەڭگۇ ئورۇن ئالىدىغانلىقى ۋە خەلقنىڭ ئۇنى مەڭگۇ ئۇنتۇمايدىغانلىقىدەك مەزمۇن ئەكس ئەتكەن. «غايە ۋە شىجائەت» ناملىق بۇ بىر پارچە شېئىردا ئاپتور، تىرىشقاندا، توختىماي شىجائەت كۆرسەتكەندە، ئۆز غايىسىگە ۋە نىشانىغا يەتكىلى بولىدىغانلىقىدەك پەلسەپىۋى ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇ بىر پارچە شېئىرنىڭ تىلى ئىنتايىن جانلىق، گۈزەل، ئاددىي. شېئىردا ئوخشىتىش، مۇبالىغە قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر قوللىنىلغان. مەسىلەن: «ئوك قانىتىڭ غايىدۇر، سول

قانىتىنىڭ شىجائەت» بۇ يەردە ئوڭ قانات بىلەن سول قانات، ئوڭ ۋە سول قولغا ئوخشىتىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا «شۇڭقار كەبى ئۆرلىسەڭ، قانات قېقىپ پەللىگە» دېگەن بۇ مىسرادا مۇبالىغە قوللىنىلغان.

«يۈز ئاچىدۇ ئالدىڭدا نى مۆجىزە— كارامەت،
چىڭ باغلىساڭ بېلىڭگە چىن ئىرادە كەمىرى،

باش ئېگىدۇ قۇل بولۇپ، مۇشكۈل دېگەن قاباھەت.» دېگەن مىسرالاردىمۇ جانلاندۇرۇش، سۈپەتلەش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئىنتايىن جانلىق قوللىنىلغان. بۇ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، شېئىرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئېچىپ بېرىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

دېمەك، بۇ شېئىردا شائىر غايە بىلەن شىجائەتتىن ئىبارەت بىر-بىرىنى شەرت قىلىدىغان، بىرى بولۇپ يەنە بىرى بولمىسا بولمايدىغان ئىككى زەنجىرسىمان زىچ باغلىنىشلىق ئۇقۇمنى ئاددىي، ئىخچام، ئوبرازلىق شېئىرىي تىل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غايە ۋە شىجائەت توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرىنى شەرھلىگەن. شۇنداقلا ئادەمنىڭ ياشاش جەريانىدىكى، ھاياتلىق سەپىرىدىكى نىشانى بولغان غايىگە يېتىشتە چوقۇم شىجائەتتىن ئىبارەت مەنىۋى كۈچنىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ھەربىر ئىنساننىڭ گۈزەل، ئالىي غايىلىرى بولىدۇ، بۇ ھاياتتا بەزىلەر گۈزەل غايىلىرىگە يېتىپ خۇشاللىق مىنۇتلىرىغا چۆمىدۇ. بەزىلەر بىر ئۆمۈر ئالىي غايىلەرنى تىكلەيدۇ. ئەمما ئۇ غايىلەر ئەڭ ئاخىرقى نەپىسىگىچە

شۇ پېتى قېلىۋېرىدۇ. شائىرنىڭ بىزگە دېمەكچى بولۇۋاتقىنى دەل مۇشۇ مەسىلە. غايە — بىزنىڭ كۆرەش نىشانىمىز، مەڭگۈلۈك يەتمەكچى بولغان ھاياتلىق سەپىرىمىزدىكى ئالىي نىشانىمىز. بۇ نىشان بىزنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ياشىشىمىزدا، بىر ئۆمۈر خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان، خەلق ئويلىغاننى ئويلاپ ياشايدىغان پاك ئىنسان بولۇش يولىمىزدا روياپقا چىقىدۇ. دانالار غايە ئۈستىدە توختالغاندا، سىنىڭ غايەڭ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك بولۇشى كېرەككى، ئۇ خەلق ئارمىنى بىلەن مەھكەم بىرلەشكەن بولۇشى كېرەك، دەيدۇ. دەرھەقىقەت، شائىر تۆمۈر داۋامەت ئۆز شېئىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان غايە ئەنە شۇنداق خەلق ئارزۇسىنى چىقىش قىلغان ئاكتىپ غايىدۇر. شائىر بۇنداق غايىگە يەتمەكچى بولۇشتەك كۈچلۈك شىجائەتنىڭ بولۇشىنى تەكىتلەپ، كىشىلەرنى گۈزەل غايىگە يېتىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

# 25. يۈكسەك غايە، ئېستېتىك لەززەت

## ——«قەدىرلىك» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

شائىر، «قەدىرلىك» ناملىق شېئىرىدا پاك سۆيگۈنى، مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاپ، ئىنسان قەلبىدىكى چىنلىق ۋە ياخشىلىق بىلەن سۇغۇرۇلغان ئىزگۈلۈكنى ئۇلۇغلىغان، جۈملىدىن ئەمەل، نەپ ئۈچۈن ۋىجدان ساتماي، ھەرقانداق ئىشتا ئەخلاقنى ئاساس قىلىش، ۋاپادار بولۇش، ھاياتنى مەنىلىك، خۇشال ئۆتكۈزۈش، ھەرقانداق ۋاقىتتا بىر-بىرىگە مېھىر-مۇھەببەت ئاتا قىلىش لازىملىقىدەك ئەخلاق ئۆبيېكت قىلىنغان ياخشىلىق تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، جەمئىيەت گۈزەللىك، پاكلىق، ئالىيجانابلىق خىسلەتلىرى بىلەن خۇنۇكلۇك، رەزىللىك، نادانلىق ئىللەتلىرىنىڭ تەڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەبەدىي تاشلىۋېتەلمەيدۇ، شۇڭا خۇنۇكلۇكنى تەنقىدلەپ، ئالىيجانابلىقنى ئۇلۇغلاش شېئىرىيەتتە مۇھىم ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە تېما. دۇنيادا پاك ۋە ھالال ياشاش، باشقىلار ئۈچۈن زەررىچە يامانلىق كۆرسەتمەسلىك، ھەتتا يامانلىق قىلغان كىشىگىمۇ ياخشىلىق كۆرسىتىش بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ئېڭىمىزدىكى مۇھىم بىر تەرەپ. ئۇنىڭدىن باشقا پاكلىق ۋە ئالىيجانابلىق بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم باش تېمىسى، نۇرغۇنلىغان ئەدىبلىرىمىز مۇشۇ تېمىدا ئەسەر يازغان ۋە ئۆزىنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىنى بىزگە مىراس قالدۇرغان. شائىر تۆمۈر داۋامەتمۇ كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، بۇ

تېمىسىنى يەنە بىر قېتىم بىزنىڭ سەممىزگە سالغان. بىز بۇ شېئىردىن ئىنسانىيلىق قەدىر-قىممەت، ئالىيجانابلىق، پاكلىق، غۇرۇر ۋە ۋىجدان قاتارلىق ئىنساننىڭ ئالىي سۈپەتلىرى ۋە نومۇسسىزلىق، خائىنلىق، ۋىجدانسىزلىق قاتارلىق ناچار سۈپەتلىرى ھەققىدە چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە بولىمىز. ھەمدە ئاپتورنىڭ مانا مۇشۇنداق ئاكتۇئال تېمىنى يېزىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن چوڭقۇر تەربىيە بەرگەنلىكىگە قايىل بولماي تۇرالمايمىز. بۇ تېما ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇقەددەس ۋە مەڭگۈلۈك تېمىدۇر.

بىز تۆۋەندىكى مىسرالارغا قاراپ باقايلى:

دۇنيادا ھەممىدىن ئىنسان قەدىرلىك،
ئىنسانغا پاك سۆيگۈ، ۋىجدان قەدىرلىك.
جان پىدا ئەيلىگىن پاك سۆيگۈ ئۈچۈن،
جانغا جان ۋاپادار جانان قەدىرلىك.

يۇقىرىقى كۇپلېتتا، ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ئەڭ قەدىرلىك ئوبيېكت ئىكەنلىكىنى، ئەمما، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك بولىدىغىنى سۆيگۈ، ۋىجدان ئىكەنلىكى شەرتلىك مۇناسىۋەتلەر دائىرىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

شائىر تەكىتلەۋاتقان پاك سۆيگۈ ۋە ۋىجدان يالغۇز ئىنساننىڭ قەلب گۈزەللىكى، مەنىۋى قىياپىتى نۇقتىسىدىنلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەمەس، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى بىلىش، ئۆزىنى ھېس قىلىش، ئۆزىنى ئاڭلىق تەربىيىلەش جەريانلىرىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر خىل گۈزەللىك تەربىيىسى سۈپىتىدە تەكىتلىنىدۇ. شېئىردا بۇ خىل تەربىيە ھەم ھېسسىي ھەم ئەقلىي

جەھەتتە تەڭ ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، قاراتمىلىقى ناھايىتى كۈچلۈك، تەسىرچانلىقى ناھايىتى يۇقىرى بىلىنىدۇ.

شـائـىـر ئۆز شېئىرىدا رېئال ھاياتىمىزدىكى خاراكتېرلىك تەرەپلەرنى ماھىرلىق بىلەن بايقاپ پۈتكۈل ئىنسانىيەت ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ساغلام مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن تۈپ رول ئوينايدىغان مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ مـەسـىـلـىـلـەرنـىـڭ رولـىـغا، بىر-بىرى بىلەن بولغان ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىگە پەلسەپىۋى نۇقتىدىن مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، توغرا ھەم ئىلمىي يەكۈن چىقارغان. بۇ نۇقتىدا بىز شائىرنى ھەقىقىي رېئالىزمچى شائىر، دەپ قارايمىز. شائىر مەنىۋى سۈپەت جەھەتتە يەنە ئىلغار دۇنيا قاراشقا، ئىلغار كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەنە شۇ چاغدا ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان مەسىلىنى تۇرمۇش چىنلىقى ئوبيېكت قىلىنغان بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كـۆتـۈرەلـەيـدۇ ۋە كـىـتـابخانلارغا گۈزەللىك تەربىيىسى ئېلىپ بارالايدۇ.

دېمەك، شائىر بۇ يەردە چىن مۇھەببەتنى، پاك سۆيگۈنى، ۋىجداننى ئۇلۇغلىغان. پاك-دىيانەتلىك ياشاشنىڭ، ساداقەت بابىدىن ھـەر خـىـل گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇشىمىزنىڭ ئىنسان قەلبىدىكى ئورنىنى، رولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. شائىر شېئىردا مۇنداق يازىدۇ:

ئەمەل، نەپ قوغلىشىپ ساتما ۋىجداننى،
ئادەمگە ئەخلاقىي مىزان قەدىرلىك.
قىلمىغىن ۋاپاغا ھەرگىزمۇ جاپا،
دوستىغا يار-يۆلەك مەردان قەدىرلىك.

شائىر بۇ مىسرالاردا يەنە، ئەمەل، مەنپەئەت ئۈچۈن ۋىجداننى

www.uyghurkitap.com

ساتىدىغان ئادەملەرنى قامچىلىغان، ئادەملەر ئۈچۈن ئەخلاقنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. كىشىلەرنى ئۆزئارا ۋاپادار بولۇشقا، ئالىيجاناب ئەخلاق-پەزىلەت ئىگىسى بولۇشقا، دوستىغا سادىق، يار-يۆلەك بولۇشقا، مەيدانى توغرا، مەردانە بولۇشقا دەۋەت قىلىشلىرىدا شائىرنىڭ تەرەققىياتپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر غايىسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شائىر شېئىرنىڭ ئاخىرىدا يەنە:

دۇنيانى ياراتقان ئىنسان ئەمگىكى،
ھالال تەر سىڭگەن نان— تالقان قەدىرلىك.
ۋەتەننىڭ نېمىتى چوڭ قىلدى سېنى،
ھەركىمگە ئانا يەر— ماكان قەدىرلىك.

دەپ يېزىش ئارقىلىق، يۇقىرىدا ئىلگىرى سۈرگەن ھەقىقەتلەرنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. شائىرنىڭ قارىشىچە ئىنساننىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىپ ئىجتىمائىي بەختىنى يارىتىشىدا ئەمگەك سۆيگۈسى بىلەن ۋەتەن سۆيگۈسى ئەڭ مۇھىمدۇر. بۇ خىل سۆيگۈ ئۆز نۆۋىتىدە بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي بەختنىڭ رېئال ئاساسى ۋە كاپالىتىدۇر. ۋەتەن، خەلق، يۇرت بىز ئۈچۈن ئىنتايىن قەدىرلىك، چۈنكى بىز ۋەتىنىمىزدىن، يۇرتتىن، خەلقتىن ئايرىلغان ھالدا يەككە-يېگانە ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايمىز. بىز شۇلار بولغانلىقى ئۈچۈن بەختلىك، يەنە نۇرغۇن قەدىرلىك نەرسىلەرمۇ مەۋجۇت. مۇھىمى بىز ئۇنى بايقىشىمىز، بىلىشىمىز، سېزىشىمىز لازىم. شېئىردا پەقەت پاك ۋىجدان، پاك سۆيگۈ، ۋاپادارلىق چىن ئىنسانى پەزىلەت قىلىپ مەدھىيىلەنگەن بولۇپلا قالماي يەنە كىشىلەرنى ئاچ كۆزلۈك، ھاكاۋۇرلۇق، نادانلىقلاردىن

قول ئۈزۈپ ئورتاق ئىجتىمائىي بەخت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشقا چاقىرغان.

قىسقىسى، شائىر «قەدىرلىك» ناملىق بۇ شېئىردا ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ قەدىرلىك تەرەپلەرنى ئۈچۈق كۆرسەتكەن بولۇپ، ھەربىر كىشىنى ئىنسانىي قەدىر-قىممىتىنى ساقلاپ، ۋىجدان غۇرۇر بىلەن پاك ۋە ھالال ياشاشقا، ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى بولغان ۋەتەن، ئەل-يۇرت، يەنە ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئۇلۇغ تۇپراق ۋە سۆيۈملۈك خەلقى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ، ھەقىقىي ئىنساندەك مەردانە ياشاشقا، ھەرگىزمۇ ۋەتەن ۋە خەلق مەنپەئەتىدىن يۈز ئۆرۈپ، كىچىككىنە نام-شۆھرەت ۋە ئەمەل مەنپەئەتىنى دەپ، ۋىجدانسىزلىق قىلماسلىققا، ئەل-ۋەتەننىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈرمەسلىككە چاقىرغان.

دېمەك، ئاپتورنىڭ، «قەدىرلىك» ناملىق بۇ شېئىرى بىزنى ئىنسانىي غۇرۇر ۋە مېھىر-مۇھەببەت ھەققىدە مول مەزمۇنلار بىلەن تەمىنلەيدۇ ھەم بۇ ھەقتە چوڭقۇر تەربىيە بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# 26. گۈزەل مەنزىرە، شېئىرىي ھېسسىيات

## — «كۆلگىن، قەشقەر» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

شېئىردىكى ھېسسىيات ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن كېلىدۇ. شائىرنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەنگەن گۈزەل كۆرۈنۈشلەر شائىرنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغايدۇ-دە، شېئىرىي ھېسسىيات دولقۇنلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. شائىرنىڭ «كۆلگىن، قەشقەر» ناملىق شېئىرى دەل رېئاللىق قوزغىغان شېئىرىي ھېسسىياتتىن كەلگەن. شائىرنىڭ:

«گۈللىگەن قۇچىقىڭغا كېلىپ بۈگۈن،
قانمىدىم كۆرۈپ بەزمە-شاد تويۇڭنى.
ئېھتىرام، سۆيگۈم ساڭا بولدى دەريا،
ئىھ، سۈيى چايقاپ ئۆتسۇن گۈل بويۇڭنى.»

دېگەن مىسرالىرىدا، ئالدى بىلەن شائىرنىڭ يۇرت مەنزىرىسىنى كۆرگەندىن كېيىنكى ھاياجىنىنى ناھايىتى چىن ئىپادىلىگەن. ئاندىن شائىر يۇرتىنىڭ گۈزەل، تەبىئىي مەنزىرىسىنى تۆۋەندىكى مىسرالار ئارقىلىق جانلىق سۈرەتلەيدۇ:

تەبەسسۇم جىلۋە قىلار ئەل لېۋىدە،
تۇمەندە دولقۇنلىنىپ كۆلكە ئاقار.
باغلىرىڭ جامالىدا چاقنايدۇ نۇر،
گۈل رەڭدار، گۈلدەك گۈزەل ھايات رەڭدار.

بىز بۇ مىسرالاردىن تۇرغۇن ھالەتتىكى گۈزەللىكنى ئەمەس بەلكى سەنئەت كۆچى بىلەن جۇلالاندۇرۇلغان گۈزەللىكنى ھېس قىلىمىز. بىزگە مەلۇمكى، رېئاللىقتىكى گۈزەللىكلەرنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان مەنىۋى لەززىتى ئوخشاش بولمايدۇ، بولۇپمۇ تۇرمۇشتىكى تەبىئىي گۈزەللىكلەر گەرچە چىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىزدە زوقلاندۇرۇش تەسىراتىنى پەيدا قىلىدۇكى، بىزدە يېڭى-يېڭى ئېستېتىك ھەۋەسلەرنى قوزغىيالمايدۇ. تۇرمۇشتىكى گۈزەللىك پەقەت شائىرنىڭ ئېستېتىك ھېسسىياتى، ئېستېتىك غايىسى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتەلىگەندە ئاندىن بۇنداق گۈزەللىك يۇقىرى ئېستېتىك قىممەت ھاسىل قىلىدىغان گۈزەللىككە ئايلىنالايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، شائىرنىڭ يۇقىرىقى شېئىرى ئوبيېكتىپ گۈزەللىك بىلەن سۇبيېكتىپ ئېستېتىك خاھىشى ناھايىتى ياخشى بىرلەشتۈرۈلگەن شېئىر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بىزگە شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ غايىسى ئاساسىدا قايتا يارىتىلغان گۈزەللىك كۆرۈنۈشى بېغىشلايدۇ. شائىر يەنە: «ئىلىم-پەن بابىدا سەن چولپان ئىدىڭ» ، «بوھېساب يۇلتۇز سېنى چۆرىدەيتتى» دېگەندەك مىسرالاردا تولىمۇ ئورۇنلۇق ئوخشىتىشلار ئارقىلىق بۇ يۇرتنىڭ تارىختىكى سەلتەنەتلىك قىياپىتىنى تەسۋىرلەيدۇ. بىزگە تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ھاياجانلىنىش، ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىنى بېغىشلايدۇ. شائىرنىڭ ئۆز يۇرتىغا بولغان مۇھەببىتىنى شېئىرىي ھېسسىياتنىڭ يادروسى قىلغان. بۇ شېئىردا ئاپتور ئۆز يۇرتىنى مەدھىيىلەپ، باغلىرىنى داۋاملىق چاقنايدىغان مەرمەر تاشقا، ئادەملىرىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقاندەك يېقىن، ھاۋاسىنىڭ خوش ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان ماكان ئىكەنلىكىنى قايناق ھېسسىيات بىلەن ئىزھار قىلغان. يۇرت مۇھەببىتى بىلەن ۋەتەن

مۇھەببىتىنى، تەبىئىي يوسۇندا چەمبەرچاس بىرلەشتۈرگەن. شائىر ئۆز شېئىرىدا يەنە يۇرتىنىڭ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدىكى جاراھەتلىك مەنزىرىسىنى ۋە رەھىمسىز رېئاللىقنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق يازىدۇ:

نە ئامال، بالا-قازا يىللىرىدا،
ئىستەكلەر توزغاق كەبى توزۇپ كەتكەن.
جاپاكەش دېھقان خۇشبۇي گۈل ئۆستۇرسە،
بەختىمىز دۇشمەنلىرى ئۈزۈپ كەتكەن...

شائىر بۇ مىسرالاردا جەڭگىۋارلىقتىن غەمكىنلىككە ئۆتىدۇ. ھەم بىزنى بىرخىل سۈكۈت قوينىغا تاشلايدۇ. بىز ئەنە شۇ سۈكۈت ئىچىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا پاتىمىز. ئاخىرىسىدا شائىر ئازابىدىن بۈگۈنكى يېنىپ تۇرغان جەڭگىۋارلىقنى كۆرىمىز. شائىر ئاشۇ يىللار ھەققىدىكى ئازابلىق كۆرۈنۈشنى تەسۋىرلەپ، بىزدە بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزغا بولغان تېخىمۇ سۆيۈنۈش تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ.

«كۆلگىن، قەشقەر» ناملىق بۇ شېئىر ماۋزۇسىدىنلا بىلىنىپ تۇرغىنىدەك، ئاپتورنىڭ يۇرت توغرىسىدىكى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدىيىۋى ھېسسىياتى سىڭگەن، ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى تولۇق ئەكس ئەتكەن بىر پارچە شېئىردۇر.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، قەدىمىي دىيار قەشقەر، زامان-زامانلاردىن پەن-مەدەنىيەت، ۋە ئىلىم-مەرىپەت قۇچىقى بولۇپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ شەھەر-شەھەرلەردىن كېلىپ بۇ جايغا توپلانغانلىقى، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ كۆپلەپ قۇرۇلۇپ ئىلىم-مەرىپەتنىڭ قاينام تاشقىنلىقتا تەرەققىي قىلغانلىقى، ھۈنەر-سەنئەت، سودا-سېتىق بىلەن شەمۇ شەگە داڭ ئالغانلىقى،

ئۇنىڭ ئۈستىگە جاھانغا مەشھۇر بولغان «يىپەك يولى» نىڭ مۇھىم بىر تۈگۈنى بولغانلىقىدەك ئەۋزەل شارائىتلىرى بىلەن تارىختا نام ئېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىپتىخارىغا ئايلانغان ئىدى.

ئاپتور بۇ شېئىردا قەشقەرنىڭ مانا مۇشۇنداق شانلىق تارىخىنى ۋاراقلاش بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭ يېقىنقى يىللاردا، يەنى «ئالەم مالىماتاڭ» بولغان ئاپەت يىللىرىدا بالا-قازاغا ئۇچراپ، بۇرۇنقى شانلىق نامىغا مۇناسىپ بولماي قالغانلىقى، مانا شۇنداق شارائىتتا تاڭ سۈزۈلۈپ، تارىخي يۇرت قەشقەرگە يېڭى باھار، يەنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ يېڭى سىياسىتىنىڭ يېڭى باھارى يېتىپ كېلىپ، تارىخي يۇرت قەشقەرنىڭ يەنە قايتىدىن گۈللىنىشىگە تېخىمۇ ئوبدان پۇرسەتنىڭ يارىتىلغانلىقىنى شوخ ۋە ئوتلۇق مىسرالار ئارقىلىق ناھايىتى جايىدا ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، بۇ شېئىردا ئاپتور، قەشقەر تەسۋىرى ۋە قەشقەرنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ جۇڭخۇا ئېلىگە ۋە جۇڭگودىن ئىبارەت بولغان ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىگە نىسبەتەن چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن.

مانا بىز بۇنىڭدىن شائىر تۇمۇر داۋامەتنىڭ ھەرقاچان، ھەرزامان ئانا ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا شانلىق ئىز قالدۇرۇشنى ئويلايدىغان، ھەربىر قەدىمى ۋە ھەربىر نەپىسىنىڭ ئانا ۋەتەن ئۈچۈن سوقىدىغان شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، تۆمۈر داۋامەتنىڭ «كۆلگىن، قەشقەر» ناملىق شېئىرىدا يۇرت سۆيگۈسى ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك مەدھىيىلەنگەن. بۇ شېئىردا يەنە مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نىزارى قاتارلىق مەشھۇر كلاسسىك شائىرلارمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن شائىر ئۆز

www.uyghurkitap.com

شېئىرىنىڭ ئەڭ ئىچكى قاتلاملىرىغىچە «يۇرت» ئۇقۇمى ۋە «يۇرت» ئېڭىنى سىڭدۇرگەن. بىز بۇ شېئىرنىڭ خىلمۇخىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك خاھىشى بىلەن تويۇنغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. يۇرت ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنىڭ شېئىردىكى ئاجايىپ ئىپادىسى. شېئىرنى بىزگە ئاجايىپ يارقىن مەنىلەرگە ۋە بۇ مەنىلەرگە زىچ ماسلاشقان شەكىل گۈزەللىكىگە ئىگە قىلىپ كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، شېئىر ئۆزىنىڭ پۈتۈن تىندىنسىيىسى بىلەن دەۋرگىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق ھېسسىياتقا ئىگە شېئىر ھېسابلىنىدۇ. شائىر ئۆز شېئىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت بۇ ھەم قەدىمىي ھەم مەڭگۈلۈك تېمىنى يېڭىچە ئوبرازلىق ئىپادىلەشكە تايىنىپ، يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان. شېئىرنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە كەلسەك، ئالاھىدە گەۋدىلىنىدىغىنى شېئىرنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى، شائىر شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى بويىچە شېئىرنىڭ تىلىنى ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن تاللىغان ۋە تاۋلىغان بولۇپ، شېئىر مىسرالىرىنى تەشكىل قىلغان سۆزلەر كىتابخاندا ئۆزگىچە ئېستېتىك لەززەت پەيدا قىلىدۇ. شېئىردىكى «كۆلكە ئاقار»، «كۆز قاماشتى»، «يۇلتۇز» دېگەندەك تىللار مەنە ئىپادىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى يەنە ئۆز ئالدىغا ئېستېتىك قىممەت يارىتقان سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

شېئىردا يەنە ئوخشىتىش، سىپىلىشتۇرۇش، مۇبالىغە، سىمۋوللاشتۇرۇش، جانلاندۇرۇشقا ئوخشاش ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلىپ، شېئىرنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەن. بۇلاردىن باشقا، شېئىرنىڭ قاپىيىلىرى تولۇق، ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك، ۋەزنى كۈچلۈك، جەڭگىۋارلىقى

يۇقىرى بولۇپ، ئوقۇغان كىشىدە بىرخىل جانلىق كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ.

شېئىر يەنە ھېسسىياتقا تويۇنغان، ئوبرازلىق پىكىرلەر سىڭدۇرۇلگەن بولۇپ، كىتابخاندا قويۇق ئېستېتىك لەززەت پەيدا قىلىدۇ. ھەرقانداق شېئىردا ئىككى خىل مۇھىت بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى رېئال مۇھىت، يەنە بىرى خىيالىي مۇھىت. بۇ شېئىردا تەسۋىرلەنگەن، ئوبيېكت قىلىنغان مۇھىت تەبىئىيكى تەبىئىي مۇھىت ھېسابلىنىدۇ. شائىرنىڭ قەلبىدىكى ساغلام، قىزغىن، قويۇق، جۇشقۇن بولغان يۇرت سۆيگۈسى ناھايىتى يارقىن ئىپادىلىنىپ، كىتابخاندا ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

دېمەك، شائىر «كۆلگىن، قەشقەر» ناملىق بۇ شېئىردا ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ۋە ئانا يۇرتقا بولغان مۇھەببىتىنى جانلىق مىسرالار ئارقىلىق ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن. شائىرنىڭ بۇ شېئىرى ئەدەبىياتىمىز ساھەسىدىكى «ۋەتەن» تېمىسى ئۇستىدە يېزىلغان يەنە بىر ياخشى ئەسەردۇر.

بىز بۇ شېئىرنى ئوقۇساق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە يۇرت سۆيگۈسى ھەققىدە يېڭى-يېڭى تەسىراتلارغا ئىگە بولىمىز، ھەم بىزدە ۋەتەن ۋە ئەل يۇرتقا بولغان سۆيگۈ، ئىپتىخار ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈش، تۆھپە قوشۇش ئارزۇسى تۇغۇلىدۇ. مانا بۇ شېئىرنىڭ ئەڭ قىممەتلىك تەرىپى بولسا كېرەك. مانا مۇشۇنى نۇقتا قىلغاندا، تۆمۈر داۋامەتنىڭ بۇ بىر پارچە شېئىرى، بۈگۈنكى ياشلىرىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش ئىرادىسىنى كۈچەيتىشتە جانلىق دەرسلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 27. يارقىن تەسۋىر، چوڭقۇر تىلەك

## — «ۋەتەننىڭ كەلگۈسى سىلەر» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا زور ئابرۇيغا ئىگە شائىر ۋە يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «شېئىر ۋە شائىر» دېگەن نەسرىي شېئىرىدا مۇنداق يازغان ئىدى:

«شېئىر—ئاسماندىكى يۇلتۇز ئەمەس، كېچىسى پارقىراپ تۇرغان بىلەن نە ئىسسىق، نە يورۇقى تەگمەيدىغان، شېئىر —خۇددى بىر مەشئەلدۇركى، كېچە زۇلمىتىدە ئىنسانغا يول كۆرسەتكۈچى، ياكى بىر گۇلخاندۇركى، پايانسىز دەشتلەرنى يورۇتۇپ، سوغۇقتىن تىترىگەن تەنلەرگە ئارام بەرگۈچى.» شۇنداق، شېئىر ھەقىقەتەن ئادەمگە لەززەت ئاتا قىلغۇچى، يول كۆرسەتكۈچى رول ئوينايدۇ!

شېئىر توغرىسىدا تەبىر بەرگۈچىلەرمۇ: «شېئىر— ھەقىقەتنىڭ ساداسى، دەۋرنىڭ سىگنالى. تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئاۋازى بولۇشى كېرەك. يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، روھنىڭ ناخشىسى، ھېسسىياتنىڭ يالقۇنى، ئىدىيىنىڭ نۇرى بولۇشى لازىم» دېگەنىدى. شائىر: «ۋەتەننىڭ كەلگۈسى سىلەر» ناملىق شېئىردا بالىلارنىڭ بىلىم ئېلىپ، يارامлىق ئىزباسارلاردىن بولۇپ، ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇش روھى بىلەن تەربىيىلىنىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى تەخىرسىزلىك بىلەن ئوتتۇرىغا

قويىدۇ. بۇ شېئىردىن بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، دەۋرنىڭ سىگنالى، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئاۋازىنى بىلىۋالالايمىز. شائىر ئۆز شېئىرىدا:

بالىلار ۋەتەننىڭ گۈللىرى،
بالىلار خەلقنىڭ كەلگۈسى.
بولغۇسى خوجىسى ۋەتەننىڭ،
بولغۇسى يېڭىشلار بەلگۈسى.

دېيىش ئارقىلىق، كەلگۈسىدە ۋەتەنگە خوجايىن بولىدىغانلارنىڭ بالىلار ئىكەنلىكى، كەلگۈسىدە ھەرقانداق يېڭىلىقلارنى ئىجاد قىلغۇچىلارمۇ شۇلار، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىغانمۇ شۇلار ئىكەنلىكى، پەقەت شۇلار ئارقىلىقلا بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى تېخىمۇ گۈزەل، پارلاق بولىدىغانلىقى، پەقەت بالىلار بىلەنلا كەلگۈسىمىز تېخىمۇ ئۈمىدكە تولىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى ئالغا سۈرىدۇ. شائىر يەنە:

شاكىچەك دوستلار بەك سۆيۈملۈك،
ئۆستۈڭلار بەختىيار زاماندا.
ئەجدادلار غەمخورلۇق قىلغاچقا،
كۆلكەڭلار ياڭرايدۇ ھەرياندا.

دېيىش ئارقىلىق، ھازىرقى بالىلارنىڭ بەختىيار زاماندا ياشاۋاتقانلىقىنى، بۇ خىل بەختىيارلىقلارنىڭ، ئەجدادلارنىڭ ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈشى، تەربىيىلىشى، غەمخورلۇق قىلىشى ئاستىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئەۋلادلارغا

www.uyghurkitap.com

كۆيۈنۈش، ئۇلارنى ئاسراش، تەربىيىلەش ئالدىنقى ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى سانالسا، ئەۋلادلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلىنغان غەمخورلۇقلارنىڭ قىممىتىنى بىلىپ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جاۋاب قايتۇرۇشقا تەييار تۇرۇشى يەنە بىر خىل مەجبۇرىيەت سانىلىدۇ. بۇ مەنادىن ئالغاندا، بۇ شېئىر ئۆسمۈر بوغۇنلىرىمىزنى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن تەربىيىلەشتىكى ياخشى شېئىردۇر. شائىر ئاخىرىسىدا:

تىرىشىپ باغلاڭلار بەلنى چىڭ،
ئاتىلار خىسلىتى ئۈلگەڭلار.
ئۆگىنىپ مەدەنىيەت ۋە پەننى،
ئىجادكار بولۇڭلار، گۈللەڭلار.

دېيىش ئارقىلىق، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەجدادلارنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى ئۈلگە قىلىپ دەۋر ئېھتىياجى ۋە دەۋر تەلىپى بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، يېڭىلىق يارىتىپ، ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنىنىڭ كەلگۈسىنى يارىتىدىغان يارامىلىق ئىز-باسارلاردىن بولۇپ يېتىلىشىگە بولغان سەمىمىي، چوڭقۇر ئۈمىدىنى ئىپادىلەيدۇ. شېئىردىكى پىكىر، تەسىرچانلىقتا ۋە جانلىقلىقتا ئىگە بولۇپ، بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئىجتىمائىي تەربىيىۋى قىممىتى ناھايىتى زور.

شائىر شېئىردا ئۆزىنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئوتلۇق ھېسسىياتى بىلەن شېئىري مىسرالىرىنى گۈزەللىككە ئىگە قىلىپ، ئوبرازلىق، جانلىق، ئىخچام سۆزلەر ئارقىلىق كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدى بولغان بالىلارغا ئۆزىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ناھايىتى

ئۈستىلىق بىلەن ئىزھار قىلغان. شائىر شېئىردا بىر تەرەپتىن كەلگۈسى ئىزباسارلار بولغان بالىلارغا تەلەپچان بولۇش، ئۇلارنى ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئەتراپلىق تەربىيىلەپ، يارامىلىق كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ئىلىم-پەن بىلەن قوراللاندۇرۇشنى تەكىتلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئۇلارغا ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ مېھنىتى، ئەقىل-پاراسىتى، يۈرەك قېنى بەدىلىگە كەلگەن بۈگۈنكى بەختىيار زامانىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىنى چوڭقۇر سىڭدۈرۈش، ئەجدادلار روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئالغا بېسىش تەربىيىسى بېرىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

كونكرېت ئېيتقاندا، شائىرنىڭ كەڭ كىتابخانلارغا ئېيتماقچى بولغىنى، كەلگۈسى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش، تەربىيىلىگەندىمۇ ئەجدادلار روھى، خىسلىتى ئارقىلىق تەربىيىلەش، تىرىشىپ يېڭىلىق يارىتىش روھى بويىچە تەربىيىلەش، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش روھى بويىچە تەربىيىلەش مەسىلىسىدۇر. دېمەك، شائىر ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە، خەلققە، مىللەتكە بولغان، ئەڭ مۇھىمى كەلگۈسى بەختىيار زامانغا، گۈزەل تىنچ تۇرمۇشقا بولغان بارلىق ئۈمىدىنى بالىلارغا باغلاپ، بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشىنى يىراق كەلگۈسىدىن تەسەۋۋۇر قىلغان. ئومۇمەن، شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ بۇ شېئىرى بالىلار تېمىسىدا يېزىلغان ئاكتۇئال قىممەتكە ئىگە شېئىر بولۇپ، ئالغا سۈرگەن مەزمۇن تولىمۇ قىممەتلىك. كىتابخانلارغا، بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەرگە قانداق تەربىيىلىنىش، قانداق ئالغا بېسىش، قانداق تۆھپە قوشۇش جەھەتتە جانلىق ئوقۇشلۇق بولۇشتەك رولىنى ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 28. روشەن سىيلىشتۇرما، ئەھمىيەتلىك يەكۈن

## — «ئۆتمۈش خاتىرىسى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

شائىر «ئۆتمۈش خاتىرىسى» ناملىق بۇ شېئىرىدا، ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغان. شائىر تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يېزىسى—تۇرپان ئىلانلىق يېزىسىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى نامرات، قالاق ئەھۋالىنى، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئاچ-يالىڭاچ كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى ئاسايىشلىق، خاتىرجەملىك ھاياتقا بولغان مەدھىيىسىنى ئىپادىلىگەن. شائىر ئۆتمۈشتە «ئىلانلىق» دېگەن بۇ يەرنىڭ خەلقى ناھايىتى غۇربەتچىلىك ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقى، بىر توغرام نانغا زار-زار يىغلايدىغانلىقى، ئالۋان-ياساق، بېسىمنىڭ دەردىدىن خەلق بىر ئۆمۈر قورسىقى تويغۇدەك تاماقفا ئېرىشەلمەي، شۇ زامان، شۇ دەۋر ئۈستىدە قاتتىق نارازى بولغانلىقى، بىر ئۆمۈر ئىشلەپ ئۈچىسىغا كىيىم، قورسىقىغا تاماق تاپالمايدىغانلىقى، زالىم ئەمەلدارلار بولسا، خەلقنى قاقشىتىپ ئۆزلىرى راھەت تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى: «بۇ قىسسە ياشلىقىمدىن بىر ھېكايەت، قىلار ئەينى زاماندىن ھەم شىكايەت» دېگەن مىسرالار بىلەن باشلاپ، ئەينى دەۋرنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىدۇ. شۇنداقلا ھازىرقى زاماننىڭ ئۆتمۈشكە سېلىشتۇرغاندا، خەلق ئازاد بولغان،

ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولغان زامان ئىككەنلىكىدىن پەخىرلىنىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە خەلق كۈندىن-كۈنگە بېيىپ، قالاقلىق ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇشتەك ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتى. ئىلگىرىكى نادانلىق، ساۋاتسىزلىق، خۇراپىيلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ، پۈتۈن خەلق ئاممىسى پەنگە يۈزلىنىش قىلىپ، ئۆزلىرىنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئۆتمۈش ۋە ھازىر ئوتتۇرىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق مەيدانغا كەلدى. شائىر مۇشۇلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆتمۈش زامانغا قاتتىق نەپرەتلەنسە، ھازىرقى باياشات تۇرمۇشقا بولغان مەدھىيىسىنى ياڭرىتىدۇ. شېئىردا شائىر چوڭقۇر ھەم قايناق ھېسسىيات بىلەن ئىككى دەۋر شارائىتىدىكى دېھقانلار تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەيدۇ. بىز شېئىردىكى مىسرالاردىن ئىختىيارسىز ھالدا ئىنسانغا ئىنساندەك ياشاش شارائىتى بولمىغان، ئىنساننىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى ئەمەس، ئەڭ ئەقەللىيسى ماددىي ئېھتىياج بولغان قورساق مەسىلىسىمۇ ھەل بولمىغان كونا زامانغا نەپرىتىمىز قوزغىلىدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇشقا، ھەممە نەرسە تەل، كوچا-كويلار قايناپ كەتكەن، بازارلاردا ھەممە نەرسە تېپىلىدىغان مەمۇرچىلىققا قاراپ ئىختىيارسىز ھالدا بۈگۈنكى جەمئىيەتكە بولغان سۆيۈنۈش ھېسسىياتىمىز چوڭقۇرلىشىدۇ. ھەم بىزنى بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلاشتۇرغان، ئۆزلىرى قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، بىزنى بەختكە ئېرىشتۈرگەن ئەجدادلىرىمىزغا ۋە بىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىمىزنىڭ يولباشچىسى، يەڭلەنچۈكسىز بولغان ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە چوڭقۇر مۇھەببىتىمىز قوزغىلىدۇ. بىز ئىككى دەۋر شارائىتىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇلۇغ پارتىيىمىزگە مەدھىيە ئوقۇماي تۇرالمايمىز.

بۇ خىل ھېسسىيات شائىرنىڭ بۇ شېئىرىنىڭ ھەربىر قاتلاملىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن.

شېئىردا، شائىر ئۆز كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ماكانغا بولغان مۇھەببىتىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

مېنىڭ كىندىك قېنىم سىڭگەن بۇ تۇپراق،
ئانامنىڭ باغرىدەك كەڭرى ۋە يۇمشاق.

بۇ مىسرالاردا شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتىنىڭ چىرايلىق بىر ماكان ئىكەنلىكى، ئۇ يەردە بوۋاقلىق كۈندە تۇرمۇشىنىڭ ناھايىتى خاتىرجەم، ئىناق ئۆتمۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىگەن. شائىر:

«بىراق ئۇ ئىلگىرى—ئۆتمۈش زاماندا،
ئەجەب بىر يەر ئىدى ئۇشبۇ جاھاندا.»

دەپ يېزىش ئارقىلىق ئۆز يۇرتىنىڭ ئۆتمۈشتىكى زۇلمەتلىك چاغلىرىنى ئەسلەيدۇ:

بۇ يۇرت ئەھلى يىل بويى يەر تىرىيتتى،
ئېكىنزارلىقتا ئىشلەپ قېرىيتتى.

ۋەلېكىن قىينىلاتتى كۈن ئىتەلمەي،
ئاسايىشلىق ۋىسالىغا يېتەلمەي.

بۇ مىسرالاردا خەلق ئاممىسىنىڭ بىر ئۆمۈر ئىشلىسىمۇ قورسىقى

تـويغۇدەك تاماققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقى، كونا جەمئىيەتكە نارازى بولۇپ ئازادلىق تېڭىغا بولغان ئىنتىلىشى ئىپادىلەنگەن.

ئېسىمدىن چىقمىدى زادى شۇ كۈنلەر،
نە كۈنكى، قاپقاراڭغۇ جۈت ئۇ تۈنلەر.

بـۇ مـىسـرالاردا شـائـىر ئوخشىتىش ۋاسىتىسى بىلەن ئۆتمۈش جـەمـئـىـيـەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى، خەلققە كەلتۈرگەن زۇلۇمىنى ئۆتـكـۈر قـامـچـىـلايدۇ. دېمەك، شائىر بۇ شېئىردا كونكرېت تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغان ھەمدە بۇگۈنكى يېڭى دەۋرگە كۈچلۈك مەدھىيە ئوقۇغان.

بـۇ شـېـئـىر، شائىرنىڭ مەنتىقىي تەپەككۇرىنىڭ ئىنتايىن كـۈچـلـۈكـلـىـكـىـنـى ئـىپادىلەپلا قالماي، شېئىر مەزمۇنىنىڭ مەنتىقىلىقىنىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن، شۇڭلاشقىمۇ شائىر مـول مـەزمـۇنـنـى ئـىـخـچـامـلاپ، كـىـچـىككىنە بىر شېئىرغا سـىـغـدۇرالـىـغـان. شـېـئـىر ناھايىتى ياخشى يېزىلغان بولۇپ، ئوقۇشىمىز بىلەنلا بىزگە چىن ھېسسىياتتىن خەۋەر بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ دەل شائىرنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش، تەپەككۇر يۇرگۈزۈشى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ شېئىردىكى شېئىرىي ھېسسىيات ۋە ئوبراز شۇنچىلىك گىرەلىشىپ كەتكەنلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. شـائـىـر ئـۆتـمـۈش بـىـلـەن ھـازىـرقـى جەمئىيەتنىڭ پەرقىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پەرقىنى توغرا، دەل، چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلىگەن. بۇ شېئىرنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى، پىكىرنى شېئىرىي ھېسسىيات ئارقىلىق جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. شېئىرىي ھـېـسسىيات دېگىنىمىز، روھىي ۋە ئىچكى دۇنيا ھادىسىلىرىنى

مەزمۇن قىلغان گۈزەل، تەسىرلىك، يۈكسەك ھېسسىياتقا قارىتىلىدۇ. شېئىرىي ھېسسىياتسىز ھەقىقىي شېئىرنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ھەقىقىي ھېسسىياتتىن بارلىققا كەلگەن بۇ شېئىر ئەينى دەۋر بىلەن ھازىرقى دەۋرنىڭ ئۆزئارا پەرقىنى بىرگە تولىمۇ ئىخچام سۈرەتلەپ بەرگەن. كىتابخانلارنىڭ كۈچلۈك ھېسداشلىقىنى قوزغىغان بۇ شېئىردا ئىپادىلەنگىنى، تەبىئەت ھالىتى بولماستىن، بەلكى ھېسسىيات ھالىتى. شېئىرىي مىسرالارغا پۈتۈلگىنى شائىر ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن، ئاشۇ زۇلمەتلىك كۈنلەرنىڭ ئاچچىق خاتىرىسىدۇر. خەلق زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا شائىرمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىكى بىر ئەمگەكچى ئىدى. شائىر ئۇ دەۋردە بالا بولۇشىغا قارىماي، ئەمگەكچى خەلق بىلەن تەڭ زۇلۇم چەككەن ئىدى. مانا بۇنداق چىن رېئاللىق شېئىرنى تېخىمۇ تەسىرچانلىققا ئىگە قىلغان. شېئىرنىڭ تىلىمۇ ناھايىتى ئۆزگىچە چۈشىنىشلىك، ئاددىي، ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، شېئىرنىڭ تەسىرچانلىقىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن.

ھەرقانداق بىر كىتابخان بۇ شېئىرنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقىغا، باياننىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغانلىقىغا، ئىپادىلەنگەن تېمىنىڭ ئەبەدىيلىكىگە، ھېسسىياتنىڭ جۇشقۇن، چىن ۋە نەپىسلىكىگە تەبىئىي قايىل بولماي قالمايدۇ.

دېمەك، ئاپتور «ئۆتمۈش خاتىرىسى» ناملىق بۇ شېئىردا بەختىيار ۋە ئازاد بولغان بۈگۈنكى خاتىرجەم تۇرمۇش بىلەن، قورساقمۇ تويمىغان، ئەجىر-مېھنەت، ھالال ئەمگەكنىڭ قەدىرى بولمىغان كونا دەۋرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، بىزنى بۈگۈنكى بەختىيار تۇرمۇشنى قەدىرلەشكە، خەلققە يارامىلىق كىشىلەردىن

بولۇپ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىشكە چاقىرغان.

ئاپتورنىڭ بۇ شېئىرى، ھەممە خاتىرجەم بولغان بۈگۈنكى بەختىيار زاماندىمۇ ئىنتايىن ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ھەممەيلەننى بۈگۈننى قەدىرلەشكە، ئازاد زامانىمىزنى گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشۇشقا چاقىرىدۇ. بىزنىڭ يېڭى دەۋردە تېخىمۇ جۇشقۇن كەيپىياتتا ئالغا بېسىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تادرىسى

# 29. ئېستېتىك لەززەت ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىق

## —«قاش دەرياسى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

بىزگە مەلۇمكى، ئوبيېكتىپ شەيئىلەردىكى ئەسلىي گۈزەللىك ھادىسىسى مەۋجۇت بولمىسا، ئۇنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە بارلىققا كېلىدىغان ئېستېتىك سەزگۈ ۋە ئېستېتىك بىلىش مەۋجۇت بولمىغان بولىدۇ. ئېستېتىكا ئالىمى دىدېرۇ: «گۈزەللىكتىن تەسىرلىنىش تۇغما بولماستىن، ئېرىشىلگەن بولىدۇ.» دېگەن ئىدى. بىز شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا دەل ئەنە شۇنداق ئوبيېكتىپ گۈزەللىكتىن ئېرىشىلگەن گۈزەللىك سەزگۈلىرىنى ھېس قىلىمىز.

شائىر تەسۋىرلىگەن گۈزەللىك، ئالدى بىلەن كونكرېت ماكان ۋە زامان خاراكتېرىگە ئىگە ماددىي بايلىق بولغاچقا، ئۇنىڭ بىزدە قوزغايدىغان ئوبرازچانلىقى ۋە تەسىرچانلىقى ئىنتايىن روشەن بولىدۇ. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا ئوبيېكتىپ گۈزەللىك ھادىسىلىرى تولىمۇ چىن تەسۋىرلىنىپ، ئوقۇغان كىشىگە ئاشۇ گۈزەللىكتىن شادلىنىپ، كۆڭۈلنى كۆتۈرۈش، ھارغىنلىقتىن نېرى قىلىش، كەيپىياتنى جانلاندۇرۇش تۇيغۇلىرىنى بېغىشلايدۇ. مەسىلەن، بىز، شائىرنىڭ «قاش دەرياسى» ناملىق شېئىرىغا قاراپ باقايلى:

.........

چوپانلار، ئوتلاشتەك كەچكى شەپەقتە،
گويا ئاق بۇلۇتنى كېلىشەر ھەيدەپ.

قېنىشىپ قوي-قوزا زەمزەم سۈيىگە،
تەشەككۈر ئېيتقاندەك كېتىشەر مەرەپ.
سۆيۈنۈپ يولتۇزلار قايناق ھاياتتىن،
دولقۇنلۇق ئەۋجىدە سەكرەر جىمىرلاپ.
چوڭ-كىچىك جور بولۇپ شاۋقۇنلىرىغا،
قىزىتار بەزمىنى بۇلبۇلدەك جىرلاپ.

شائىرنىڭ بۇنداق گۈزەل مىسرالىرى كىتابخاندا تەبىئەتنىڭ ئوبيېكتىپ گۈزەللىكىدىن زوقلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ. بولۇپمۇ بۇ شېئىردىكى چىنلىق ۋە ھەقىقىيلىق خاراكتېر بىز ئۈچۈن يالغۇز ئۇچۇرلۇق قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن يەنە بىلىش قىممىتىگىمۇ ئىگە. بىز ئوبرازغا ئايلانغان كونكرېت كۆرۈنۈشلەردىن قاش دەرياسىنى، ئۇنىڭ بويىدىكى ھاياتلىقنى ھېرىسمەنلىك ئىچىدە بىلىمىز. 10-ئەسىردە ياشىغان ئالىم ئەبۇ نەسىر فارابى: «بارلىق ئىنكاس قىلىنغان ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسى ئىسپاتلاشنى تەلەپ قىلىشى ناتايىن» دەپ ئېيتقان ئىدى. بىز شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدا تەسۋىرلەنگەن مەزمۇننى كونكرېت ماكان ۋە زامان ئىچىدە ھېچقانداق مۇلاھىزىسىزلا بىلىمىز ۋە ھېس قىلىمىز. بىزنىڭ بۇنداق بىلىشىمىز ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن ئالغاندا ھەقىقەتلىك، ئەينەكلىك، راستلىق قىممىتىگە ئىگە بولغان بىلىشتۇر.

شائىرنىڭ يۇقىرىقى شېئىرى، ئېستېتىك لەززەت ۋە ئېستېتىك بىلىش ھاسىل قىلغاچقا، كىتابخانلارغا يەنە مەنىۋى خۇشاللىق ۋە ئازادىلىك بېغىشلايدۇ. بىز شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدىن ھاسىل قىلغان بىلىشىمىزنى ئۆزىمىزدىكى تەسەۋۋۇر ۋە ئېستېتىك غايە ئاساسىدا تېخىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرىمىز. كۆز

ئالدىمىزدىكى ئوبرازلىق ھاسىلات بىزدە چوڭقۇر ئىپتىخارلىنىش كەيپىياتى پەيدا قىلىدۇ.

بىز شېئىردىكى مۇنۇ مىسرالارغا نەزەر سېلىپ باقايلى:

دولقۇنۇڭ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ياڭراق،
گويا جەڭ مارشىنى ئاڭلىدىم شۇ تاپ.
ئەينى چاغ ئىلقادىن چىققان باتۇرلار،
«ھۇررا!» دەپ دۈشمەننى قىلغاندەك چاپ-چاپ.
كۆردۈم ھەم ئوت يۈرەك شائىر ئىزىنى،
قىرغاقتا ئۈنچىدەك چاقناپ تۇرىدۇ.
ئۇ قىلغان جەڭگىۋار ئوتلۇق خىتابلار،
ھېلىھەم بويۇڭدا ياڭراپ تۇرىدۇ.

چىن ۋە ھەقىقىي سۈپەتتە تەسۋىرلەنگەن بۇ مىسرالاردىن، بىز قاش دەرياسى بويىدا بولۇپ ئۆتكەن خەلق ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابىي ئوت يۈرەك شائىر ل. مۇتەللىپنى ئەسكە ئالىمىز. ئوت يۈرەك شائىرنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەش روھىدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىغا چۆمىمىز.

شائىر ئۆز شېئىرىدا قاش دەرياسىنى تەسۋىرلىگەندە ئارتۇقچە غايىۋىلىككە بېرىلمىگەن ياكى بولمىسا ھېسسىيات جەھەتتە ئارتۇقچە زورلىنىش ۋە سۈنئىيلىككە بېرىلمىگەن. پەقەت ئۆزى كۆرگەن تەبىئەتنىڭ ئۆزگە كۆرسەتكەن تەسىرى بىلەن قوزغىغان ھاياجىنىنى ھەقىقىي تەسۋىرلەپ بەرگەن. نەتىجىدە، شائىر ھاياجىنى بىزدە مەنىۋى ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلالايدىغان ھېسسىيات چوڭقۇرلۇقى ھاسىل قىلغان. شېئىرنى ئوقۇغان كىتابخان بىر تەرەپتىن قاش دەرياسىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ

گـۈزەلـلـىـك تـوغرىسىدىكى تەسۋىرلەردىن لەززەتلىنىپ كۆڭۈل ئازادىلىكى ھېس قىلىسا يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ دەريادىن ھەم بۇ دەريا بـويـىـدا يـېـتـىـلـگەن باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق روھىدىن ئىپتىخارلىنىقا چۆمىدۇ. ئاشۇ قەھرىمانلىق، باتۇرلۇقلار بەدىلىگە قولغا كەلگەن بۈگۈنكىدەك ئازاد، ئاسايىشلىق زاماننى قەدىرلەش تـۇيـغـۇسـىـغا چۆمىدۇ. ئۆزىدە يېڭى زامانغا خاس جەسۇرلۇق، باتۇرلۇق روھى تۇرغۇزۇپ، بۈگۈنكى دەۋردە يېڭى غەلىبىلەرنى، نەتىجىلەرنى يارىتىش ئىرادىسىنى چىڭىتىدۇ.

تەبىئەت دۇنياسىدا خىلمۇخىل، سانسىز گۈزەل مەنزىرىلەر ۋە گۈزەل شەيئىلەر بولىدۇ. بىز ئەنە شۇ گۈزەل ئوبيېكتلار بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇلاردىن ئېستېتىك لەززەت ئالىمىز. بىراق بۇ خىل گـۈزەلـلـىكلەر تۇرغۇن ھالەتتە بولۇپ، گەرچە چىن، ھەقىقىي بولسىمۇ، ئەمما بىزدە يېڭىچە ئېستېتىك ھەۋەس ۋە ھاياجانلىنىش قـوزغاشتا يەنىلا ئاجىزلىق قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن قاش دەرياسى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت ھالدا بىزنىڭ كۆزىمىزگە تاشلىنىپ تۇرغاندا قوزغىغان ھاياجان، شائىرنىڭ بۇ دەريا توغرىسىدىكى تەسۋىرلىرى قوزغىغان ھاياجاندىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بىز شائىرنىڭ بۇ دەريا ھەققىدىكى تەسۋىرلىرىدىن شائىرنىڭ ئۇنىڭغا سىڭگەن ئېستېتىك خـاھـىـشـىـنـى، ئېستېتىك غايىسىنى كۆرىمىز، زور دەرىجىدە تـىـپـىـكـلـەشتۈرۈلگەن، ئوبرازلاشتۇرۇلغان، شۇ ئاساستا قايتا يـارىـتـىـلـغـان گۈزەللىكنى كۆرىمىز. شائىر قاش دەرياسىنىڭ گۈزەللىكنى «كۆردۈم ھەم ئوت يۈرەك شائىر ئىزىنى، قىرغاقتا ئۈنچىدەك چاقناپ تۇرىدۇ» دېگەن مىسرالاردا تېخىمۇ يارقىن ھالدا جۇلالاندۇرۇپ، ئۇنى يېڭىچە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلغان.

سـەنـئەت نەزەرىيىسىدە: «ئېستېتىكىسىز سەنئەت — قارىغۇ سـەنـئەت» دەيدىغان يەكۈن بار. شۇنداق، ئەدەبىيات سەنئىتى،

بولۇپمۇ شېئىرىيەت سەنئىتى، رېئاللىقنى تەسۋىرلىگەندە ھېسسىيات ۋە ئىلھامدىن ئايرىلالمايدۇ. ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئۆز قوزغىغان تەسىرات ئىچىدە يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇنىڭغا ئىپتىخارلىنىش، جاسارەت ۋە ئىشەنچ تۇيغۇسى سىڭگەن بولىدۇ. مانا شۇ چاغدىلا بۇنداق شېئىر ئېستېتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە تولغان بولىدۇ.

«قاش دەرياسى» ناملىق شېئىردا يۇكسەكلىك ئالامەتلىرى چاقناپ تۇرىدۇ. شائىر، قاش دەرياسى بويىدا كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلابلارنىڭ ئەركىنلىك دۈشمەنلىرىنى يوقىتىپ، خەلق ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىدەك، غەلىبىسىدىن ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ يەردە مەيدانغا كەلگەن ئىنقىلابىي شائىر ل. مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ خەلقنى ئازادلىققا چاقىرىپ، ئىنقىلاب ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقىدەك قەيسەر روھى بىلەن جەڭگىۋار خىسلىتىدىن سۆيۈنىدۇ. ئاشۇ ئىنقىلابلار، كۆرەشلەر نەتىجىسىدە قولغا كەلگەن بۈگۈنكىدەك ئاسايىشلىق مەنزىرىنى زوق بىلەن كۈيلەيدۇ. كەلگۈسىنىڭ تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ پارلاق بولىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچ تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

دېمەك، شېئىر ھەم غەلىبە ئىپتىخارلىقى ھەم ئىشەنچ تۇيغۇسىغا چۆمگەن بولغاچقا بىزگە ئالاھىدە يۇكسەكلىك زوقى ئاتا قىلىدۇ.

شېئىرنىڭ تىلى گۈزەل ھەم يېقىملىق. شائىر تەبىئەت مەنزىرىسىنى ئوبرازلىق تىل ۋاستىسى بىلەن تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرگەن. بىز شېئىردىكى: «چوپانلار، ئوتقاشتەك كەچكى شەپەقتە، گويا ئاق بولۇتنى كېلىشەر ھەيدەپ» دېگەن مىسرالاردىن تولىمۇ ھاياجانلىنىمىز، شائىر قاش دەرياسى بويىدا



www.uyghurkitap.com

مال بېقىۋاتقان، كەچكى شەپەق نۇرىدا يانغان قوي پادىلىرىنى بىر مۇبىر تەسۋىرلەپ ئولتۇرماي، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىگە تالالاش، ھەم تىپىكلەشتۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىر يارقىن كۆرۈنۈش ئاتا قىلىدۇ. ئاق قويلارنى ھەيدەپ كېلىشنى «ئاق بۇلۇت» نى ھەيدەپ كەلدى، دەپ تەسۋىرلەپ، كۆز ئالدىمىزدا تولىمۇ ئوبرازلىق ھەم جانلىق كۆرۈنۈشنى پەيدا قىلىدۇ. شائىرنىڭ بۇ يەردە شېئىري تىلنى خەلق جانلىق تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشى شېئىرغا لەرزانلىق ئاتا قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 30. ئالىيجاناب روھقا ئوقۇلغان مەدھىيە

### —«مۇئەللىم، سىز نامسىز قەھرىمان» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

ئوقۇتقۇچى، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ يېتەكچىسى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى، خەتەرلىك خادا تاشلاردىن ساقلىغۇچى نۇرلۇق ماياك.

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئورتاق بىر ئومۇمىيلىق شۇكى، تارىختىن بۇيان، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ۋە مىللەتلەر ئۇلۇغ ئالىملار، ئىختىساسلىقلار، ئۇستازلار، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى ئۇلۇغلاپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئۇلارنىڭ نامىنى يادلاپ كېلىشكەن. چۈنكى، ئۇلار كىشىلەرگە ياشاشنى ئۆگەتتى ۋە ھەقىقەتنى تونۇتتى. ئەگەر ئاشۇنداق مەدەنىيەت سەركەردىلىرى چىقمىغان بولسا، ئىنسانىيەت ھازىرقى مەدەنىيەت دەۋرىگە يېتىپ كېلەلمىگەن بولاتتى. شۇڭا تارىختا قايسى ئەلنىڭ پەن-مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلىرى كۆپ بولغان، خەلق ئۇلارنى سۆيگەن ۋە ھۆرمەت قىلغان بولسا، شۇ ئەل مەدەنىيەت جەھەتتە باشقا ئەل خەلقلىرىدىن بىرقەدەر ئالغا كەتكەن. قايسى ئەل ئىچىدە ئىلىم ئەھلى خارلانغان ۋە چەتكە قېقىلغان بولسا، شۇ ئەل خاراب بولغان، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن. مەسىلەن، ئېلىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان 10 يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئوقۇتقۇچىلار ھۆرمەت قىلىنمىدى. ھەتتا ئىلىم ئىگىلىرى خورلاندى. نەتىجىدە ئېلىمىزنىڭ

مەدەنىيىتى، جەمئىيەت تەرەققىياتى زور دەرىجىدە چېكىنىپ، باشقىلاردىن كۆپ ئارقىدا قالغان ئىدى. بۇ ئەلۋەتتە ئىنتايىن ئاچچىق ساۋاق. لېكىن مەرىپەت نۇرلىرىنى چاقنىتىشتىن ئىبارەت بۇ ۋەزىپىنى ئۇستىگە ئالغان ئوت يۈرەك ئوقۇتقۇچىلىرىمىز قەتئىي بوشاشماي قەيسەرلىك بىلەن ئەۋلاد تەربىيىلەشتەك مەسئۇلىيەتنى ئۇستىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇلار دۇنيادا داڭلىق، مەشھۇر ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگۈچى يازغۇچى-شائىرلارنى، ھەرقايسى پەن-تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇپ مىللىتىمىزنىڭ شان-شۆھرىتىنى دۇنياغا تونۇتىدىغان پەن-تەتقىقات خادىملىرىنى تەربىيىلەش يولىدا ئۈنسىز تەر تۆكۈپ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئاداققىچە ئورۇنداپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئاۋام تەرىپىدىن نامسىز قەھرىمان دەپ ئاتىلىپ كەلدى.

شېئىردا، ئۇستاز بىلەن شاگىرتنىڭ مۇناسىۋىتى مەڭگۈلۈك مۇناسىۋەت ئىكەنلىكى، تارىختىكى ۋە دەۋرىمىزدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئالدى بىلەن ئۇستازلارنىڭ تەلىمىنى ئالىدىغانلىقى، ئۇستازسىز، تەلىم-تەربىيىسىز ھېچقانداق بىر ئادەم ئادەم بولالمايدىغانلىقى ۋە ھەتتا مۇكەممەل ئادەم بولۇش سالاھىيىتىنىمۇ ئورۇندىيالمايدىغانلىقى، شۇڭا ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىخىدا ئۇستازلارنىڭ ئوينايدىغان رولىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكى جانلىق شەرھلەنگەن.

شائىر شېئىرنىڭ بېشىدا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ھاردىم-تالدىم دېمەي ئۇلارغا بىلىم بېرىش ئارقىلىق ئۆز غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆچمەس چىراغ يېقىپ بېرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن دوسكا ئالدىدا مەزمۇت تۇرۇپ، چاچلىرىنىڭ ئاقارغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوقۇتقۇچىنىڭ

www.uyghurkitap.com

بۇ خىل شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنىڭ قەدىرلەشكە تېگىشلىك روھ ئىكەنلىكى توغرىسىدا تەسىرلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

كەسپىڭىز ئىچۈرۈش بىلىم كەۋسىرى،
دىللارغا غايىدىن يېقىش نۇر-چىراغ.
دوسكىنىڭ ئالدىدا بوردەك توزۇنداپ،
مۇئەللىم چېچىڭىز بولۇپتۇ ئاپئاق.

شائىر يەنە، قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازانغۇچىلار ياشلىق دەۋرىدە بىلىمگە ئىنتىلگەن كىشىلەر ئىكەنلىكى، ياشلىق دەۋرىدە بىلىمگە ئىنتىلگەنلەرگە قىيىنچىلىقلارنى قانداق يېڭىپ ئالغا بېسىشنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى نۇرلۇق ماياك بولغۇچىمۇ، ياشلارنىڭ بىلىمگە بولغان ئىستىكىنى قوزغايدىغان ھەم قاندۇرىدىغانمۇ يەنىلا ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ بەدىئىي پىكرىنى تېخىمۇ كەڭلىك ھەم تەسىرچانلىقتا ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن:

ياشلارغا ياشاشنى ئۆگەتتىڭىز سىز،
مېڭىشنى، ئىشلەشنى، چېلىش-يېڭىشنى.
شېغىلدىن مەرۋايىت،
تاشلاردىن ياقۇت،
قۇملاردىن قانداقچە ئالتۇن ئېلىشنى.

شائىر شېئىردا يەنە، ئوقۇتقۇچى ئەجرىنى جەمئىيەتتىكى ئەھمىيەتلىك ئەجىرلەر بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. باغۋەن كۆچەتلەرنى

ئەي قىلىش ئۈچۈن ئۈنىڭغا نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرۈپ، تەر تۆكۈپ ئــەمگەك قىلىدۇ. دېھقانمۇ ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن تەر تۆكۈپ ئەمگەك قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھالال مېھنىتىدىن ھـوسـۇل ئېلىپ، جاپالىق ئەمگەكنىڭ راھىتىنى كۆرىدۇ. ئەنە شـۇنـىـڭـغـا ئـوخـشـاش، ئوقۇتقۇچىمۇ كۆپلىگەن ياش نوتىلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئاشۇ باغۋەن، دېھقانلارغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان جـاپـا-مـۇشـەقـقـەتـلـەرنى يېڭىپ، جەمئىيەتكە يارامىلىق بولغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش يولىدا ئۈنسىز تۆھپە قوشىدۇ. بۇنداق روشەن سېلىشتۇرما بىزگە ئوقۇتقۇچى روھىنىڭ قىممىتىنى ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇر تونۇتىدۇ. مەسىلەن، شائىر شېئىردا مۇنداق سېلىشتۇرغان:

سىز—باغۋەن، كۆچەتكە ئەجىر سىڭدۈرگەن،
سىز—دېھقان، ئۇرۇقنى تەر تۆكۈپ تەرگەن.
قانچىلاپ شۇڭقارلار بولدى ئۇچۇرما،
ئۆزىڭىز يەم بەرگەن، ئۇسسۇزلۇق بەرگەن.

دەرھەقىقەت، مۇئەللىمنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسىغا قوشقان ۋە قوشىدىغان تۆھپىسى ھەقىقەتەن زور. بىز نۇرغۇنلىغان داڭلىق ئـالـىـم، كـەشـپـىـيـاتـچـى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان مەشھۇر كىشىلىرىمىزنىڭ ھېكمەتلىرىگە ۋە يۈرەك سۆزلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ پەردە ئارقىسىدا مۇئەللىمدىن ئىبارەت پۈتكۈل ئۆمرىنى ئەۋلاد تەربىيىلەش ۋە باشقىلارغا بىلىم بېـرىـش بـىـلەن ئۆتكۈزگەن تولىمۇ ئاددىي-ساددا ۋە مېھنەتسىز ياشايدىغان ئۇلۇغ بىر ئىنساننىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز.

شـۇنداق، ئوقۇتقۇچى بالا تەربىيىلەش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ

قەلب ئىچىدىكى مۇۋەپپەقىيەت ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ ھەم ئۇنى ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن پەرۋىش قىلىپ ئاسرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەلگۈسىدە ئەنە شۇ ئۇرۇقلار بىخ سۇرۇپ، جەمئىيەت ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ھوسۇلغا ئايلىنىدۇ-دە ئىنسانىيەت دۇنياسى ئۈچۈن بەخت يارىتىدۇ. مانا مۇشۇلاردىن شۇنى تولۇق ھېس قىلىشقا بولىدۇكى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى تۆھپىسى ھەقىقەتەن زور. شائىر تۆمۈر داۋامەت ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلارنىڭ مانا شۇنداق ئۇلۇغلۇقىنى تولۇق بىلگەچكە بۇ شېئىرنى يېزىپ ئۇلارغا بولغان مەدھىيىسىنى بىلدۈرگەن، سەمىمىي كۆڭلىنى ئىزھار قىلغان.

شۇنداق، ئوقۇتقۇچى تولىمۇ سېخىي ۋە كەڭ قورساق ئىنسان. ئۇنىڭ قولىدىن ھەركىشىگە ياخشىلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ پەزىلىتى ھەرقانداق بىر ئادەمنى قايىل قىلىدۇ. بىز ھامان نېمىلا دېمەيلى ئۇستازلارنىڭ ئەجرىنى، ۋەتەن خەلق ئۈچۈن تۆھپىسىنى ماختىماي، ئۇلارغا بولغان رەھمىتىمىزنى بىلدۈرمەي تۇرالمايمىز. بىزنىڭ دىلىمىز ھامان ئۇلارنىڭ ئېسىل پەزىلەت، خىسلەتلىرى ئالدىدا ئېرىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ سەخىيىەتسىز تۆھپىسى مەڭگۈ قەدىرلىنىشكە ھەقلىق. بىز ئۇستازلارنىڭ ئەجرىنى ھامان قايتۇرۇپ بولالمايمىز. بىز مەڭگۈ ئۇنىڭغا قەرزدار! بۇ ھەقىقەتكە ھېچكىم كۆز يۇمالمايدۇ. ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلار جەمئىيەتتىكى ئەڭ قەدىرلىنىشكە ھەقلىق كىشىلەردۇر. خۇلاسىلىغاندا، شائىر تۆمۈر داۋامەت ئۆزىنىڭ: «مۇئەللىم سىز نامسىز قەھرىمان» ناملىق بۇ شېئىرىدا ئەدەبىياتىمىزدا ئۇزۇندىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ئۇستازنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، بىز ئۇنىڭ ئەڭ ئاددىي، ئاممىباب ۋە ئەڭ سەمىمىي، راست سۆزلىرىدىن ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلار ھەققىدىكى چوڭقۇر مەدھىيە

ناخشىسىنى ھېس قىلالايمىز. دېمەك، شائىر تۆمۈر داۋامەت ئۆزىنىڭ بۇ بىر پارچە قىسقا شېئىرى ئارقىلىق، پۈتكۈل «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى» بولغان ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلارغا ئۆزىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن بېرىپ، ئۇلارغا چىن دىلىدىن مەدھىيە ئوقۇغان. ئۇلارنى ئەڭ ئالىي ئىنسان، پەزىلەتلىك ئادەم، شەخسىيەتسىزلىك ئىگىسى، دەپ تونۇيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنى قەيت قىلىش ھاجەتكى، تۆمۈر داۋامەت گەرچە بىر يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر بولسىمۇ، لېكىن ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۇلارغا قەلب تۆرىدىن يۇقىرى ئورۇن بېرىدىغان كەمتەر ئادەم. ئۇ ئادەملەرنىڭ مەنسىپىگە، جەمئىيەتتىكى ئابرۇيىغا قاراپ مۇئامىلە قىلمايدۇ، بەلكى ئىلىم سۆيەر روھقا، جەمئىيەت ئۈچۈن قوشۇۋاتقان تۆھپىسىگە قاراپ باھا بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى شېئىرلىرىدا جەمئىيەت ئۈچۈن ئۈن-تىنسىز تەر تۆكۈۋاتقان ئەمگەكچان دېھقانلىرىمىزنىڭ، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتە تىرىشىپ ئىشلەۋاتقان كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى تەسۋىرلىنىدۇ. ئەنە شۇنداق ئاددىي ئادەملەرنىڭ ئاددىي بولمىغان تۆھپىسى مەدھىيىلىنىدۇ. دېمەك، تۆمۈر داۋامەت ئۆز قەلبىدىكى ئېسىل خىسلەتلەرنى شېئىرىي يول بىلەن ئىپادىلەپ، ھەربىر قەلب ئۈچۈن گۈزەللىك نۇرلىرىنى چاچىدىغان شائىردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تادرىسى
www.uyghurkitap.com

# 31. تەكرىتاغ مۇھەببىتى

## —«يۇرت مۇھەببىتى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا

شائىرنىڭ «يۇرت مۇھەببىتى» ناملىق شېئىرىدا، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ زېمىنغا—تەكرىتاغ ۋادىسىغا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى تەسىرلىك سىلىشتۇرمىلار ئارقىلىق چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن بولۇپ، شېئىردا، كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىدىكى ئۆز يۇرتىنىڭ سۆيگۈسىنى، ھەرقانداق گۈزەللىك ئاتا قىلغۇچىنىڭ سۆيگۈسىدىن ئۈستۈن قويىدىغان بىرخىل مۇقەددەس روھ جانلىق گەۋدىلىنىدۇ. ئالايلۇق، شائىر ئىنتايىن گۈزەل تاغ-دەريا، ئېگىز تاغلارنى كۆرگەن، دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر دەشت-چۆللەرنى كەزگەن، ئەڭ مەشھۇر يايلاقلارنى ئايلانغان، كۆپكۆك دېڭىز ساھىللىرىنى سەيلە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەلبىدە بۇ گۈزەللىكلەر قوزغىغان سۆيگۈ مۇھەببەت، تەكرىتاغ ئېتىكى ۋە ئۇنىڭ تاغ-دەريالىرى، دەشت-چۆللىرى، گۈزەل يايلاقلىرى قوزغىغان سۆيگۈ-مۇھەببەتكە يەتمەيدۇ. شائىر دۇنيانىڭ زامانىۋى قۇچاقلىرىدا يۈرسىمۇ، يەنىلا ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ماكانىنىڭ ئىللىق قۇچىقىنى سېغىنىدۇ.

كونىلاردا: «ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس» دەيدىغان سۆز بار. ئۇيغۇر شېئىرىيىدە شائىرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى كۆپىنچە يۇرت-ماكانىنى سۆيۈش ھېسسىياتىدا تېخىمۇ كونكرېتلىقتا ئىگە قىلىپ ئىپادىلەپ كەلگەن ئىدى. بىز 18-ئەسىردىكى مەشھۇر لىرىك شائىر

نۆبىتىنىڭ: «خوتەننى» ناملىق شېئىرىغا ئوخشاش شېئىرلاردىن بۇنداق ئىپادىلەشنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئاجايىپ ئۈلگىلىرىنى كۆرىمىز. شائىر نۆبىتىنىڭ «خوتەننى» ناملىق رادىفلىق شېئىرىدىكى مىسرالاردا:

«باغقا ئوخشىتىپ خىيال قىل خوتەننى،
بېھىشتىنمۇ ئارتۇق بىل خوتەننى.»

دەپ يېزىپ، ئۆز يۇرتىنىڭ گۈزەللىكىنى دۇنيادىكى ھەرقانداق گۈزەل، ئاجايىپ مەنزىرىلەرگە، خىلمۇخىل مۆجىزىلەرگە تەڭ قىلمىغان ئىدى. شائىر تۆمۈر داۋامەت ئۆزىنىڭ بۇ شېئىرىدا، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزگە خاس بەدىئىي يۈكسەكلىك يارانقان. شائىر ئانا يۇرتىغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى، سېغىنىشىنى ئەڭ ئالىي ئورۇنغا قويغان. شېئىرىنىڭ ئاخىرىدا، شائىر: «ئەي ئانا دىيارىم، سەن مېنى ئۆستۈرگەن بۆشۈكۈم، قەلبىمدىكى توزىماس گۈلشەن» دەپ ئۆز سۆيگۈسىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق، تەسىرلىك ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

«يۇرت مۇھەببىتى» چىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى شېئىردۇر. شائىرنىڭ قەلب ساداسىنى، ئانا ماكانىغا بولغان قايناق ھېسسىياتىنى ئەمەلىي مىسال-كۆرۈنۈشلەر ئىچىدە گەۋدىلەندۇرۇپ بەرگەن. مەسىلەن:

مەن دېڭىزغا سالغانمەن نەزەر،
چىقىپ باققان ئېگىز تاغلارغا.
كەزگەن ئىدىم دەشتى-چۆللەرنى،
بارغان يايلاق، گۈزەل باغلارغا.

بۇ شېئىرىدا مەنىنىڭ ئىككىنچى بىر ئەلدە تۇرۇپ ئۆز ئانا يۇرتىنىڭ ھەربىر گۈل-گىياھىنى تۇتىيا بىلىپ ئەتىۋارلىغىنىنى قايناق ھېسسىيات، كۈچلۈك لىرىك تۇيغۇ، مول تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىپادىلەپ، «مەن»نىڭ ئانا يۇرتىنى چەكسىز سېغىنغانلىقىنى جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. شائىر بۇ مىسرالاردا يىراق سەپەرلەردە كۆرگەن تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى ئۆز يۇرتىنىڭ تاغ-دەريا، گۈل-گىياھ، دەشت-چۆللىرى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىدۇ. ئاندىن زامانىۋى يۇرت-شەھەرلەرنى ئايلانغانلىقىنى مۇنداق يازىدۇ:

بارغان يىراق ئارگېنتىناغا،
سان-فرانسىسكونى كۆرگەن ئىدىم مەن.
ئەنقەرەدە سەيلىلەر قىلغان،
ۋە چاۋشىيەندە يۈرگەن ئىدىم مەن.

ئۆزگە يۇرتلار رەڭدار ۋە گۈزەل،
كوچىلىرى گۈلىستان سۈپەت.
ئۆزگە ئەللەر ئىمارەتلىرى،
تىزما تاغدەك ئېگىز ۋە ھەيۋەت.

شائىر يۇقىرىقى مىسرالىرىدا باشقا يۇرت، باشقا ئەللەرنىڭمۇ ئۆزگىچە خاس گۈزەل ھەم چىرايلىق ئىكەنلىكىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ ۋە گۈزەللىكلەرگە ئىنسانىي قەلب بىلەن مەدھىيە ئوقۇغان. شائىر ئاشۇ گۈزەللىكلەرنى تەسۋىرلەپ كېلىپ، ئۆز قەلبىدە دولقۇنلىغان، يۇرتىنى سېغىنىش

ھېسسىياتنى مۇنداق چىنلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

لېكىن قانداق يەرگىلا بارسام،
تەڭرىتاغنى ئەسلىدىم ھامان.
مەيلى قانداق مەنزىرە كۆرەي،
ئۆز يۇرتىنى سېغىندى بۇ جان.

يۇقىرىقى مىسرالاردىن بىز شائىرنىڭ ئۆز ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ باشقا ئەللەردە يۈرگەن چاغلىرىدا، مەيلى ھەرقانداق گۈزەل يەرلەرنى كۆرسۇن، مەيلى ئاۋات باياشات زامانىۋى يەرلەردە بولسۇن، يەنىلا ئۆز يۇرتىنى سېغىنىش ھېسسىياتىنىڭ ئەڭ چىن ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى، بۇ ھېسسىياتنىڭ باشقا ئەللەرنىڭ گۈزەللىكىدىن پەيدا بولغان شادلىقلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن چوڭقۇرلۇقىنى، مەڭگۈلۈكلىكىنى كۆرىمىز. شائىر كېيىنكى مىسرالاردا بۇ خىل ھېسسىياتنى تېخىمۇ كونكرېت ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ھەر دەقىقە ھېس قىلغىنىم شۇ،
يۇرتۇم سۈيى شېرىن ھەسەلدەك.
ئادەملىرى يېقىملىق شۇنچە،
ھاۋاسى ساپ ئىپاردىنمۇ بەك.

يۇرتۇم، يۇرتۇم ئانا دىيارىم،
سەن بۆشۈكسەن مېنى ئۆستۈرگەن.
سەپەر قىلسام بولسەن يەلكەن،
قەلبىمدە سەن تونىماس گۈلشەن.

www.uyghurkitap.com

دېگەن مىسرالاردا، شائىرنىڭ ئۆز يۇرتىغا — تەڭرىتاغ ۋادىسىغا بولغان ئوتلۇق مېھىر-مۇھەببىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەمما شائىرنىڭ بۇنداق ئىچكى تەسىراتلىرى شېئىردا ھەرگىزمۇ ئابستراكت ھالدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەمەس. بەلكى شائىر ئۆزىنىڭ چەت ئەللەردىكى ئەمەلىي سەپەر، زىيارەتلەردە بولۇش جەريانلىرىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق كونكرېت، تەسىرلىك يورۇتۇپ بەرگەن. شېئىرنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر كىتابخان شېئىردىكى تەسىراتنىڭ چىنلىقىدىن تەسىرلەنمەي قالمايدۇ.

شائىرنىڭ بۇ شېئىرى يۇرت كۈيلەنگەن، يۇرت ئۇلۇغلانغان بىر ئېسىل شېئىر بولۇپ، شېئىردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يۇرت ھەققىدىكى پىكىر ۋە ھېسسىيات كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ. شائىر بۇنداق پىكىر ۋە ئىدىيىنى قۇرۇق مەدھىيە سۆزلىرى ياكى ھاياجانلىق ئىنتوناتسىيىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئانا ماكانىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ھاسىل قىلغان ھېسسىيات بىلەن، باشقىلارنىڭ گۈلىستان سۈپەت، ھەيۋەتلىك كوچا ۋە ئىمارەتلىرى ھاسىل قىلغان تەسىراتلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن شېئىرنىڭ تەسىرچانلىقى تېخىمۇ كۈچەيگەن.

شېئىرنىڭ تىلى ئاددىي، چۈشىنىشلىك، ئاممىباب، ھېسسىياتلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا باشقىلار چۈشىنەلمىگۈدەك دەبدەبىلىك سۆزلەرمۇ يوق. ئۇنى ئوقۇغان كىشى ناھايىتى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايدۇ. شېئىردا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى ئىنتايىن جايىدا قوللانغان بولۇپ، بۇ شېئىرنىڭ تېخىمۇ جانلىق، كۆركەم، كونكرېت بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. مەسىلەن، شائىر شېئىردا: «يۇرتۇم سۈيى شېرىن ھەسەلدەك»، «ھاۋاسى ساپ ئىپاردىنمۇ بەك»، «يۇرتۇم، يۇرتۇم، ئانا دىيارىم»، «سەن

بۆشۈكسەن مېنى ئۈستۈرگەن» دېگەن مىسرالىرىدا ئوخشىتىشلارنى ناھايىتى جايىدا قوللانغان بولسا، «گۈزەل باغلار»، «ئېگىز تاغلار» دېگەن سۆزلەردە سۈپەتلەشلەرنى ناھايىتى ئورۇنلۇق ئىشلەتكەن. سىلىشتۇرۇش شائىرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، پۈتۈن شېئىردىكى يۇرت مۇھەببىتى سىلىشتۇرۇش ۋاسىتىسى ئارقىلىق تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن.

دېمەك، شائىر شېئىرىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى گۈزەل، ھەشەمەتلىك جايلارنى ئۆز ھېسسىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۈيلىگەن، مەدھىيىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئەزىزانە يۇرتىنى، يۇرتقا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى ئارقىلىق ئاشۇ گۈزەل يىراقلاردىكى زېمىنلاردىن ئەزىز كۆرگەنلىكىدەك يۇرتقا بولغان چوڭقۇر سېغىنىشىنى ئىپادىلىگەن. ھەممىمىزگە مەلۇم، ھەرقانداق بىر ئىنسانىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتىغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتى ئۆزگىچە بولىدۇ.

شېئىردىكى يۇرت، يۇرتقا بولغان مېھىر-مۇھەببەت ھەققىدىكى پىكىر ۋە ھېسسىيات ئادەمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. شائىر ئانا يۇرتقا بولغان سۆيۈش ھېسسىياتىنى ھەرگىزمۇ مۇنداقلا ئاددىي سۆز-ئىبارىلەر بىلەنلا مەدھىيىلەپ قويمىغان، يۇرتقا بولغان مۇھەببىتىنى قۇرۇق كۈيلەشلەر بىلەنلا بولدى قىلماي، بەلكى ھەقىقىي بىر يۇرت ئوغلىغا خاس ۋىجدان، غۇرۇر بىلەن يۇرتىنىڭ تاغ-دەريالىرىنى، گۈزەل مەنزىرىلىرىنى شۇ ئارقىلىق تەڭرىتاغ باغرىدا ياشاۋاتقان، ئانا يۇرت باغرىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كىندىك قېنى مانا مۇشۇ ئەزىز تۇپراققا تۆكۈلگەن بىر ۋەتەنپەرۋەر شائىرنىڭ قەلبىدىكى يۇرتقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

شېئىردا تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق تىلنىڭ ئاددىي، ئىخچام، ئوبرازلىق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شائىرنىڭ يۈرىكىدە ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان يۇرتقا بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى، ئىنچ-ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ھەقىقىي بىر شائىرغا خاس يۇرتنى سۆيۈش، قەدىرلەش ھېسسىياتى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

شائىر شېئىردا ئۆز ئانا يۇرتى بىلەن باشقا ئەللەردىكى گۈزەل، ھەشەمەتلىك جايلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، مەيلى قانچىلىك گۈزەل تاغ-دەريالىق جەننەت كەبى ئەللەرنى كۆرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئانا دىيارىمىز تەڭرىتاغ باغرىنىڭ بىر تال گىياھى، بىر چىمدىم توپىسىنى سېغىنىش ھېسسىياتىنىڭ شۇ گۈزەل جايلارنىڭ ھۆزۈرىدىن ئۈستۈن بولغانلىقىنى، ئانا يۇرتتىن ئايرىلىپ، يىراق جايلارغا سەپەر قىلغاندا ئۆز ئانا دىيارىنى، مۇنبەت تۇپراقنى ئەسلىگەندە، يۈرىكىدە سېغىنىش ئوتى ياندىغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ.

شائىر «يۇرت مۇھەببىتى» ناملىق بۇ شېئىرى ئارقىلىق، بۇ ئانا ماكانىنىڭ گۈزەل تاغ-دەريالىرىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلىگەن. شۇنداقلا ئانا تۇپراقنى، سۆيۈملۈك ئانا ماكانىنى سۆيۈش، قەدىرلەش، ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ بۇرچى، ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن.

# 32. مۇقام مۇھەببىتى

## — «دۇنياغا يۈزلەنسۇن مۇقام» ناملىق شېئىرلىرى توغرىسىدا

ئەدىب تۆمۈر داۋامەتنىڭ، خەلقىنىڭ مۇقام سەنئىتىگە بولغان مۇھەببىتى ئىنتايىن چوڭقۇر. ئەدىبنىڭ شېئىرلىرىدا مۇقام توغرىسىدىكى تەسۋىرلەر خېلى كۆپ كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئەدىب ئۆز خەلقىنى، ئۆز يۇرتىنى تەسۋىرلىگەندە، ئۇنىڭدا ياڭرىغان مۇقام كۈيىنى ئالدى بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئۆز يۇرتىنى «مۇقام يۇرتى» دەپ تەسۋىرلىسە، خەلقىنى «مۇقام ئەھلى» دەپ ئاتايدۇ. مۇقامنىڭ ئۆزىنى «شادلىق، تەنتەنە كۈيى» دەيدۇ. دېمەك، ئەدىب مۇقام تەسۋىرىنى ئۆز شېئىرلىرىغا كەڭ سىڭدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مۇقامغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى نامايان قىلغان.

ئەدىبنىڭ مۇقام شەرىپى، مۇقام مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن شېئىرلىرىدىن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغانلىرىدىن 1988-يىلى يازغان: «دۇنياغا يۈزلەنسۇن مۇقام»، 1989-يىلى يازغان: «مۇقام ئىلھامى»، 1993-يىلى يازغان: «زەرەپشان بويىدا شادلىق» قاتارلىق شېئىرلىرى بار.

ئەدىب: «دۇنياغا يۈزلەنسۇن مۇقام» ناملىق شېئىرىدا مۇقامنىڭ ئۆز يۇرتى— تەكرىتاغنىڭ پەخرى ئىكەنلىكى، ئۆز يۇرتىنىڭ مۇقام بىلەن دۇنياغا مەشھۇر ئىكەنلىكىنى ئىپتىخارلىق ھېسسىيات ئىلكىدە تىلغا ئالىدۇ. مەسىلەن، ئەدىب ئۆز شېئىرىدا

مۇنداق يازىدۇ:

تارقاتتىڭلار،
ۋەتەننىڭ داڭقىنى ھەر يان.
شىنجاڭغا كەلتۈرۈپ شەرەپ-شان،
ئېيتىمەن سىلەرگە تەشەككۈر،
تەبرىكلەپ شادىمان.

ئەدىب مۇقامنى خاس سەنئەت نۇقتىسىدىن تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ھالقىپ، ئۇنى ئۆز خەلقىنىڭ تارىخى بىلەن زىچ باغلايدۇ. شۇنداق، مۇقام خەلقىمىزنىڭ نەچچە ئەسىرلىك ئەقلىي-بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ، ئويلىنىشىنىڭ مەھسۇلى، ئۇنىڭغا خەلقىمىزنىڭ ھاياتى، تۇرمۇشى، ھەقىقەتنى ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىشى سىڭگەن. ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ ئۆز تارىخىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ھايات ھېكمەتلىرى، دۇنيا قارىشى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ياخشىلىق، ئىزگۈلۈك، پاكلىق كۈيلىنىپ، ئىلغارلىق ئۇلۇغلىنىدۇ. ئۈمىد ۋە ئىشەنچ كۈيلىنىدۇ. ھاياتقا، تۇرمۇشقا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا ھېكمەتلەر سۆزلىنىدۇ. ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچى نامايان قىلىنىدۇ. بىز ئەدىبنىڭ: «مۇقام ئىلھامى» ناملىق شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالاردىن بۇ خىل چۈشەنچىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلىمىز:

باغلاردىن، ئۆيلەردىن ئاڭلىنار مۇقام،
مىڭ يىللىق ئۆتمۈشكە باشلاپ پىكرىنى.
ئاھاڭلار سۆزلەيدۇ، تارىخ-ھاياتنى،
ئۇتتۇقنى، ساۋاقنى، سىرنى، سېھرىنى.

دېمەك، ئەدىب بۇ شېئىرىدا، مۇقامنىڭ خەلقىمىزنىڭ تارىخىي ھايات جەريانلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن ئەقىل دۇردانىلىرى بىلەن ھايات كەچۈرمىشلىرى ئۆزئارا زىچ بىرلىشىپ كەتكەن ھاياتلىق دەستۇرى ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ بېرىش بىلەن بىرگە يەنە، مۇقامدىن خەلقىمىزنىڭ گۈزەل كېلەچەك يارىتىش غايىسى ۋە ئىستىكىنىڭمۇ يالقۇنلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئەدىب «زەرەپشان بويىدا شادلىق» ناملىق شېئىرىدا، مۇقام ئۇستازى ئامانىساخاننىڭ زەرەپشان بويىدا— يەركەندە ھەيكىلىنىڭ تۇرغۇزۇلغانلىقىغا تەنتەنە قىلىدۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ مۇقامنىڭ يېڭى باھارىغا بولغان قىزغىن ئالقىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئېتىزدا، چۆلدە، يايلاقتا مۇقام ئېيتىلمىغان كۈن يوق،
مۇقام بايلىق، مۇقام شەربەت، مۇقام دەريا-قىيان شۇنچە.

ئەدىبنىڭ مۇقام ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرى ھەم قارىشى چوڭقۇر ۋە ئىلمىي. ئەدىب ئۆز شېئىرلىرىدا مۇقامنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنى كۈيلىگەندە، مۇقامنىڭ دىللارنى سۆيۈندۈرۈپ، كۆڭۈللەرنى شادلاندۇرىدىغان سەنئەتلىك خۇسۇسىيىتىنى سۆزلەش بىلەن بىرگە، تېخىمۇ ئىلمىي نۇقتىدىن تەپەككۇر قىلىپ، مۇقامنى: «بىلىم خەزىنىسى»، «بىلىم قامۇسى» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئەدىبنىڭ بۇنداق تەسۋىرلىشى ئېنىقكى، دۇنيا خەلقى ئالدىدا مۇقامنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. مۇقامغا يېڭى بايقاش، يېڭى قىزغىنلىق بېغىشلايدۇ.

ئەدىبنىڭ مۇقام ھەققىدىكى ئىلمىي تونۇشى مۇنۇ مىسرالاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان:

www.uyghurkitap.com

مۇقام—داستان، مۇقام—قامۇس، مۇقامدا بار بىلىم تەگسىز،
ناۋالار ئەۋجىدە، تارىخ-كەچمىشلەر ئايان شۇنچە.

بىز بۇنداق مىسرالاردىن مۇقامغا بولغان ھاياجىنىمىزنى باسالماي قالىمىز. مۇقامنىڭ خەلقىمىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇيمىز.

دەرۋەقە، خەلقىمىز مۇقامسىز ياشىيالمايدۇ. ئانا يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ «ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن نامىمۇ، خەلقىمىزنىڭ ئاشۇ مۇقامنى يادرو قىلغان ناخشا-ئۇسسۇلغا ئىنتايىن ماھىر خەلق ئىكەنلىكىدىن تارالغان. خۇددى ئەدىب ئۆز شېئىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، خەلقىمىزنىڭ باغلىرىدىمۇ، ئۆيلىرىدىمۇ مۇقام كۈيى ياڭراپ تۇرىدۇ. خەلقىمىز مۇقام ئېيتىپ، ئۆتمۈش زاماندىكى ئادالەتسىزلىك، ھەققانىيەتسىزلىكلەرنى تەنقىدلەپ، ھايات ھەقىقەتلىرىگە بولغان تەلپۈنۈشىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇقام ئېيتىپ، پاك مۇھەببەتنى، گۈزەللىكنى ۋە بۈگۈنكى بەختىيار زاماننى كۈيلەيدۇ. مۇقام ئېيتىپ، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقنى، ئۆزئارا دوستلۇقنى، ئۆزئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مۇقامنىڭ بۇنداق ئىجتىمائىي قىممىتى ئەدىبنىڭ مۇقام توغرىسىدا يازغان شېئىرلىرىدا چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن بولغاچقا، بۇ شېئىرلار ئوقۇرمەنلەرگە كۈچلۈك تەسىر قىلىدۇ.

ئەدىب تۇمۇر داۋامەتنىڭ مۇقام مۇھەببىتى يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن چوڭقۇركى، ئۇ مۇقامنى خەلقنى سۆيۈش ھېسسىياتى بىلەن باشتىن-ئاخىر بىردەكلىكتە قويۇپ سۆيىدۇ. مۇقام خەلقنىڭ روھىي بايلىقى بولغاچقا، ئەدىبنىڭ نەزىرىدە مۇقام سۆيگۈسى خەلق سۆيگۈسىنىڭ جانلىق ھەم كونكرېت ئىپادىسى ئىدى. ئەدىب،

خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئەكس ئەتكەن نۇرغۇن شېئىرلىرىدا خەلقىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى ھەمىشە مۇقام تەنتەنىسى بىلەن جانلاندۇرۇپ تەسۋىرلەيدۇ. خەلققە بولغان مۇھەببىتىنى مۇقام مۇھەببىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىدۇ. نەتىجىدە ئەدىبىنىڭ شېئىرلىرى ھېسسىياتقا تويۇنغان، ئوبرازچانلىقى كۈچلۈك شېئىرلارغا ئايلانغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە ئىدىيىۋىلىكىمۇ چوڭقۇر شېئىرلار بولىدۇ.

شائىرنىڭ يۇقىرىقى شېئىرلىرى ھېسسىياتلىق ۋە جاراڭلىق بولۇپ، كىتابخانغا يۇكسەكلىك سېزىمى ئاتا قىلىدۇ. شېئىرلارنىڭ تىلىمۇ راۋان ھەم رىتىمدارلىققا ئىگە بولۇپ، شېئىري پىكىرنى ئوبرازلىق گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.